ھەقىقەتنىڭ ئىپلانى

[الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur]

پەزىلەتلىك شەيخ رەھمەتۇللاھ ھىندىي

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:

نىزامىددىن تەمكىنى & لۇتپىيە ئەمىن

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2013 - 1434

IslamHouse.com

مختصر كتاب إظهار الحق

« باللغة الأويغورية »

الشيخ رحمت اللـه بن خليل الرحمن الهندي

ترجمة: محمد يوسف

مراجعة:

نظام الدين تمكيني & لُطفية أمين

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2013 - 1434

IslamHouse.com

مۇندەرىجە

تەرجىماندىن...04
مۇقەددىمە.. 13

بىرىنچى باب

كونا ۋە يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ ۋە ئەمەلدىن قالغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى 01

ئىككىنچى باب

ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادىنىڭ خاتالىقىنىڭ ئىسپاتى...120

ئۈچىنچى باب

قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر........................ 147

تۆتىنچى باب

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئالتە ھەقىقەتنىڭ بايانى.. 170

قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى(تەرجىماننىڭ ئىلاۋىسى)... 203

تەرجىماندىن

بسم الله الرحمن الرحيم

بارچە مەدھىيە ۋە ئەڭ مۇكەممەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا چەكسىز مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنى ماختايمەن. ھەق دىنىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كۇفرى، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ، ئىمان، ھىدايەت ۋە ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىخارلىق ئۇلگىسى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىزلەرگىچە يەتكۈزگەن ساھابىلىرىغا، شۇنداقلا تا قىيامەتكىچە ھەق يولدا يۈرگەن مۆمىنلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن ۋە سالام يوللايمەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان، تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەردە يولغا قويۇلغان ئېتىقاد ئەركىنلىكى شۇئارى ئاستىدا، ئىسلام دىنى قايتىدىن نۇر چېچىپ، مۇسۇلمان خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ مىڭ يىلدىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىسلامي ئېتىقادلىرىنى يېڭىدىن راۋاجلاندۇرۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، بۇ رايونلارغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن خىرىستىيان، يەھۇدىي ۋە باشقا تەرغىباتچىلىرى تەرەپ-تەرەپلەردە ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىنى تارقىتىپ، مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئىسلامي ئېتىقادىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلىقتىن چىقىرىش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشماقتا.

70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت دەۋر سۈرگەن كوممۇنىستىك رېجىمنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىسلام دىنىنىڭ دىنى ئېتىقاد پرىنسىپلىرىنى ئۆگىنىش ۋە

ئۆگىتىشتىن مەھرۇم قالغان، شۇنداقلا دىنى چۈشەنچىدىن يىراقلىشىپ قالغانلىقتىن قايسىسىغا ئەگىشىش ۋە نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي قايمۇقۇپ قالغان بۇ خەلقلەرنى چىرايلىق ۋەدىلەر، ۋاقىتلىق ماددىي ياردەملەر ۋە مەخسۇس تاكتىكىلار بىلەن، ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىش، ئاندىن بۇلارنى ئىسلامىي ئېتىقادتىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرۇپ، يېرىم يولدا تاشلاپ قويۇشتىن ئىبارەت رەزىل سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۇرسەت بولسىلا ھەرقايسى دىنلارغا، خۇسۇسەن خىرىستىيان دىنىغا چاقىرىدىغان دەۋەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ باتىل دىنىغا كىشىلەرنى تەرغىب قىلىدىغان بارلىق ۋاسىتە ۋە چارىلىرىنى قوللانماقتا ۋە مۇسۇلمانلارنى، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى مۇسۇلمانلىقتىن چىقىرىپ، ئۆز دىنلىرىغا چوقۇندۇرغىنىغا ئوخشاش بەزى نەتىجىلەرنىمۇ قازانماقتا. ئانا ۋەتەنىدىمۇ ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاز ئەمەس. ھەقىقەتەن بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان خەلقلەر ئۈچۈن، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، شۇنداقلا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئېچىنىشلىق بىر ئىشتۇر.

شۇنىمۇ ئېنىق بىلىش كېرەككى، مۇسۇلمانلارنى ھەرقايسى باتىل دىنلارغا چاقىرىۋاتقانلارنىڭ ئورتاق غايىسى، بۇ خەلقلەرنى ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىدىن قىلىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەلكى ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ بىرلەشكەن غايىسى ۋە ئورتاق مۇددىئاسى شۇكى، مۇسۇلمانلارنى پىكىر ۋە ئېتىقادىدا يېتىم قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇش، بۇ ئارقىلىق چاقماق تېزلىكىدە راۋاجلىنىۋاتقان ۋە كۈچلىنىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ كېلەچەكتە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دىنىغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرى مۇستەملىكىچى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ پىلانلىشى ۋە تەمىنلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا. چۈنكى ھازىر ئەڭ تېز تارقىلىۋاتقان ۋە پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنى

ئۆزىنىڭ ھەقلىقى ۋە ئەقىل مەنتىقىگە ئۇيغۇنلۇقى بىلەن قايىل قىلغان دىن بىرلا ئىسلام دىنىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا. ئىسلام دىنىنىڭ كۈنسېرى راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەردە تېخىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇنداق ۋەزىيەت ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك مەقسىدە بولغان بارلىق باتىل دىندىكىلەرنى ۋەھىمىگە سالماقتا ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. شۇڭا ئۇلار بۇ ئېقىمنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ھەرخىل نىقابلار ئاستىدا ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى سۇيىقەستلىرىنى يۈرگۈزۈشمەكتە. لېكىن ئۇلار بۇ سۇيىقەستلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئورتاق ئېتىقاد قىلىدىغان ھەق دىن ئىكەنلىكىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى ئالداپ، ئۇلارنى ۋاقىتلىق قايمۇقتۇرىدۇ، خالاس.

مۇسۇلمان ياشلىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ بۇ سىرلىق تۇزاقلىرىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىي ئېتىقادلىرىنىڭ نەقەدەر ئېسىل ھەم ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىغا بىر ۋاستە بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە «مۇسۇلمانلىق ۋە خىرىستىيانلىق» دېگەن ماۋزۇدا بىر كىتاب يېزىپ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندىم. خىرىستىيانلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان كىتابلىرىنى، جۈملىدىن «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لارنىڭ ئەرەبچە، تۈركچە ۋە باشقا يەرلىك تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. يازماقچى بولغان كىتابىمغا مەنبە ئىزدەپ ئىسلامىي كىتابلاردىن خېلى كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلدىم. شۇ جەرياندا ھىندىستانلىق ئاتاقلىق ئىسلام ئالىمى ئەللامە رەھمەتۇللاھ ھىندىينىڭ بۇ قىممەتلىك ئەسىرى بىلەن

تونۇشتۇم. مېنىڭ ئىزدىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئەسەردە تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا بەل باغلىدىم، بۇ ئىشقا مېنى مۇيەسسەر قىلغانلىقى ئۈچۈن جانابى ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈر ئېيتىمەن.

بۇ ئەسەر ئەسلىدە تۆت توملۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، 1989 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. 1994 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىياد شەھرىدىكى «پادىشاھ سەئۇد ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئۇستازى دوكتور مۇھەممەد ئابدۇلقادىر مەلكاۋىينىڭ قەلىمى بىلەن بۇ ئەسەر بىر تومغا ئىخچاملىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان «مەملىكەتلىك ئىسلامىي ۋەقىف، دەۋەت ۋە يېتەكچى ئىشلار مىنىستىرلىكى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئىخچاملانغانىدىن كېيىنكى نەشرى تۆۋەندىكى تۆت بابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - كونا ۋە يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ھەم ئەمەلدىن قالغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى.

2 - ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادىنىڭ خاتالىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى.

3 - قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە مۆجىزە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى.

4 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى.

بۇ ئەسەرنىڭ نامى «ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش؛ ھەقىقەتنى ئېچىش» بولۇپ، بۇ تەرجىمىدە «ھەقىقەتنىڭ ئېلانى» دەپ ئېلىندى.

بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىش تەرتىپى بويىچە، ئالدى بىلەن كونا ۋە يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ قەستەن ئۆزگەرتىلىشلەرگە ئۇرىشى نەتىجىسىدە ئىلاھى كىتابلىق خۇسۇسىيەتتىن چىقىپ كەتكەنلىكى ھەتتا ئادەتتىكى كىتابلارغا ئوخشاش بىر كىتاب بولۇپ قالغانلىقى توغرىلىق توختىلىدۇ. ئاندىن تەۋرات ۋە ئىنجىللار قانچىلىك كۆپ بۇرمىلىنىش ۋە قەستەن ئۆزگەرتىلىشلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ يەنىلا بەزى ھەقىقەتلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى يۈزىسىدىن بۇ كىتابلاردىكى قەپ قالغان سۆزلەرنى يەنى ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالغان ئاز ساندىكى ئىبارىلەرنى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق كىتاب ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئۈچۈن دەلىل ئورنىدا نەقىل قىلىدۇ.

بۇ ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانى مۇرەككەپ جەريان بولدى. بۇ كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تەۋرات ۋە ئىنجىل تېكىستلىرىنى ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەۋرات ۋە ئىنجىللارغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق، ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ چىقىپ ئاندىن تەرجىمە قىلدىم. تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىكى كىتابچىلارنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىكى ئىسىملارغا مۇۋاپىقلاشتۇردۇم. تۈركىي تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان تەۋرات ۋە ئىنجىللارنىڭ تېكىستلىرى «ئايەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ئەمما مەن تەۋرات ۋە ئىنجىللارنىڭ تېكىستلىرىنى «تېكىست» دەپ يازدىم. چۈنكى «ئايەت» سۆزى پەقەت ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگىلا قوللىنىلىدۇ. ھالبۇكى ھازىرقى تەۋرات ۋە ئىنجىل تېكىستلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاللاھنىڭ سۆزى دەپ پەرەز قىلىشقا بولمايدۇ. زۆرۈر تېپىلغان جايلارغا تىرناق ( ) ئىچىدە ئىزاھات بەردىم. بەزى جايلاردىكى ئىزاھاتلارنىڭ ئاخىرىغا (ت)

ئىشارىتى قويۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدىم. كىتابخانىلارغا تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن بۇ ئەسەردە ئىجمالىي بېرىلگەن تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ئىشەنچلىك تارىخ كىتابلىرىغا ئاساسلانغان ھالدا كېڭەيتتىم. بۇ ئەسەرنىڭ ئۆز ئەينىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن دىققەت ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆردۈم.

جانابى ئاللاھتىن بۇ ئەسەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇشىنى ۋە بۇ ئاددىي مېھنىتىمنىڭ ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىشىنى سورايمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ.

مىلادىيە 2000- يىلى 6- مارت.

ھىجرىيە 1420- يىلى 1- زۇلھەججە.

ئالمۇتا- قازاقىستان.

تەرجىماندىن ئىككىنچى نەشرگە سۆز

بسم الله الرحمن الرحيم

ئەڭ گۈزەل ماختاشلار ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىشچىسى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن يۈرەكتىن مەدھىيىلەيمەن، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىننى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت ـ سائادەت تىلەيمەن.

خىرىستىيان دىنىنىڭ دىن تەرغىبات ھەرىكىتى يىلدىن يىلغا ئەۋجگە چىقماقتا. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، دۇنيادىكى خىرىستىيانلىق تەرغىباتچىلىق ھەرىكىتى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىغا ئوخشىغان مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ، باشقىلارنى قۇل قىلىش پىلانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنى ئۆزلىرىگە بېقىندى بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن، ۋاستە قىلىپ قوللىنىپ كەلمەكتە.

خىرىستىيان دىن تارقاتقۇچىلىرى دۇنيانىڭ ھەممىلا جايلىرىدا ئىقتىسادقا تايىنىپ ئىش ئېلىپ بارماقتا. ئۇلا يوقسۇللارنى ئىقتىساد بىلەن ئالداپ ئۆز ئەقىدىسىنى ئۇلارغا تاڭماقتا. مەيلى ئۇيغۇر دىياردا بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل مۇسۇلمان جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولسۇن، مەيلى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە بولسۇن، خىرىستىيانلىق ھەرىكىتىنىڭ بۇ تۇزىقىغا چۈشكەن ئۇيغۇرلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن چوڭ قولدىن بېرىش ۋە چوڭ زىيانكارلىقتۇر.

دۇنيادا ھەر قانداق بىر دىن ئەھلى باشقىلارنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلىدۇ ۋە ئۆز دىنىنىڭ نوپۇزىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيادا ھازىر كىشىلەرنى ئەڭ قايىل قىلىپ كېلىۋاتقان، بىرلا ۋاقىتتا ئەقىل بىلەن ۋىجدانغا خىتاپ قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن مەھكەم ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان، ئەقلى جايىدا، ۋىجدانى ئويغاق ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەشكە رەسمىي ئاتلانغان كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەڭ تېز جەلپ قىلىۋالىدىغان بىرلا دىن، ئىسلام دىنىدۇر.

شۇ سەۋەبتىن يېقىنقى بىر قانچە ئون يىلدىن بىرى ھەر قايسى تەبىئىي پەن ساھەسىدە تونۇلغان مۇتەخەسسىسلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە ھازىرمۇ بۇ ئەھۋال داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ «بىز ئىزدىگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىدا تاپتۇق، ھەقىقىي سائادەتكە ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئەمدى چىقتۇق»دېگەنلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىلنى قەدىرلەيدىغان، ئەقىلغا بىۋاستە خىتاب قىلىپ، ۋىجداننى ئويغىتىدىغان، ئىنسانغا مۇشۇ دۇنيادىلا جەننەتنى ھېس قىلدۇرىدىغان سائادەت بېغىشلىغۇچى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك.

ئەمما ئىقتىسادنىڭ كۈچى ۋە مەخسۇس چېنىقتۇرۇلغان تەرغىبات ئۇسۇلى بىلەن ئاۋۋال يوقسۇللارنى، ئائىلە تەربىيەسى ياخشى بولمىغانلىقتىن ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلمەي قايمۇقۇپ قالغانلارنى، ئۆز دىنىنى چۈشەنمىگەنلەرنى، چارىسىزلارنى، ياردەمگە مۇھتاجلارنى ئەڭ تېز ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتقان بىرلا دىن-خىرىستىيان دىنىدۇر.

دېمەك، باشقا دىنلاردىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر ئاڭ ۋە ئەقىلنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئەمما ئىسلامدىن ياكى باشقا دىنلاردىن خىرىستىيان دىنىغا كىرگۈچىلەر، ئىقتىسادنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كىرمەكتە. چۈنكى خىرىستىيانلىق پۇلغا ۋە ئىقتىسادقا تايانسا، مۇسۇلمانلىق ئەقىلگە ۋە ئىلىمگە

تايىنىدۇ. شۇڭا خىرىستىيان تەرغىباتچىلىرىنىڭ قورالى پۇل بىلەن سىياسەت، ئەمما مۇسۇلمان دەۋەتچىلىرىنىڭ قورالى ئەقىل بىلەن ئىلىم بولۇپ كەلمەكتە.

ئىنسان ئەقىللىق يارىتىلغان بىر مەخلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھاياتىدىكى پۈتۈن ئىشلاردا ئەقىل ۋە ئىلىمنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئىش كۆرىدۇ. ھەممە ئىشتا ئەقىل ئىشلىتىپ، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈش ئىنساننىڭ خىسلىتىدۇر. ئەقىل مۇشۇنداق مۇھىم ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان تۇرغان يەردە، ئادەمنىڭ جەننىتى ياكى دوزىخى بولۇپ كېتىشىنى قارار قىلىدىغان، دىن تاللاش ئىشىدا ئەقىلغا تايانماستىن، ئەقىلنى چىقىش قىلماستىن، پەقەت ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى، مال-دۇنيانى ۋە باشقا ھەرقانداق بىر پايدىنى كۆزلەپ ئىش كۆرۈش، ھەقىقى ئىنسانى ئىستەك بىلەن ياشىغۇچى ئىنساننىڭ شەنىگە لايىق ئەمەس.

شۇ ھەقىقەتنى قەتئىي ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئەقىدە ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق، ئەڭ ئەھمىيەتلىك جەۋھەر ۋە ئادەمنى باشقا جانلىقلاردىن ئايرىپ تۇرغان بىردىنبىر ئۆزگىچىلىكتۇر. شۇڭا ئەقىدە پۇلغا سېتىپ ئېلىنمايدۇ، زورلاپ تېڭىلمايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاسان ۋاز كېچىلمەيدۇ.

ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىرىستىيان تەرغىباتچىلىرىنىڭ باشقىلارنى خىرىستىيانلاشتۇرۇش ئىشىدا جىددىي ئىشلەۋاتقانلىقى، شۇنداقلا ھىندىستاندا، بېنگالدا، خىتايدا، ئۇيغۇر دىيارىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەردە، ئافرىقا دۆلەتلىرىدە ۋە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىگە بېرىپ پاناھلانغۇچىلارغا، خىرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خىرىستىيانلاشتۇرۇش، مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ مەلۇم دەرىجىدە نەتىجىگە ئېرىششى، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىشى ۋە بۇ ئىشنىڭ ئىستىراتىگىيەسىنى سېزىپ بېرىشى ئارقىسىدا بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىقتىسادقا تايىنىپ، چىرايلىق سۆزلەرنى قوللىنىپ ئىرادىسى ئاجىز، ئەقىدىسى سۇس، ئىقتىسادقا ئېھتىياجى بار كىشىلەرنى سېپىگە قوشۇپ

كەلمەكتە. ئەمما ئۇلار ئەقىللىق كىشىلەرنى ئاسانلىق بىلەن قايىل قىلالمايدۇ ۋە ئازدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. پەقەت يوقسۇللۇق، ئېھتىياج قاتتىق بولغاندا، بەزى ئەقىللىق ئادەملەرمۇ ئەقلىنى ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى يوقسۇللۇق ئەقىلنى يەيدۇ، تەپەككۇرنى ئۆلتۈرىدۇ. چۈنكى قورسىقى ئاچ ئادەم، قورسىقىدىن باشقا نېمىنى قانداقمۇ ئويلىيالىسۇن!.

خىرىستىيان تەرغىباتچىلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ يوقسۇللارنىڭ ئارىسىدا، بېنگال، ھىندىستان خىتاي ۋە ئافرىقىغا ئوخشىغان پېقىر دۆلەتلەردە ئىش ئېلىپ بېرىشىدىكى سەۋەب، كىشىلەرنىڭ مۇھتاجلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ئاز-تولا ياردەم قىلىپ قويۇش بەدىلىگە، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى سوغۇرۇپ ئېلىشتۇر. ئەقىدىسى ئېلىۋېلىنغان مىللەتنىڭ تىلغا ئالغۇدەك نېمىسى قالىدۇ؟!، ئۇلار كېلەچەك ئەۋلاتلارغا نېمىسىنى قالدۇرالايدۇ؟!.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! باتىل ۋاقىتلىق دەۋر سۈرگەن بىلەن، ھەقىقەتنىڭ ئاخىرى غەلىبە قىلىدىغىنى كەسكىن ھەقىقەتتۇر. قولىڭىزدىكى«ھەقىقەتنىڭ ئېلانى» ناملىق بۇ ئەسەر 2006-يىلى ئىستانبۇلدا تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغان ئىدى. يېقىندا ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، بۇ كىتابنىڭ قايتا بېسىلىشىنى تەلەپ قىلىش تۈرتكىسى ئاستىدا، ئىككىنچى قېتىملىق نەشرگە تەييارلاندى.

جانابى ئالللاھ تائالادىن بۇ ئىشنى خالىس ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ.
مىلادىيە 2013-يىلى ئاپرىلنىڭ 3-كۈنى.

ھىجرىيە 1434-يىلى 28 - جامادىيەل ئەۋۋەل

جىددە- سەئۇدى ئەرەبىستان.

ئێککسنچی نەشری

مۇقەددىمە

گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھغا خاستۇر، ئاللاھنى مەدھىيىلەيمەن، ئۇنىڭغا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلىمەن. نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، ناچار ئەمەللىرىمدىن ئاللاھغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىغۇچى مەدەتكار يوقتۇر، ئاللاھنى ھىچ شېرىكى يوق يەككە يېگانە دەپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئاللاھتىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بارلىق ياخشى كىشىلەرگە كۆپلەپ رەھمەت ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن.

ئەسكەرتىش زۆرۈر بولغان بەزى مەسىلىلەر:

1 ـ خىرىستىيان دىنى پىروتېستانت مەزھىپى ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرىدىن ئېلىنغان نەقىللەر كۆپىنچە ئېتىقاد مەنىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇيرۇق مەنىسى بىلەن كەلگەن. (خىرىستىيانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مەشھۇر مەزھەپلىرى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: ئورتودوكس، كاتولىك ۋە پىروتېستانتلاردۇر ـ ت).

2 ـ پىروتېستانتچىلار ئۆز كىتابلىرىنى مەزمۇن جەھەتتە قىسقارتىش، ئۆيىدۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭىلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ بۇرۇنقى نەشرىلىرى بىلەن كېيىنكى نەشرىلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ ئوخشاشماسلىقلار ۋە زىتلىقلار مەۋجۇت. كىتابخانلار بۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

3 ـ بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى پەيغەمبەرلەر ھەققىدە توقۇلغان قىسسىلەرنى خاتا ياكى ئويدۇرما دەپ قاراش جائىزدۇر. چۈنكى بۇ قىسسىلەر ساماۋى كىتابقا كىرگۈزۈۋېلىنغان ئويئوچۇق ئويدۇرمىلاردۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەس، شۇڭا بۇنداق قىسسىلەرنى ئىنكار قىلىش ياخشىدۇر.

4 ـ خىرىستىيان ئالىملىرىنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇلار ئىسلامدىكى بەزى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرىدىن كۆچىسىز، ئېتىبارسىز تەبىرلەرنى نەقىل قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان كىشى مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچىسىز، يېتەرسىز دەلىللەرگە تولغان كىتابلار دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ. ھالبۇكى ئۇلار مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارلىق بولغان ئىبارىلەر ۋە دەلىللەرنى قايرىپ قويىدۇ. مۇنداق ھەق سۆزلەرنى ئۇلار ئېغىزلىرىغىمۇ ئالمايدۇ، ئىشارەتمۇ قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ئېتىبارلىق ئەسەرلىرىدىن نەقىل ئالغاندىمۇ ئۇلار بۇ نەقىللەرنى ئۆزگەرتىش ياكى قىسقارتىش ئارقىلىق خىيانەت قىلماي قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئادىتى ئۆزلىرىمۇ ئىنكار قىلالمايدىغان ئەڭ قەبىھ ئادەتتۇر ۋە قارشى تەرەپنىڭ پىكىرلىرىنى نەقىل قىلىشتىكى ئىلمى ئامانەتچىلىككە ھەم زىتتۇر. خىرىستىيان دوكتور فېندىر ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ 1854 ـ يىلدىكى ئەللامە رەھمەتۇللاھ ھىندىي (مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى) بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇنازىرىسىنى، يۈزدە-يۈز ئۆزگەرتىش بىلەن ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلدۇرغان. دوكتور فېندىر يەنە باشقا ئەسەرلىرىدە قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئۆز خاھىشىغا كۆرە تەپسىر قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە ئۆزى قارشى چىقىپ رەددىيە بەرگەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەڭ توغرا تەپسىر مۇسۇلمانلارنىڭ تەپسىرلىرى ئەمەس، بەلكى يالغۇز ئۆزىنىڭ تەپسىرىدۇر.

ھالبۇكى ئۇ ئەرەب تىلىنى ۋە قۇرئاننىڭ تەپسىر ئىلىملىرىنى بىلمەيدىغان جاھىلدۇر. شۇڭا ئۇ ئېتىبارسىز تەپسىرلەرنى نەقىل قىلىپ ئېلىپ، مۇسۇلمان مۇپەسسىرلىرىنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقى بىلەن كۈچكە ئىگە قىلىنغان مەشھۇر تەپسىرلەرنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ.

بىرىنچى باب

يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرى ۋە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ دەلىللىرى

خىرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە سانى

خىرىستىيانلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان كىتابلىرى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

بىرىنچى تۈرى: ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېزىلغان كىتابلار بولۇپ، ئۇنى ئۇلار «كونا ئەھدە (يەنى تەۋرات)» دەپ ئاتايدۇ.

ئىككىنچى تۈرى: ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا كۆرە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن (ئاللاھتىن كەلگەن) ئىلھام بىلەن يېزىلغان كىتابلار بولۇپ، ئۇنى ئۇلار «يېڭى ئەھدە (يەنى ئىنجىل)» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇلار كونا ۋە يېڭى ئەھدىدىن ئىبارەت بۇ بىر يۈرۈش كىتابلىرىنى «بىبىل» (Bible) دەپ ئاتايدۇ. بىبىل گىرېكچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «كىتاب» دېگەنلىكتۇر. ئۇلار ھەر ئىككى ئەھدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلامنىڭ مۇقاۋىسىغا «مۇقەددەس كىتاب» دەپ يازىدۇ. (خىرىستىيانلار تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ھەممىسىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، يەھۇدىيلار تەۋراتقا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئىنجىللارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ۋە ئىنكار قىلىدۇ ـ ت).

كونا ئەھدە (يەنى تەۋرات) تۆۋەندىكى 39 كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى.

2 ـ چىقىش.

3 ـ لاۋىيلار (ئالىملار).

4 ـ سانلار .

5 ـ يارىلىش تەپسىلاتلىرى.

يۇقىرىدىكى بەش كىتابنى خىرىستىيانلار ۋە يەھۇدىيلار «مۇسانىڭ بەش كىتابى» دەپ بىلىپ، ئۇلارنى «تەۋرات» دەپ ئاتىغان. تەۋرات سۆزى ئىبرانىي تىلىدا «قانۇن، تەلىمات» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار ھازىر يۇقىرىدىكى بەش كىتابنى ۋە تۆۋەندىكى ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن قوشۇپ «تەۋرات» دەپ ئاتايدۇ.

6 ـ يۇشەئ (يۇشەئ ئىبنى نۇن).

7 ـ ھاكىملار.

8 ـ رائۇس.

9 ـ سەمۇئىل 1.

10 ـ سەمۇئىل 2.

11 ـ پادىشاھلار 1.

12 ـ پادىشاھلار 2.

13 ـ كۇنلەر خەۋەرلىرى 1.

14 ـ كۇنلەر خەۋەرلىرى 2.

15 ـ ئەزرا 1.

16 ـ ئەزرا 2 (نەھەمىيا).

17 ـ ئېستېر.

18 ـ ئەييۇب.

19 ـ زەبۇر (قىسسىلىرى).

20 ـ سۇلەيمان نەسىھەتلىرى.

21 ـ توپلام.

22 ـ غەزەللەر.

23 ـ ئىشئىيا.

24 ـ ئىرمىيا.

25 ـ ئىرمىيا مىراسى.

26 ـ ھىزقىيال.

27 ـ دانىيال.

28 ـ ھۇشەئ.

29 ـ يۇئىل.

30 ـ ئامۇس.

31 ـ ئۇبديا.

32 ـ يۇنان (يۇنۇس)

33 ـ مىيخا.

34 ـ ناھۇم.

35 ـ ھەبقۇق.

36 ـ سەفەنيا.

37 ـ ھەججەي

38 ـ زەكەرىيا.

39 ـ مەلاخى (مەلاخى- ئىسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن تەخمىنەن 420 يىل بۇرۇن ياشىغان پەيغەمبەر ئىدى.)

سامىرىيىلىكلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان بەش كىتاب بىلەن يۇشەئ ۋە ھاكىملار قاتارلىق يەتتە كىتابنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. تەۋراتنىڭ سامىرىيىچە نۇسخىسى يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىغا زىتتۇر. بۇ ئىككىسى يەنە ئۇنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىدا ئۇنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىدىن يەتتە كىتاب ئارتۇقتۇر. ئۇلار بۇ يەتتە كىتابنى «ئەلئەبۇ كىرىفا» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسىملىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ بارۇخ.

2 ـ تۇبىيا.

3 ـ يەھۇدىييەت.

4 ـ ۋەزدەم (سۇلەيمان ھېكمەتلىرى).

5 ـ ئىكلىزىياستېكىس (سىراخ ئوغلى يۇشەئ).

6 ـ مىكابىيلار 1.

7 ـ مىكابىيلار 2.

بۇنىڭ بىلەن تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسى جەمئىي 46 كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

ئەمما «بىبىل» مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئىككىنچى تۈرى بولغان يېڭى ئەھدە (يەنى ئىنجىل) ھازىر 27 كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئىنجىل مەتتا.

2 ـ ئىنجىل ماركوس.

3 ـ ئىنجىل لۇقا.

4 ـ ئىنجىل يۇھەننا.

ئىنجىل سۆزى ئەسلىدە گىرېك تىلىدىكى «ئىنكلىيۇس» ۋە قىبتى تىلىدىكى «ئىنكلىيۇن» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا بۇزۇپ قوللىنىلىشى ئىدى. ئۇنىڭ مەنىسى «بېشارەت، تەلىمات» دېگەنلىكتۇر.

خىرىستىيانلار يۇقىرىدىكى تۆت كىتابنىڭ توپلىمىنى «تۆت ئىنجىل» دەپ ئاتايدۇ. ئەسلىدە «ئىنجىل» ئاتالغۇسى يۇقىرىدىكى تۆت كىتابقىلا مەخسۇس

ئىدى. ئەمما ئۇلار ھازىر بۇ تۆت كىتابتىن باشقىمۇ پۈتۈن يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى «ئىنجىل» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

5 ـ ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى (ئىبرىكسىس).

6 ـ رىملىقلارغا مەكتۇپ.

7 ـ كورىنسۇسلىكلەرگە 1ـمەكتۇپ.

8 ـ كورىنسۇسلىكلەرگە 2ـمەكتۇپ.

9 ـ گالاتىيالىقلارغا مەكتۇپ.

10 ـ ئېفۇسۇسلىقلارغا مەكتۇپ.

11 ـ فىلىپپىلىكلەرگە مەكتۇپ.

12 ـ كولوسىيلىقلارغا مەكتۇپ.

13 ـ تەسالونىكىلىكلەرگە 1ـمەكتۇپ.

14 ـ تەسالونىكىلىكلەرگە 2ـمەكتۇپ.

15 ـ تىموساۋسلىقلارغا 1ـمەكتۇپ.

16 ـ تىموساۋسلىقلارغا 2ـمەكتۇپ.

17 ـ تىتوسقا مەكتۇپ.

18 ـ فليمونغا مەكتۇپ.

19 ـ ئىبرانىيلەرگە مەكتۇپ.

20 ـ ياقۇبنىڭ مەكتۇبى.

21 ـ پېترۇس 1ـمەكتۇبى.

22 ـ پېترۇس 2ـ مەكتۇبى.

23 ـ يۇھەننا 1ـمەكتۇبى.

24 ـ يۇھەننا 2ـمەكتۇبى.

25 ـ يۇھەننا 3ـ مەكتۇبى.

26 ـ يەھۇزا مەكتۇبى.

27 ـ يۇھەننا لاھۇتىنىڭ چۈشى

بۇنىڭ بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى «بىبىل» مۇقەددەس كىتابنىڭ ئومۇمىي سانى تۆۋەندىكىچە بولۇپ چىقىدۇ:

تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىغا ئاساسەن: كونا ئەھدە 39 + يېڭى ئەھدە 27 = 66 كىتاب.

تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىغا ئاساسەن: كونا ئەھدە 46 + يېڭى ئەھدە 27 = 73 كىتاب.

شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، مىلادىيەنىڭ 325 ـ يىلى شەرقىي رىم ئىمپېراتورى «قۇستەنتىن 1»نىڭ ئەمرى بىلەن، پۈتۈن خىرىستىيان ئالىملىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ئارقىلىق، شۈبھىلىك كىتابلارنى بىر تەرەپ

قىلىش ئۈچۈن «ىنقىيە» شەھىرىدە بىر چوڭ ئومۇمىي قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلگەن. قۇرۇلتاي ئەھلى خىرىستىيان دىنىنىڭ شۈبھىلىك دەپ قارالغان بىر قىسىم كىتابلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ چىققاندىن كېيىن، بۇ كىتابلاردىن «يەھۇدەت» ناملىق كىتابنىلا ئېتىراپ قىلىپ، باشقا 14 كىتابنى ئويدۇرما كىتابلار، بۇ كىتابلارغا ئېتىقاد قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارار قىلىپ، بۇ كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارىنى ئالغان. بۇ كىتابلار تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەستىر

2 ـ ياقۇبنىڭ مەكتۇپى

3 ـ پېتروس 2-مەكتۇبى.

4 ـ يوھەننا 2-مەكتۇبى.

5 ـ يوھەننا 3-مەكتۇبى.

6 ـ يەھۇزا مەكتۇبى.

7 ـ ئىبرانىيلەرگە مەكتۇب.

8 ـ ۋەزدەم (سۇلەيمان ھېكمەتلىرى).

9 ـ تۇبىيا.

10 ـ باروخ.

11 ـ ئىكلىزىياستېكس (يوشەئ ئىبنى سىراخ).

12 ـ مىكابىيلار 1.

13 ـ مىكابىيلار 2.

14 ـ يۇھەننانىڭ چۈشى (ۋەھىلەر)

بۇ ۋەقەلىك جىيىرۇم (مىلادىيە 420ـ يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ يەھۇدىيەت كىتابىغا يازغان مۇقەددىمىسىدە تولۇق ئىپادىلەنگەن.

ئارىدىن 39 يىل ئۆتكەندىن كېيىن مىلادىيەنىڭ 364 ـ يىلى خىرىستىيان ئالىملىرى لۇدىسىيە (لازىقىيە) شەھىرىدە بىر چوڭ قۇرۇلتاي ئېچىپ، بۇ قۇرۇلتايدا بۇرۇن (نىقىيە) شەھىرىدە ئېچىلغان قۇرۇلتايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان كىتابلاردىن بىردىن يەتتىگىچە بولغانلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، قالغان يەتتىسىنى خاتا ۋە ئويدۇرما دەپ ئېتىبارسىز قىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى قارار قىلغان.

ئارىدىن يەنە 33 يىل ئۆتكەندىن كېيىن مىلادىيەنىڭ 397 ـ يىلى خىرىستىيان ئالىملىرى كارتېج (ھازىرقى تۇنىس قولتۇقىغا جايلاشقان قۇرتاجە) شەھىرىدە يەنە بىر چوڭ قۇرۇلتاي ئېچىپ، ئۇنىڭدا بۇرۇنقى ئىككى قېتىملىق قۇرۇلتايدا خاتا، ئويدۇرما دەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئاخىرقى يەتتە كىتابنى توغرا، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش زۆرۈر دەپ قارار قىلىدۇ.

قۇرتاجە شەھىرىدىكى بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق قۇرۇلتاي بۇرۇنقى ئىككى قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىنى بۇزىدۇ ۋە شۈبھىلىك، ئويدۇرما دەپ قارالغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئېتىقاد قىلىش لازىم، بۇ كىتابلار ئومۇمىي خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە مەقبۇلدۇر، دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. بۇ ھۆكۈم مىلادىيە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى پىروتېستانت مەزھىپى بارلىققا كەلگەن ۋاقىتچىلىك 12 ئەسىر شۇ بويىچە داۋام قىلىپ كېلىدۇ. بۇ مەزھەپ

يەھۇدىيەت، ۋەزدەم، تۇبىيا، باروخ، ئىكلىزىياستىكلەر، مىكابىيلار 1، مىكابىيلار 2 قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىپ، ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ۋە ئەستىر كىتابى 16 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن توققۇز بابنى يەنى 1 ـ بابتىن 10 ـ بابنىڭ 3 ـ تېكىستىگىچە بولغانلىرىنى قوبۇل قىلىپ، باشقىسىنى يەنى 10 ـ بابنىڭ 4 ـ تېكىستىدىن 16 ـ بابىغىچە بولغانلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇ مەزھەپ يۇقىرىدىكى كىتابلارنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى مۇنداق چۈشەندۇرگەن:

1 ـ بۇ كىتابلارنىڭ ئىبرانىيچە ئەسلى نۇسخىلىرى يوقالغان. كېيىن تېپىلغىنى پەقەت ئۇنىڭ تەرجىمىسى ئىدى.

2 ـ ئىبرانىيلىق يەھۇدىيلار بۇ كىتابلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

3 ـ بۇ كىتابلار كۆپلىگەن خىرىستىيان ئالىملىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. بۇ كىتابلارنىڭ دۇرۇسلۇقىغا خىرىستىيانلارمۇ بىرلىككە كەلمىگەن.

4 ـ جىيروُن «بۇ كىتابلار دىنىي مەسىلىلەرنى قارار قىلىش ۋە ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك ئەمەس» دېگەن.

5 ـ كلوُس «بۇ كىتابلارنىڭ ھېچبىرى ئوقۇشقا ئەرزىمەيدۇ» دەپ ئېلان قىلغان.

6 ـ تارىخشۇناس ئالىم يۇسى بىيس «بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئۆيدۇرمىدۇر. خۇسۇسەن " مىكابىيلار 1 " ئۆپئوچۇق ئۆيدۇرمىدۇر» دەپ جاكارلىغان.

ئەسلى نۇسخىسى ھەرخىل ئۆزگەرتىلىشلەر ئارقىسىدا يوقالغانلىق سەۋەبتىن، مىڭلىغان خىرىستىيان ئالىمىنىڭ بىردەك كېڭىشى بىلەن

ئېتىقاد قىلىنىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدىمۇ مەقبۇل كۆرۈلمىگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋەھيي ياكى ئىلھام بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئىسپات قىلالمىغان بۇ كىتابلارنىڭ كېيىنكىلەرنىڭ نەزىرىدە قانداق قىلىپ ئېتىقاد قىلىشقا لايىق بولۇپ قالغانلىقى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشتۇر.

خىرىستىيان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپى ھازىرمۇ بۇرۇنقى ئىككى قېتىملىق قۇرۇلتايدا شۈبھىلىك ۋە ئويدۇرما دەپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان كونا ۋە يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى كېيىنكى قۇرتاجىيە قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ئەگىشىپ ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە. بۇرۇنقىلار تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرغان بۇ كىتابلارنى، كېيىنكىلەرنىڭ ئاساسسىز ۋە دەلىل ـ ئىسپاتسىز ھالدا كۆچكە ئىگە قىلىشلىرىنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن!. بەلكى بۇ ئىش يۇقىرىدىكى قۇرۇلتايلارنىڭ قارارلىرىنى تەتقىق قىلماستىن قارىغۇلارچە ئۆز كىتابلىرىنىڭ توغرا ۋە ھەق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ كېلىۋاتقان خىرىستىيانلارغا رەددىيە بېرىشكە يېتەرلىكتۇر.

يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلاردا قولىدىكى كونا ۋە يېڭى ئەھدە كىتابلىرىدىن ھېچبىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل، پاكىت يوقلۇقىنىڭ بايانى

ئېتىقاد قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ساماۋى (ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن) كىتاب پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يېزىلغان ۋە بىزلەرگە ئۆزگەرتىلمەستىن، ساختا قىلىنماستىن ئۆز ئەسلى بويىچە يېتىپ كەلگەن كىتاب بولۇشى كېرەك. ئەمما ئىلمى ئاساسقا ئىگە بولمىغان ھالدا گۇمان بىلەنلا، بىرەر كىشىنىڭ ئىلھامى بىلەن يېزىلغان دەپ داۋا قىلىنغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشىنىڭ يازغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەن بىر كىتاب ئېتىقاد قىلىنىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە لايىق ئەمەس. ھەتتا بىرەر مەزھەپ ياكى كۆپ مەزھەپلەر ھەق دەپ داۋا قىلسىمۇ مۇنداق كىتاب ئېتىقاد قىلىنىشقا ئەرزىمەيدۇ. مەلۇمكى كونا ئەھدە كىتابلىرىدىن كۆپلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، ئەزراغا، ئىشئىياغا، ئىرمىياغا، ھەبەققۇققا ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ كىتابلارغا باغلىنىپ كېلىشى زۆرۈر بولغان ئىسپاتلاش ۋاستىلىرىنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ كىتابلارنى ئۇلارغا مەنسۇپ قىلىدىغان بىرەرمۇ دەلىل - ئىسپات يوقتۇر.

شۇنىڭدەك، يېڭى ئەھدە كىتابلىرىمۇ ئىسا، مەريەم ئەلەيھىسسالاملارغا، مۇرىتلارغا ۋە كېيىنكىلەردىن يەتمىشتىن ئارتۇق كىشىگە مەنسۇپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار خىرىستىيان ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە ئاساسسىز، يالغان نىسبەتلەر دەپ قارالغاچقا، بۈگۈنكى خىرىستىيان مەزھەپلىرى بۇ كىتابلارنى يۇقىرىدىكىلەرگە مەنسۇپ قىلىشنى رەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «ئەبۇ كرىفا» كىتابلىرى خىرىستىيان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپىگە كۆرە ئېتىقاد قىلىشقا

تېگىشلىك مۇقەددەس كىتابلار دەپ سانىلىدۇ. ئەمما بۇ كىتابلار پىروتېستانت مەزھىپىنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە رەت قىلىنىدىغان كىتابلاردۇر. دېمەك، بىرەر كىتابنىڭ بىرەر پەيغەمبەرگە ياكى مۇرتلىرىنىڭ بىرىگە دەلىلسىز ھالدا مەنسۇپ قىلىنىشى بۇ كىتابنىڭ ئىلھام بىلەن يېزىلغانلىقىنى ياكى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

بۈيۈك ئالىم رەھمەتۇللاھ ھىندىي ئۆز ۋاقتىدا خىرىستىيان ئالىملىرىنى كونا ۋە يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ بۆلۈملىرىدىن بىرەر بۆلۈمىنىڭ ئىشەنچلىك ئىلمىي ۋاستىلار بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بايانى ھەققىدە ئۆز-ئارا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا بىر قانچە قېتىم تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار خىرىستىيانلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن 313 يىللىق بېسىملار ۋە بالايىئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، بۇ كىتابلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كېرەكلىك ۋاستىلارنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ مۇنازىرە ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلغان.

شۇنىڭدىن ئىسپاتلاندىكى، ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار) ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى يۇقىرىدىكى ئاپتورلارغا مەنسۇپ قىلىشتا، پەقەت گۇمان ۋە خىيال بىلەنلا ئىش كۆرگەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ بىرەر بۆلۈمىنىڭ ئاپتورىنى كەسكىن قىلىپ ئىسپاتلاپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىسپاتلاشقا ئاجىز كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىسپات قىلالىسا ئىدى، مۇنازىرە قىلىپ ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشتىن ھېچ چېكىنمىگەن بولاتتى. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان كىتابلىرىنىڭ، ئۇلار مەنسۇپ قىلغان ئاپتورلارغا ئائىت

ئەمەس ئىكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر. ئۇلارنىڭ بەزى كىتابلىرىنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

تەۋرات

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ھازىرقى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالام يازغان ياكى ئاللاھتىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەۋرات ئەمەس. تۆۋەندىكى دەلىللەر بۇ ھۆكۈمنى كۈچلەندۈرىدۇ:

1 ـ بۇ تەۋراتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 638 ـ يىلى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئامۇن ئوغلى يۇشىيانىڭ زامانىدىن خېلى بۇرۇنلا يوقاپ كەتكەن بولۇپ، يۇشىيا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ 18 يىلدىن كېيىن تەۋرات ئىسىملىك بىر كىتاب ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ بولغان ھەقىقىي تەۋرات ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇ كىتابنى ھىلقىيا ئىسىملىك بىر كاھىننىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇ كىتابنىڭمۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 587 ـ يىلى بۇختەنەسسەر پەلەستىننى ئىستېلا قىلىشتىن بۇرۇنلا يوقىلىپ بولغانلىقى مەلۇم. ئەگەر ئۇنى يوقالمىغان دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇختەنەسسەر پەلەستىننى ئىستېلا قىلغان ۋاقىتتا تەۋرات ۋە باشقا كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ يوق قىلغان. بۇ كىتابلاردىن بىرەرسىمۇ قالمىغانلىقى مەلۇم. ئۇلار ئەزرانىڭ بابىل شەھرىدە تەۋراتنىڭ بەزى بۆلۈملىرىنى يازغانلىقىنى گۇمان قىلىشىدۇ. ئەگەر يازغان بولسىمۇ، ئەنتۇنيۇس پەلەستىننى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا ئۇ ئاللىقاچان يوق قىلىنغان بولىدۇ. چۈنكى سۇرىيا پەلەستىندە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 175 ـ ۋە 173 ـ يىللار ئارىسىدا ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ ئەسنادا ئۇ، يەھۇدىي دىنىنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىش ۋە

پەلەستىنىنى «ھىلىنىيە» تەرەپدارلىرىغا ئۆزگەرتىش نىيىتى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ كاتتا ئالىملىرىنى پۇل بىلەن سېتىۋالدۇ، يەھۇدىيلاردىن 40 مىڭدىن 80 مىڭغىچە ئادەمنى ئۆلتۈردۇ، ھەيكەل (يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىسى)نىڭ بارلىق مۇلۇكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن يېرىگە چوشقىلارنى ۋە يېقىلغۇلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. 20 مىڭ ئەسكەرنى قۇددۇس شەھىرىنى قورشاشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ ۋاقىت شەنبە كۈنلۈك بولغاچقا يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى نامازغا تۇرغان ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇلار ھۇجۇمغا ئۆتۈپ پۈتۈن ئۆيلەرگە ئوت قويىدۇ. كىچىك بالىلار، ئاياللار دەپ ئايرىماستىن، پۈتۈن شەھەر ئەھلىنى قىرغىن قىلىدۇ. بۇ كۈندە تاغلارغا قېچىۋالغانلاردىن ۋە ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنىۋالغانلاردىن باشقا ھېچكىم ھايات قالمايدۇ.

2 ـ ھازىرقى تەۋرات بىلەن ھەجەي ۋە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەزرا يېزىپ چىققان «كۈنلەر خەۋەرلىرى 1» ۋە «كۈنلەر خەۋەرلىرى 2» ناملىق كىتابلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپلار ۋە زىتلىقلار ناھايىتى چوڭدۇر. ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ئەزرانىڭ ناقىس ۋاراقلارغا ئاساسلىنىپ خاتالاشقانلىقى نەتىجىسىدە نەسەب تىزمىسىدىكى بالىلار بىلەن بالىلارنىڭ بالىلىرىنى ئايرىيالمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ... يۇقىرىدىكى ئۈچ پەيغەمبەر تەۋراتقا ئەگىشىدىغان كىشىلەر ئىدى. ھازىرقى تەۋرات ھەقىقەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى تەۋراتى بولغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنچىلىك ئىختىلاپلار بولمىغان بولاتتى ۋە ئۇلارمۇ ناقىس ۋاراقلارغا ئاساسلىنىپ بۇنداق چوڭ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزمىگەن بولاتتى ھەمدە ئەزرا يازغان تەۋرات ئەگەر ئۇلار گۇمان قىلىشقاندەك ئىلھام بىلەن يېزىلغان بىر كىتاب بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن « كۈنلەر خەۋەرلىرى 1» ۋە « كۈنلەر

خەۋەرلىرى 2» كىتابلىرى ئارىسىدا بۇنداق زىتلىقلار بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭدىن ئىسپاتلاندىكى هازىرقى تەۋرات هەرگىزمۇ مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدا يېزىلغان تەۋرات ئەمەس. ئۇ، ئەزرا يازغان تەۋراتمۇ ئەمەس، بەلكى شۇبهىسىزكى هازىرقى تەۋرات يەهۇدىيلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قىسسىلەر، رىۋايەتلەر ۋە ئەپسانىلەردىن بىر توپلامدۇر. يەهۇدىي ئالىملىرى يۇقىرىدىكى ئەپسانىلەرنى ۋە قىسسە، رىۋايەتلەرنى تەتقىق قىلماستىنلا ئۇلارنى توپلاپ بىر توم قىلىپ ئۇنىڭغا «كونا ئەهدە» نامىنى بەرگەن. بۇ پىكىر هازىرقى ياۋروپا ، خۇسۇسەن گېرمانىيە ئالىملىرى ئارىسىدا كەڭ تارالغان مەشهۇر كۆز قاراشتۇر.

3 - هۆكۈملەردە هازىرقى تەۋراتنىڭ بۆلۈملىرى بىلەن هىزقىيال كىتابىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار ۋە زىتلىقلار ناهايىتى كەسكىندۇر. ئەگەر هازىرقى مەشهۇر تەۋرات مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ هەقىقىي تەۋراتى بولىدىغان بولسا، هىزقىيالنىڭ كىتابى ئۇنىڭغا زىت كەلمىگەن بولاتتى.

4 - هازىرقى تەۋراتنىڭ هېچبىر بۆلۈمىدە ئاپتورىنىڭ ئۆز ئەهۋالىنى ياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلارنى يازغانلىقى كۆرۈلمەيدۇ. بەلكى هازىرقى تەۋراتنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ مۇسا ئەلەيهىسسالام ئەمەسلىكىگە گۇۋاهتۇر. هازىرقى تەۋراتنىڭ ئاپتورى يەهۇدىيلار ئارىسىدا مەشهۇر بولغان ئەپسانە ۋە قىسسىلەرنى توپلاپ چىقىپ، ئۆز گۇمانىدا ئاللاهنىڭ سۆزلىرى دەپ قارالغانلىرىنى «ئاللاه مۇنداق دېدى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىغا ئالغان. مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزلىرى دەپ قارالغانلىرىنى «مۇسا مۇنداق دېدى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىغا ئالغان. ئاپتور بۇ تەۋراتنىڭ هەممە يېرىدە مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەهۋالىنى ئۈچىنچى شەخس شەكلى بىلەن بايان قىلغان. مەسىلەن: «مۇسا ئۆرلىدى»، «پەرۋەردىگار مۇساغا مۇنداق دېدى» دېگەنلەرگە

ئوخشاش. ئەگەر ھازىرقى تەۋرات ئەمەلىيەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى يازغان ياكى يازدۇرغان تەۋرات بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بىرىنچى شەخس شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش تېكىستلەرنى «مەن ئۆرلىدىم»، «پەرۋەردىگارىم ماڭا مۇنداق دېدى» دەپ ئىپادىلىگەن بولاتتى. چۈنكى بىرىنچى شەخس شەكلى بىلەن ئىپادىلەش ئىشىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ئۆزىلا ھازىرقى تەۋراتنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بولغان ئەسلى تەۋرات ئەمەسلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر.

5 ـ ئىشەنچلىك مەشھۇر خىرىستىيان ئالىمى دوكتور سكەندەر كېدىس يېڭى ئەھدىنىڭ مۇقەددىمىسىدە تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنىڭ ئۆزىگە ئېنىق ئىسپاتلانغانلىقىنى يازىدۇ:

1) ھازىرقى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالام يازغان تەۋرات ئەمەس.

2) ھازىرقى تەۋرات پەلەستىندە يېزىلغان. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئىسرائىل ئەۋلادلىرى سىنا چۆلىدە سەرسان بولغان ۋاقىتلىرىدا يېزىلغان ئەمەس.

3) ھازىرقى تەۋراتنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىردە ياكى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردە يېزىلغانلىقى ئېنىقتۇر. خۇلاسە، ھازىرقى تەۋراتنىڭ يېزىلغانلىق تارىخى بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى ئوتتۇرىسىدا 500 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەن.

6 ـ تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنلىرى بىلەن مەلۇم بولغىنىدەك، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىلدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ھەرقانداق تىل زامان بىلەن بىللە ئۆزگىرىپ تۇرغان. مەسىلەن: تۆت يۈز يىل بۇرۇنقى ئىنگلىز تىلى بىلەن

هازىرقى زامان ئىنگلىز تىلى ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت. خىرىستىيانلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن دوكتور نورتېن مۇنداق دەيدۇ: «تەۋرات بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بابىل ئەسىرلىكىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن يېزىلغانلىقى داۋا قىلىنغان باشقا كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئارىسىدا تىلغا ئالغۇدەك تىل پەرقى يوقتۇر. مەلۇمكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ بابىل ئەسىرلىكىدىن قۇتۇلغانلىقى ئارىسىدا تەخمىنەن 900 يىل ئۆتكەن. تەۋرات بىلەن باشقا كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا تىلغا ئالغۇدەك پەرق كۆرۈلمىگەنلىكتىن ئىبرانى تىلىغا ماھىرلىقى بىلەن تونۇلغان ئالىم ليۇسېدېن بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا يېزىلغان دەپ يەكۈنلەيدۇ.»

7 ـ تەۋراتنىڭ «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 27 : 5 ~ 8 ـ تېكىستلىرىدە «ئىلاھىڭ ئۈچۈن تاشتىن بىر قۇشخانا ياسىغىن، ئۇنىڭغا تۆمۈر ئىشلەتمىگىن»، «تاشقا بۇ كائىناتنىڭ پۈتۈن قانۇنىيەتلىرىنى چىرايلىق نەقىش بىلەن يازغىن» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «يۇشەئ» 8 : 30~32 ـ تېكىستلىرىدە «ئۆز ۋاقتىدا يۇشەئ ئىسرائىلنىڭ ئىلاھى بولغان رەب ئۈچۈن ئىبال تېغىغا بىر قۇشخانا ياسىدى»، «يۇشەئ ئۇ يەردە مۇسانىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ كۆزى ئالدىدا يازغان تەۋراتنى تاشقا يازدى» دەپ قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى تېكىستلەردىن بىلىنىدىكى، قۇشخانىنىڭ تاشلىرى تەۋراتنى ئۇنىڭغا يېزىشقا يېتەرلىك ئىدى. ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى تەۋراتى ھازىرقى بەش كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىملىك بىر كىتاب بولغان بولسا ئىدى، ئۇنى قۇشخانىنىڭ تاشلىرىغا يېزىشقا سىغمايتتى.

8 ـ ھازىرقى تەۋراتتىكى خاتالىقلار ۋە بۆلۇملىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا زىتلىقلار ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەقىقىي تەۋرات ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. چۈنكى ئاللاھتىن بىرەر پەيغەمبەرگە ۋەھيي قىلىنغان ھەقىقىي ئىلاھىي كىتاب مۇنداق زىتلىقلاردىن ئەلۋەتتە خالىي ۋە پاك بولىدۇ.

يۇشەئ ئىبنى نۇننىڭ كىتابى

ئىسرائىل مىللىتىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى بولغان تەۋراتنى تونۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، تەۋراتتىن قالسا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان يۇشەئنىڭ كىتابىنى تونۇپ ئۆتەيلى. ئەھلى كىتاب ئالىملىرىغا ھازىرغىچە «يۇشەئنىڭ كىتابى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ كىتابنىڭ ھەقىقىي ئاپتورى ۋە يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق مەلۇم بولمىغان. ئۇلار بۇ ماۋزۇدا تۆۋەندىكىدەك بەش خىل قاراشتا بولماقتا:

1 ـ ئۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شاگىرتى يۇشەئ (يەنى نۇننىڭ ئوغلى يۇشەئ) يازغان.

2 ـ ئۇنى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئەلئازار يازغان.

3 ـ ئۇنى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى فىيەنھاس يازغان.

4 ـ ئۇنى سەمۇئىل پەيغەمبەر يازغان.

5 ـ ئۇنى ئىرمىيا پەيغەمبەر يازغان.

يۇشەئ بىلەن ئىرمىيا ئارىسىدا سەككىز ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەن. بۇ رىۋايەتلەر ئەھلى كىتاب ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە بۇ كىتابنىڭ كېلىپ چىقىشى مەلۇم بولمىغان، ئاساسسىز بىر كىتاب ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

يۇشەئگە مەنسۇپ قىلىنغان بۇ كىتابتا، ئۇنىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان سۆزلەر بار. ئۇنىڭدا يەنە بەزى تېكىستلەر باركى، بۇ تېكىستلەر بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن زامانداش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ كىتابنىڭ يۇشەئگە ئائىت ئەمەسلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ. ھازىرقى تەۋرات بىلەن يۇشەئ كىتابى ئوتتۇرىسىدا ئوپئوچۇق زىتلىقلار بار. ئەگەر ئەھلى كىتاب ئويلىغاندەك ھازىرقى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالام يازغان تەۋرات بولغان بولسا ۋە يۇشەئگە مەنسۇپ قىلىنغان بۇ كىتاب ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كىتابى بولغان بولسا، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىتلىقلار مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى، ئەلۋەتتە. يۇشەئنىڭ بەزى ئەھكاملاردا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشى تەسەۋۋۇردىن يىراق. چۈنكى ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ يېقىن

ئادىمى ۋە شاگىرتى ئىدى. ئۇ قانداقمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن ئەھكاملارنى كېيىن ئۆزىچە ئۆزگەرتسۇن؟!

تەۋرات بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىز باسارى ۋە يېقىن ئادىمى بولغان يۇشەئىنىڭ كىتابى ئارىسىدىكى بۇ زىتلىقلار ۋە ئىختىلاپلار ئېنىق كۆرۈلگەن يەردە باشقا كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئارىسىدىكى زىتلىقلار ئەلۋەتتە چوڭدۇر ۋە كۆپتۇر. بەلكى بەزى تەتقىقاتچى ئالىملار كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئېتىبارلىق سانىمىغان ۋە ئۇلارنى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر توپلىمى دەپ ھۆكۈم قىلغان. چۈنكى بۇرۇنقىلار كونا ئەھدە كىتابلىرىغا ناھايىتى كۆپ ئۆيدۇرمىلارنى كىرگۈزگەن. بۇلار ئەھلى كىتاب ئالىملىرىنىڭ ئۆز كىتابلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ھەق كىتابلىقىنى ئىسپاتلاشقا دەلىل ـ ئىسپاتى يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىللەردۇر. ئۇلار پەقەت گۇمان ۋە خىيال بىلەنلا بۇ كىتابلارنى مەزكۇر ئاپتورلارغا مەنسۇپ قىلىدۇ. گۇمان بىلەن خىيال ئەھلى كىتابلارنىڭ نەزىرىدە دەلىل ـ پاكىت سانىلىدۇ. بىرەر كىتابنى ئىلھام ئىگىسى بولغان بىرسىگە مەنسۇپ قىلىش بىلەن ئۇ كىتاب ئىلاھىي كىتاب بولۇپ قالمايدۇ.

ئىنجىللارنىڭ ئەھۋالى

(ئىنجىل مەتتا)

قەدىمكى خىرىستىيانلارنىڭ ھەممىسى ۋە ھازىرقى خىرىستىيانلارنىڭ كۆپىنچىسى مەتتاغا مەنسۇپ بولغان ئەسلىدىكى «ئىنجىل مەتتا»نىڭ ئىبرانى تىلىدا يېزىلغانلىقىغا ۋە خىرىستىيان مەزھىپىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى ھەمدە ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن پىتنە ـ پاساتلارنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇ ئىنجىلنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە بىردەك قايىلدۇر. ھازىرقى ئىبرانى تىلىدىكى «ئىنجىل مەتتا» دېگەن كىتاب گرېكچىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىدۇر. بۇنى تەرجىمە قىلغان كىشىمۇ ئۇلارغا مەلۇم ئەمەستۇر. خۇددى جىيرۇم ئېتىراپ قىلغاندەك، خىرىستىيان ئالىملىرى بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلغان تەرجىماننىڭ ئىسمىنى ياكى ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار گۇمان ۋە تەخمىن بىلەن «بەلكى پالانى تەرجىمە قىلغان بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ. قانداقمۇ گۇمان بىلەن بىرەر ئەسەرنى بىرسىگە مەنسۇپ قىلغىلى بولسۇن؟!.

500 دىن ئارتۇق خىرىستىيان ئالىمىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ئىنجىللارنىڭ ئەڭ مۆتىۋەرى ۋە قەدىمكىسى ھېسابلانغان «ئىنجىل مەتتا»نىڭ مەتتاغا مەنسۇپ ئەمەسلىكى ئوچۇق ئېلان قىلىنغان. چۈنكى «ئىنجىل مەتتا» بىلەن «ئىبرانىيلىقلار» مەكتۇبىدىن باشقا يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسى گرېك تىلى بىلەن يېزىلغان. مەتتا ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىنجىلىنى ئىبراھىم ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ نەسىللىرىدىن بىر شەخس چىقىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن تۇرۇۋاتقان ئىبرانى يەھۇدىيلىرى ئۈچۈن پەلەستىندە

ئىبرانى تىلىدا يازغان. ئەمما مەتتا ئۆزىنىڭ بۇ ئىنجىلىنى گرېكچىگە ئۆزى تەرجىمە قىلغان ئەمەس. بەلكى كېيىن نامەلۇم بىر شەخس تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. زادى بۇ تەرجىمان كىم؟، بۇ سوئالغا ھازىرغىچە جاۋاب تېپىلمىغان. باشقا ئىنجىللار بولسا، گىرېك تىلى بىلەن يېزىلغان. مەتتا ئىنجىلىنى گىرېك تىلى بىلەن يازغان دېگەن كىشى ئوپئوچۇق يالغانچىدۇر. تەتقىقاتچى ئالىم نورتېن چوڭ ھەجىملىك بىر كىتاب يېزىپ ئۇنىڭدا: ئويدۇرۇلغان ھازىرقى تەۋراتنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى ۋە ئىنجىللارغىمۇ كۆپلىگەن ئۆزگەرتىشلەرنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. نورتېن كىتابىدا، مەتتانىڭ ئۆز ئىنجىلىنى ئىبرانى تىلى بىلەن يازغانلىقىنىڭ ئوچۇق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. چۈنكى قەدىمكى خىرىستىيانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى بىردەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇ پىكىرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلمىغان. ئۇلارنىڭ بۇ گۇۋاھلىقى مەقبۇلدۇر. بەلكى قەدىمكىلەر «ئىنجىل مەتتانىڭ ئىبرانى نۇسخىسى يەھۇدىي قەۋمىدىن بولغان خىرىستىيانلارنىڭ قولىدا بار ئىدى. بۇ نۇسخا جېيرومنىڭ زامانىغىچە مەۋجۇت ئىدى. ئىنجىل مەتتانىڭ ھازىرقى نۇسخىسى تەرجىمانى بىلىنمىگەن بىر تەرجىمە نۇسخىسىدۇر» دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. نورتېن كىتابىدا قەدىمكىلەرنىڭ «مەتتا ئىسانىڭ مۇرىتلىرىدىن ئىدى. ئۇ ئىسانىڭ كۆپ ئەھۋاللىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان. ئەگەر ئۇ ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىنغان بۇ ئىنجىلنىڭ ھەقىقىي ئاپتورى بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ سۆزىدىن بىرەر ئورۇندا بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللارنى يازغانلىقى نامايان بولاتتى، قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ئادەت بويىچە، كىتابىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى ئىزھار قىلغان بولاتتى ۋە ئۆزى

ئۇچۇن بىرىنچى شەخس شەكلىدە ئىبارە سۇرگەن بولاتتى. ئېنىقكى بۇ ئىنجىل مەتتاغا مەنسۇپ ئەمەس» دېگەن سۆزلىرىنى كۈچلەندۇرگەن.

خىرىستىيان مەزھىپىدىن مانىكىز مەزھىپىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن فاستىپس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىنجىل پۈتۈنلەي يالغاندۇر. ئۇنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى بابى مارسىيۇن، ئەبىيۇن، يۇنىتېرىن مەزھەپلىرىدە ئىنكار قىلىنىدۇ ۋە پوپ ۋەلىمىسىنىڭ نەزىرىدىمۇ، ئۇ ئويېئوچۇق ئويدۇرمىدۇر.»

تەتقىقاتچى ئالىم نورتېن مەزكۇر ئىككى بابنى ۋە بۇ ئىنجىلدىكى كۆپلىگەن ماۋزۇلارنى ئىنكار قىلىدۇ. جېيرۇم مۇنداق دېگەن: «بۇرۇنقى ئالىملار «ئىنجىل ماركوس»نىڭ ئاخىرقى بابلىرىدىن بولغان 16 ـ بابقا شەك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. «ئىنجىل لۇقا»نىڭ 1 ـ، 2 ـ بابلىرىغا ۋە 22 ـ بابىنىڭ بەزى ماۋزۇلىرىغا شەك قىلاتتى. چۈنكى، 1 ـ، 2 ـ بابلار مارسىيۇن مەزھىپى ئەمەل قىلىۋاتقان ئىنجىلدا يوق ئىدى.»

نورتېن مۇنداق دەيدۇ: «ئىنجىل ماركوسنىڭ 16 ـ بابىنىڭ 9 ـ تېكىستىدىن 22 ـ تېكىستىگىچە بولغان مەزمۇنلىرى كېيىن قوشۇۋېلىنغان تېكىستلاردۇر. ئىنجىللارنى يازغان ئاپتورلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆز تەرىپىدىن خالىغان ماۋزۇلارنى ۋە ئىبارىلەرنى كىرگۈزۈش ناھايىتى كەڭ تارقالغان بىر ھېرىسلىق ئىش ئىدى.»

ئىنجىل يۇھەننا

«ئىنجىل يۇھەننا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ ئىنجىلنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان يۇھەننا تەرىپىدىن يېزىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ناھايىتى كۆپتۇر.

1 ـ بۇ ئىنجىلنىڭ ھېچبىر يېرىدە ئۇنىڭ ئاپتورىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان ۋە ئۆز ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بەلكى بۇ ئىنجىلنىڭ ئىبارىلىرى ئاپتورىنىڭ ئىسانىڭ مۇرىتى بولغان يۇھەننا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئىنجىلنىڭ ئاخىرى مونۇ ئىبارە بىلەن تاماملانغان: «بۇلار ئۇ مۇرىتنىڭ يازغانلىرى ۋە گۇۋاھ بولغانلىرىدۇركى، بىز ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەق دەپ بىلىمىز.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 21 : 24) ئاپتور بۇ تېكىستتە، يۇھەننا ئۈچۈن ئۈچىنچى شەخس شەكلىدە ئىبارە سۈرۈپ، ئۇنىڭغا «ئۇ» دېگەن ئالماشنى قوللانغان ۋە ئۆزى ئۈچۈن بىرىنچى شەخس شەكلىدە ئىبارە سۈرۈپ، «بىز بىلىمىز» دېگەن ئالماشنى قوللانغان. بۇنىڭدىن بىلىندىكى بۇ ئىنجىلنىڭ ئاپتورى ئىسانىڭ مۇرىتى بولغان يۇھەننا ئەمەستۇر.

2 ـ مىلادىيەنىڭ 2 ـ ئەسرىدە ياشىغان ئەرنىيۇس دېگەن كىشى بولىكارپقا مۇرىت ئىدى. بولىكارپ بولسا مۇرىت يۇھەننانىڭ مۇرىتى ئىدى. ئەرنىيۇسنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىر توپ جامائەت بۇ ئىنجىلنىڭ مۇرىت يۇھەنناغا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلغاندا، ئەرنىيۇس ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرمىگەن. بۇ ئىنجىل ئەمەلىيەتتە مۇرىت يۇھەنناغا مەنسۇپ بولغان بولسا، بۇنى ئەرنىيۇس ئۆز ئۇستازى بولىكارپ ئارقىلىق بىلگەن بولاتتى ۋە ئۇنى يۇھەنناغا مەنسۇپ ئەمەس، دېگۈچىلەرگە قارشى چىققان بولاتتى. شۇ ئېنىقكى ئەرنىيۇس قىسسىلەرنى رىۋايەت

قىلىشتا تونۇلغان ئاتاقلىق ئالىم ئىدى. ئۇ، ئۇستازى بولىكارىفتىن كۆپلىگەن قىسسىلەرنى رىۋايەت قىلغان. ئەرنىيۇس 2 ـ ئەسىردە «مەتتا»، «لۇقا»، «ماركوس» قاتارلىق ئۇچ ئىنجىلنى ئىلان قىلغان بىرىنچى كىشىدۇر. ئۇ «ئىنجىل يۇھەننا»نى تىلغا ئالمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مىلادىيە 216 ـ يىلى ئالېكساندىر يانۇس دېگەن كىشى بۇ ئۇچ ئىنجىلنى ئېلان قىلغان. ئالېكساندىر ئۇچ ئىنجىلنى ئېلان قىلغانلارنىڭ ئىككىنچىسى ۋە تۆت ئىنجىلنى ئېلان قىلغانلارنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئىنجىل يۇھەننا»نى ئىسانىڭ مۇرىتى بولغان يۇھەننا يازغان دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۇنىڭغا ئىنكار قىلغۇچىلار ئالدىدا بۇ داۋالىرىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۇچۇن بىرەر دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرەلمىگەن. ئەرنىيۇسمۇ بۇ داۋانىڭ دۇرۇسلىقىغا گۇۋاھچى بولمىغان.

3 ـ «ئىنجىل يۇھەننا»نى مۇرىت يۇھەنناغا مەنسۇپ قىلىشنى ئىنكار قىلىش ئىسلام ئەھلىگىلا خاس بولماستىن، بەلكى باشقا دىندىكىلەرمۇ ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ:

1) خىرىستىيان مانىكىز مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى فاستېس 4 ـ ئەسىردە «بۇ يېڭى ئەھدە كىتابلىرى (يەنى تۆت ئىنجىل) ئىسا ياكى ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن بىرەرسى يازغان كىتابلار ئەمەس، بەلكى بۇ كىتابلار نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان. ئاندىن ئۇلار كىشىلەرنى قايىل قىلدۇرۇش ۋە كىتابلىرىنى قىممەتكە ئىگە قىلىش ئۇچۇن بۇ كىتابلىرىنى ئىسانىڭ مۇرىتلىرىنىڭ نامىغا مەنسۇپ قىلغان. ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئىسا مۇرىتلىرىغا ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە تۆھمەت قىلدى. چۈنكى بۇ كىتابلاردا ناھايىتى چوڭ زىتلىقلار ۋە كۆپلىگەن خاتالىقلار بار» دەپ ئوچۇق جاكارلىغان.

2) بۇددىست ئالىمى سەلسۇس 2 ـ ئەسىردە «خىرىستىيانلار ئىنجىللىرىنى 3 ـ، 4 ـ قېتىملىق ئۆزگەرتىشلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى باشقا نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان» دەپ ئېلان قىلغان.

3) ئالىم ستادلىن «ئىنجىل يۇھەننانىڭ ئاپتورى ئىسكەندىرىيە مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ شەكسىز ھەقىقەت» دەپ يازغان.

4) تەتقىقاتچى ئالىم برتىشنېدر مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىنجىل ۋە باشقا يۇھەننا نامى بىلەن يېزىلغان مەكتۇبلارنىڭ ھېچبىرى مۇرىت يۇھەننانىڭ ئەسەرلىرى ئەمەس. بۇ ئىنجىل 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان.»

5) مەشھۇر تەتقىقاتچى ئالىم كروتېس مۇنداق دېگەن:

«ئەفسېس چېركاۋىنىڭ تەرەپدارلىرى ئىنجىل يۇھەننانىڭ 21 ـ بابىنى قوشۇۋالغان.»

6) خىرىستىيان ئەلۇگېن مەزھىپى 2 ـ ئەسىردە «ئىنجىل يۇھەننا»نى ۋە يۇھەنناغا مەنسۇپ قىلىنغان پۈتۈن ئەسەرلەرنى رەت قىلغان ۋە بۇلارنىڭ مۇرىت يۇھەنناغا مەنسۇپ بولۇشىنى ئىنكار قىلغان.

بۇ ماۋزۇدىكى سۆزۈمنى ھۆرمىتىنىڭ مۇنۇ خاتىمىسى بىلەن تۈگىتىمەن: «قەدىمكى چېركاۋ تارىخچىلىرىدىن بۇ ئىنجىللارنىڭ يېزىلغان ۋاقىتلىرى توغرىلىق ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. چۈنكى بۇرۇنقىلار ئىشەنچسىز رىۋايەتلەرگە ۋە ئويدۇرما قىسسىلەرگە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارغا ئىشىنىپ ئۆز كىتابلىرىغا ھەممىنى كىرگۈزگەن. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر بۇرۇنقىلارنىڭ يازغانلىرىنى مۇقەددەس بىلىپ ئەمەل قىلغان. ئاندىن راست ـ يالغان ھەر تۈرلۈك قىسسىلەر

ۋە رىۋايەتلەر، بىر كاتىپتىن يەنە بىر كاتىپقا يېتىپ كېلىشتە، توغرا - خاتالىرى پەرق ئېتىلمەستىن كەلگەن. ھەتتا زامان ئۆتكەنسېرى ۋە بۇ كىتابلارنىڭ تارىخى قەدىمىيلەشكەنسېرى ئۇلارنىڭ راست - يالغانلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىشى ئىمكانسىز بولۇپ قالغان».

ھۆرپن ئىنجىللارنىڭ يېزىلىش تارىخى ھەققىدىكى ئىختىلاپلارنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئىنجىل مەتتانىڭ يېزىلغان تارىخى ھەققىدە، مىلادىيەنىڭ 37 - يىلى، 38 - يىلى، 41 - يىلى، 43 - يىلى، 48 - يىلى، 61 - يىلى، 62 - يىلى، 63 - يىلى ۋە 64 - يىلى يېزىلغان دەيدىغان ھەر خىل رىۋايەتلەر مەۋجۇت.

ئىنجىل ماركوسنىڭ يېزىلغان تارىخى ھەققىدە، مىلادىيەنىڭ 56 - يىلى، 65 - يىلى يېزىلغان دەيدىغان ھەر خىل رىۋايەتلەر مەۋجۇت.

ئىنجىل لۇقانىڭ يېزىلغان تارىخى ھەققىدە، مىلادىيەنىڭ 53 - يىلى، 63 - يىلى، 64 - يىلى يېزىلغان دەيدىغان ھەر خىل رىۋايەتلەر مەۋجۇت.

ئىنجىل يۇھەننانىڭ يېزىلغان تارىخى ھەققىدە، مىلادىيەنىڭ 68 - يىلى، 69 - يىلى، 70 - يىلى، 97 - يىلى ۋە 98 - يىلى يېزىلغان دەيدىغان رىۋايەتلەر بار.

خىرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى بۇ مەشھۇر تۆت ئىنجىلنىڭ ئەھۋالى بۇنچىلىك بولغان يەردە، باشقا يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئەھۋالى بۇلاردىن تېخىمۇ شۈبھىلىك ۋە ئىشەنچسىز بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بۇ تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىگە ئايان بولىدىكى، ئەھلى كىتابلاردا (يەھۇدىي، خىرىستىيانلار) كونا ۋە يېڭى ئەھدە كىتابلىرىدىن ھېچبىرىنىڭ ئىشەنچلىك ۋاستىلار ئارقىلىق ساغلام يېتىپ كەلگەنلىكىنى

ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ پاكىتلىرى يوقتۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، ئەھلى كىتابلارنىڭ بۇ كىتابلىرىنى ۋەھيى ياكى ئىلھام بىلەن يېزىلغان دەپ داۋا قىلىشلىرىغا ھېچ ئورۇن يوقتۇر. چۈنكى بۇنداق دەپ داۋا قىلىشلىرى خاتادۇر. بۇنداق داۋالارنىڭ خاتالىقىغا مۇنۇ دەلىللەر يېتەرلىك بولسا كېرەك:

1 ـ بۇ كىتابلار سانسىزلىغان خاتالىقلار ۋە بىلىپ-بىلمەي ئۆزگەرتىشلەر بىلەن تولغان كىتابلاردۇر. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممە ئورۇنلىرىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان مەنا جەھەتتىكى زىتلىقلار ئەھلى كىتاب ئالىملىرىمۇ ئىنكار قىلالمايدىغان دەرىجىدە ناھايىتى كۆپتۇر. ھەتتا ئۇلارنىڭ مەشھۇر تەتقىقاتچى ئالىملىرى ۋە مۇپەسسىرلىرىمۇ بۇ كىتابلاردىكى خاتالىقلارنى ۋە قەستەن ئۆزگەرتىشلەرنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىبارىلەردىكى زىتلىقلارنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلاردىن بىرسىنى توغرا قالغانلىرىنى ئويدۇرما دەپ قارار قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىدىكى بۇ خاتالىقلار ۋە زىتلىقلارغا ئەقىل قوبۇل قىلالمايدىغان شەكىلدە بەزى باھانىلەرنى كۆرسەتكەن. چۈنكى ئاللاھتىن كەلگەن ئىلھام ئارقىلىق يېزىلغان كىتابتا خاتالىق ۋە زىتلىقلار مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك. ھەرقانداق ئىلاھىي كىتاب ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىلھامىيلىق ياكى ۋەھيىلىك ھالىتىدىن ھامان چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

تەتقىقاتچى نورتىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىنجىللارنىڭ ئاپتورلىرى بۇ ئىنجىللارنى ئۆزلىرىنىڭ ئادەت ۋە خاراكتېرلىرىگە ۋە ئۆز چۈشەنچىلىرىگە ئاساسلىنىپ يازغان. ئۇلارنىڭ يازغان ھەربىر مەسىلىلىرىدە ياكى چىقارغان ھۆكۈملىرىدە ئىلھام قىلىناتتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ.»

هىنرى ۋە ئىسكات تەپسىرلىرىدە :«پەيغەمبەرنىڭ يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلھام ياكى قانۇنلۇق بولۇشى ناتايىن» دەپ يازىدۇ. «ئەنگلىيە مائارىپى» ناملىق كىتابتا كۆپلىگەن خىرىستىيان ئالىملىرىنىڭ پىكىرلىرى مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان:

ھەر قانداق ھالەت ئىلھام ئارقىلىق بولغان ئەمەس. بۇ كىتابلاردىكى پۈتۈن سۆزلەرنى ئىلھام ئارقىلىق يېزىلغان دەپ داۋا قىلغۇچىلار بۇ داۋالىرىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ.

تەتقىقاتچى ئالىملار بىرلىكتە يېزىپ چىققان «رىس مائارىپى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «ھەقىقەتەن بۇ كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ئۇسلۇب ۋە سۆزلىرىدە خاتالىقلار ۋە بىر- بىرىگە قارشى زىتلىقلار بار. مۇرىتلارنىڭ بەزىلىرى بەزىلىرىنى ۋەھىي ۋە ئىلھام ئىگىسى دەپ بىلەتتى. قەدىمكى خىرىستىيانلار مۇرىتلارنى خاتالىقلاردىن ساقلانغان دەپ ئېتىقاد قىلمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋە ھەرىكەتلىرىگە گاھىدا قارشىلىقلار كۆرسىتىلىپ تۇرۇلاتتى. ئۇ مۇرىتلارنىڭ مۇرىتلىرى يازغان "ئىنجىل ماركوس" بىلەن "ئىنجىل لۇقا"مۇ شۇنداقتۇر. ئالىملار بۇ ئىككىسىنىڭ ئىلھام بىلەن يېزىلغان كىتابلار ئىكەنلىكىگە شەك قىلىشىدۇ».

پىروتېستانت مەزھىپىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئىلھام بىلەن يېزىلغان كىتابلار ئەمەسلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلىدۇ ۋە مۇرىتلارنىڭ خاتالىقلىرىنىمۇ ئىقرار قىلىدۇ.

2 ـ تەتقىقاتچى نورتېن خىرىستىيانىنىڭ مەشھۇر ئالىمى ئەكھارنىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن، خىرىستىيان

دىنىنىڭ ئاۋۋالقى دەۋرىدە ئىسانىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان بىر كىتاب بار ئىدى. ئۇنى «ئەسلى ئىنجىل» دېيىشكە بولاتتى. ئۇ، ئىسانى كۆرمىگەن، سۆزلىرىنى ئاڭلىيالمىغان كېيىنكى مۇرىتلار ئۈچۈن يېزىلغان بىر كىتاب ئىدى. بۇ كىتاب بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەسىرلەردە كۆپەيگەن «مەتتا»، «لۇقا»، «ماركوس» ۋە باشقا پۈتۈن ئىنجىللارنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن بىر مەنبە بولغان ئىدى. لېكىن بۇ ئىنجىللار ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ قوللىرىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئۆز خاھىشلىرىدىن بىر نەرسىلەرنى ئۇيدۇرۇپ، گاھىدا قىسقارتىپ، گاھىدا قوشۇپ يۇرۇشلىرى جەريانىدا، مەزكۇر ئىنجىللارنىڭ مەزمۇنلىرى كۆپىيىپ كەتكەن. نەتىجىدە ھەقىقىي ئەھۋاللار بىلەن يالغان، ئۇيدۇرما رىۋايەتلەر ۋە قىسسىلەر ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىنجىللار چوڭ ھەجىملىك رىۋايەتلەر ۋە ھېكايىلەر توپلىمىغا ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن. بۇ ھېكايە ۋە رىۋايەتلەر بىرىنىڭ ئېغىزىدىن يەنە بىرىنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ بېرىش جەريانىدا تېخىمۇ ئۆزگىرىپ ئېتىبارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. ھەتتا خىرىستىيان چېركاۋلىرى مىلادىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دەۋر سۈرگەن 70 دىن ئارتۇق ئىنجىلدىن 4 ئىنجىلنىلا تاللىۋېلىپ، قالغانلىرىنى كۆيدۇرۇپ تاشلاشقا مەجبۇر بولغان. ئەگەر چېركاۋلار شۇ ۋاقىتتا ئەسلى ئىنجىلنى تېپىپ، ئۇنى ئۇيدۇرۇلغان سانسىز ئىنجىللاردىن ئايرىۋالالىغان بولسا ئىدى، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى، لېكىن ئۇيدۇرما ئىنجىللارنىڭ ۋە بۇ ئىنجىللارغا كىرگۈزۈلگەن ئەپسانە ۋە قىسسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ ئىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. ئىنجىلنىڭ ھېچقانداق بىر نۇسخىسى يالغان - ياۋىداق رىۋايەتلەردىن ۋە ھېكايىلەردىن خالىي بولالىغان ئەمەس. ھەتتا ئەسلىسى بىلەن ئۇيدۇرمىلارنى ئايرىۋېلىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەندى. شۇڭا

قەدىمكىلەر ئىنجىللارنىڭ كۆپلىكىدىن ۋايسىيتتى. چۈنكى ئۇلار راستىنى يالغاندىن ئايرىپ پەرقلەندۈرۈشكە زادى قادىر بولالمىغانىدى. ئۇ زامانلاردا مەتبەئە بولمىغانلىقتىن بۇ ئىنجىللارنى نۇسخىدىن نۇسخىغا كۆچۈرۈپ يازغانلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزى كۆچۈرگەن نۇسخىسىغا خالىغان ھېكايىلەرنى ۋە ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى كىرگۈزۈۋالاتتى. بىر نۇسخىدىن كۆپەيتىلگەن نۇسخىلار كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، بۇ نۇسخىلاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ سۆزلىرىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دەپ تەتقىق قىلىشمۇ مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ھەتتا خىرىستىيان ئۆلىمالىرى ۋە دەۋەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي كىتابلىرىنىڭ توختىماستىن ھەدەپ ئۆزگەرتىلىپ، يېڭىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىپ «ئىنجىللارنى كۆچۈرۈپ نۇسخا قىلىپ چىققۇچىلار بۇ كىتابلار يېزىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلارنى ئۆزگەرتىۋەتتى. شەيتاننىڭ مۇرىتلىرى بۇ مۇقەددەس كىتابلاردىكى ھەقىقەتلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆز خاھىشلىرىدىن كۆپلىگەن ئەپسانىلەرنى كىرگۈزۈۋېلىش ئارقىلىق بۇ كىتابلارنى نىجاسەتلەر بىلەن بۇلغىۋەتتى.. مۇقەددەس كىتابلىرىمىز ساقلىنىپ قېلىنمىدى. بۇ كىتابلارنىڭ ئىلاھىيلىق سۈپىتىمۇ ئاللىقاچان يوققا چىقتى» دەپ ۋايساش بىلەن ۋەز ئېيتىدىغان بولغان ئىدى. مۇقەددەس كىتابلارنى خالىغانچە قىسقارتىش ۋە قوشۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ئىشى شۇ ۋاقىتلاردا نورمال ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان بىر ئېقىم ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئاپتورلار يازغان كىتابلىرىنىڭ ئاخىرىدا «بۇ كىتابنى ئۆزگەرتكەن كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن!» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزگەرتكۈچىلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدىغان بولغان. شۇنداقتىمۇ يەنە ئۆزگەرتىش ئىشلىرى داۋام قىلىۋەرگەن. ھەتتا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىغىمۇ ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېنىقتۇر. شۇڭا بىر

بۇددىست ئالىمىنىڭ خىرىستىيانلارنى «ئۇلار ئىنجىللىرىنى 3 ~ 4 قېتىم ئۆزگەرتىپ يازغان» دەپ ئەيىبلىگەنلىكىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى راست بىلەن يالغاننى ئايرىپ پەرقلەندۈرۈشكە سەۋىيەسى يەتمىگەن كىشىلەر، ئىنجىللار مەيدانغا چىقىشقا باشلىغان ۋاقىتلاردىن بېرى بۇ ئىنجىللارنىڭ ئۆزلىرىگە ياقمىغان جايلىرىنى قىسقارتىش ۋە خالىغان ئېغىز رىۋايەتلىرىنى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈش بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان. ئۇلار ئىنجىللاردا قەيت قىلىنىپ كەلگەن تېكىستلەرنىڭ سۆزلىرىنى يەنە شۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان باشقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىش بىلەن يازاتتى. ئۇلار ۋەز - نەسىھەتلەر ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ هاياتى توغرىلىق كەلگەن تېكىستلەرنىڭ ئىبارىلىرىنى ئۆزلىرى خالىغان رەۋىشتە ئۆزگەرتىپ، يەنە شۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان باشقا ئىبارىلەر بىلەن يازاتتى. بىرىنچى ئەسىر خىرىستىيانلىرى يولغا قويغان بۇ ئۆزگەرتىش، ئۇيدۇرۇش ئادىتى ئۇچىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان. ئادەتتە خىرىستىيان دىنىغا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولغان كىشىلەرمۇ بۇ ئادەتنى كەسىپ قىلىۋالغان. ئالېكساندىر يانۇس «2- ئەسىردە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ كەسپى، ئىنجىللارنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولغان» دەيدۇ.

نورتېن ئەكهارىننىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىدىكىلەر يالغۇز ئەكهارىننىڭلا پىكرى ئەمەس. بەلكى بۇ كۆپلىگەن خىرىستىيان ئالىمىنىڭ ئورتاق پىكرىدۇر.» نورتېن ئىنجىللارنى مۇداپىئە قىلىشتا ۋە ئاقلاشتا تونۇلغان كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇپ، ئۇ بۇ تۆت ئىنجىلدىكى يەتتە ماۋزۇنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ماۋزۇلارنىڭ ئىنجىلدىن ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئۇيدۇرۇلغان ماۋزۇلار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە يالغان قىسسىلەرنىڭ ۋە ئەپسانىلەرنىڭ ئىنجىللاردىكى مۆجىزىلەر بايانلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ۋە هازىرقى

زامانىدا بۇ ئىنجىللاردىن راست - يالغاننى ئايرىۋېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ.

راست بىلەن يالغان سۆزلەر ئارىلىشىپ كەتكەن بىر كىتاب ئىلھام بىلەن يېزىلغان ئىلھامى كىتاب بولالامدۇ؟!.

ئەھلى كىتابلارنىڭ ئىككى ئەھدە كىتابلىرىدىن ياكى ئۇلارغا قوشۇۋېلىنغان كىتابچىلىرىدىن قايسى بىرىنىڭ ئىلھام بىلەن يېزىلغان كىتاب ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىشلىرىغا ئىمكانلىرى بارمۇ؟.

بىز مۇسۇلمانلار شۇنداق ئېتىقاد قىلىمىزكى، ئاللاھ تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى تەۋرات ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئەسلى ئىنجىل پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا يوقىلىپ بولغانىدى. ھازىر تەۋرات ۋە ئىنجىل نامى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كىتابلار راست ۋە يالغان قىسسىلەر، رىۋايەتلەر ۋە ئەپسانىلەردىن ئىبارەت بىر ھېكايىلەر توپلىمىدىن ئىبارەتتۇر. بىز، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئۆز ھالى بويىچە ئۆزگەرتىلمەستىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگىچە بار ئىدى، بۇ كىتابلارغا ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەن دېمەيمىز، ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان بۇنداق دېيەلمەيدۇ.

پاۋلۇس (قەدىمكى خىرىستىيان ئالىمى)نىڭ مەكتۇبلىرى رەت قىلىنىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ئىلمى قىممەتكە ئىگە ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرىغا كەلسەك، بىز مۇسۇلمانلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرىنى مەدھىيەلەيمىز. لېكىن ئۇلارنى

پەيغەمبەرلەر دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە خاتالىق ھەم توغرىلىق ئېھتىمالى بولغان مۇجتەھىدلار (ئىسلام قانۇنشۇناس ئالىملىرى)نىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاشتۇر. ئىنجىلنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى ئەسىر ئىچىدىلا يوقىلىپ بولغانلىقى، ئىسا مۇرىتلىرىغا بولغان ئىشەنچنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولدى. خۇسۇسەن، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىكى ئاساسىي مەقسەتنى چۈشىنەلمەيتتى. ھازىرقى ئىنجىللار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدە دەرھال چۈشىنىشكە قىيىن بولىدىغان ئىجمالى سۆزلەر كۆپ ئىدى.

ئىنجىل ماركوس ۋە ئىنجىل لۇقا

ماركوس بىلەن لۇقا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرىدىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىلھام ئىگىلىرىدىن بولغانلىقى ھەققىدىمۇ بىرەر دەلىل - پاكىت يوق. بەلكى ئۇلار بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا بۇ ئىككىسىگە مەنسۇپ بولغان بۇ ئىككى ئىنجىل ھەققىدە توختىلىشقا ھاجەت يوق.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، ئىنجىل ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ساماۋى كىتابلاردۇر. بۇ ئىككى كىتابنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەھيي (ئاللاھنىڭ سۆزلىرى)دۇر. بۇلارنى ئۆزگەرتىشكە، بۇزۇشقا ۋە قوشۇشقا ياكى قىسقارتىشقا بولمايدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسلىدىكى تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى سۈپەتلىگەنلىكىنى كۆرىمىز: ﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ وَقَفَّيْنَا مِن بَعْدِهِ بِالرُّسُلِ ۖ وَآتَيْنَا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ الْبَيِّنَاتِ وَأَيَّدْنَاهُ بِرُوحِ الْقُدُسِ ۗ أَفَكُلَّمَا جَاءَكُمْ رَسُولٌ بِمَا لَا تَهْوَىٰ أَنفُسُكُمُ اسْتَكْبَرْتُمْ فَفَرِيقًا كَذَّبْتُمْ وَفَرِيقًا تَقْتُلُونَ﴾ تەرجىمىسى: «شەك -

شۇبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇئارقا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىساغا مۆجىزىلەر بەردۇق، ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇددۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن يۆلىدۇق. ھەرقاچان بىرەر پەيغەمبەر كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىرنەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار.» [سۈرە بەقەرە 87-ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ فَاخْتُلِفَ فِيهِ ۗ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ لَقُضِيَ بَيْنَهُمْ ۚ وَإِنَّهُمْ لَفِي شَكٍّ مِّنْهُ مُرِيبٍ﴾ تەرجىمىسى: «شۇبھىسىزكى، بىز مۇساغا (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق، ئۇنىڭ توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىندى (يەنى ئۇنىڭ قەۋمى بۇ كىتاب ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشتى). پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىن چىقارغان (ئۇلارنى جازالاشنى قىيامەتكە قالدۇرۇش ھەققىدىكى) ھۆكمى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (مۇشۇ دۇنيادىلا ياخشىغا ياخشىچە، يامانغا يامانچە) چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىلاتتى. ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئاندىن) زور گۇماندىدۇر.» [سۈرە ھۇد 110-ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ لَعَلَّهُمْ يَهْتَدُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلار (يەنى بەنى ئىسرائىل) نى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، بىز ھەقىقەتەن مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق.» [سۈرە مۇئمىنۇن 49 - ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ وَجَعَلْنَا مَعَهُ أَخَاهُ هَارُونَ وَزِيرًا ﴾ تەرجىمىسى: «شۇبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق ھەمدە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇننى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلدۇق.» [سۈرە فۇرقان 35-ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ مِن بَعْدِ مَا أَهْلَكْنَا الْقُرُونَ الْأُولَىٰ بَصَائِرَ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لَّعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ﴾ تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، بىز (نۇھنىڭ قەۋمى ئاد، سەمۇد ۋە لۇتنىڭ قەۋمى قاتارلىق) ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر (يەنى بەنى ئىسرائىل) نىڭ دىللىرىغا (ھەقىقەتنى كۆرىدىغان) نۇر بېرىپ، ئۇلارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت قىلدۇق، ئۇلار ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن دەپ، مۇساغا كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق.» [سۈرە قەسەس 43 ـ ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ فَلَا تَكُن فِي مِرْيَةٍ مِّن لِّقَائِهِ ۖ وَجَعَلْنَاهُ هُدًى لِّبَنِي إِسْرَائِيلَ﴾ تەرجىمىسى: «شەك - شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) سەن (مىراج كېچىسىدە، يا قىيامەت كۈنىدە) مۇساغا مۇلاقات بولۇشتىن شەكلەنمىگىن، بىز تەۋراتنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا يېتەكچى قىلدۇق.» [سۈرە سەجدە 23 ـ ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ وَلَقَدْ آتَيْنَا مُوسَى الْكِتَابَ﴾ تەرجىمىسى: « بىز ھەقىقەتەن مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋراتنى) ئاتا قىلدۇق.» [سۈرە فۇسسىلەت 45 ـ ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَقَفَّيْنَا عَلَىٰ آثَارِهِم بِعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ ۖ وَآتَيْنَاهُ الْإِنجِيلَ فِيهِ هُدًى وَنُورٌ وَمُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ التَّوْرَاةِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ الله تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسا ئىبنى مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان

تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند ـ نەسىھەتتۇر» [سۈرە مائىدە 46 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَآتَيْنَاهُ الْإِنْجِيلَ ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇنىڭغا (يەنى ئىساغا) ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق.» [سۈرە ھەدىد 27 ـئايەتنىڭ بىر قىسمى].

شۇنىمۇ ئېنىق پەرقلەندۈرۈش كېرەككى، كونا ئەھدە ۋە يېڭى ئەھدە نامىدىن مۇقەددەس كىتاب دەپ ئاتالغان، رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەر بىلەن تولغان ھازىرقى قىسسىلەر، «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان تەۋرات، ئىنجىل ئەمەستۇر. بۇ كىتابلارنى ئىلاھىي كىتابلار دېيىشكە ئەرزىمەيدۇ. بۇلارنى ئىلھام بىلەن يېزىلغان دەپ ئېتىقاد قىلىش ياكى دۇرۇس دەپ بىلىش خاتادۇر. ئەمما بۇ ئىككى ئەھدە كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەردىن «قۇرئان كەرىم» تىوغرا دەپ تەستىقلىغانلىرىنى بىزمۇ تەستىقلاپ قوبۇل قىلىمىز، «قۇرئان كەرىم» يالغان دەپ رەت قىلغانلىرىنى بىزمۇ ئىنكار قىلىمىز. شۇنىڭدەك، «قۇرئان كەرىم» راست ياكى يالغانلىقى ھەققىدە بىرگە مەلۇمات بەرمىگەن ماۋزۇلارنى بىز قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشتىن سۈكۈت قىلىمىز.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ﴾ تەرجىمىسى:«ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) چۈشۈردۇق.» [سۈرە مائىدە 48ـئايەت].

«قۇرئان كەرىم» بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلاردىكى ھەقىقەتلەرنى بىزگە بايان قىلىپ، ئۇنى كۆچكە ئىگە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىكى يالغانلارنى بىزگە بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىدۇ.

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىل دەپ ئاتالغان بۇ كىتابلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يالغانلارنى ۋە ئەپسانىلەرنى پاش قىلغانلىقى، ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالادىن مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارغا چۈشۈرۈلگەن ھەقىقىي تەۋرات بىلەن ئىنجىلغا تىل تەككۈزگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئەسىرلەردىن بېرى ئىككى ئەھدە كىتابلىرى نامىدىن توپلانغان يالغان قىسسە، ھېكايە ۋە ئەپسانىلەرگە ۋە بۇلارنى ۋەھىي ياكى ئىلھام كىتابلىرى دەپ گۇمان قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىپ، ھەقىقەتنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ الْكِتَابَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَـٰذَا مِنْ عِندِ اللَّـهِ لِيَشْتَرُوا بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا ۖ فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا يَكْسِبُونَ﴾ تەرجىمىسى:«كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنە مەنپەئەتى) ئۈچۈن، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دېگۈچىلەرگە ۋاي! قولى بىلەن يازغانلىرى (يەنى تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن) ئېرىشكەن (ھارام) نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي!.» [سۈرە بەقەرە 79-ئايەت].

ئىسلام ئەھلى ھەقىقىي تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق سۆزلىگەن تەۋرات ئىكەنلىكىگە، ھەقىقىي ئىنجىل ئىسا ئەلەيھىسسالام، ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق سۆزلىگەن ئىنجىل ئىكەنلىكىگە، شۇنىڭدەك، ھازىرقى كونا ۋە يېڭى ئەھدە نامى بىلەن مەشھۇر بولغان كىتابلارنىڭ ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلغان ھەقىقىي تەۋرات

ئىنجىللار ئەمەسلىكىگە بىردەك پىكىردىدۇر. چۈنكى ھازىر تەۋرات نامى بىلەن ئاتىلىپ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ كىتاب بار. ئىنجىل نامى بىلەن ئاتىلىپ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۆت كىتاب بار. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىرلا تەۋرات ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ بىرلا ئىنجىل چۈشۈرگەن. «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان تەۋرات بىلەن ئىنجىلغا ئىنكار قىلغان كىشى كافىر بولىدۇ. (چۈنكى بىز مۇسۇلمانلار بۇرۇنقى ھەقىقىي ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلدۇق ـ ت).

ھازىرقى «مۇقەددەس كىتابلار» نامى بىلەن راست ـ يالغان قىسسىلەردىن، پەيغەمبەرلەرگە قىلىنغان تۆھمەتلەردىن، تارىخىي ياكى ئىلمىي ئاساسى بولمىغان ھېكايىلەردىن، ئەپسانىلەردىن توپلانغان ئاتالمىش «تەۋرات، ئىنجىل» دېيىلگەن بۇ ئىككى ئەھدە كىتابلىرىغا ئىنكار قىلغان كىشى كافىر بولمايدۇ. بەلكى بۇلارغا ئىنكار قىلىپ، بۇلارنىڭ ئۇيدۇرما ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر. ھازىرقى ئۈچ خىل تەۋرات بىر ـ بىرىگە زىتتۇر. ئۇلاردىكى خاتالىقلار ۋە زىتلىقلار ناھايىتى كۆپتۇر. بۇ تەۋراتلاردا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ۋە مۇئاب دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇ قانداقمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولالىسۇن؟!. كەسكىن ئېيتىمىزكى، ھازىرقى تەۋراتلارنىڭ ھېچبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ھەقىقىي تەۋرات ئەمەس. ھازىرقى مەشھۇر تۆت ئىنجىلمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى زىتلىق ۋە خاتالىقلار بەك كۆپ. بۇ ئىنجىللاردا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئۇلارنىڭ گۇمانىغا كۆرە) كىرسقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلگەنلىك قىسسىسى بايان قىلىنىپ، ئىسا پالانى كۈنى ئۆلتۈرۈلدى ۋە قەبرىگە دەپنە قىلىندى، دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ قانداقمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولالىسۇن؟! شۇڭا كېسىپ ئېيتىمىزكى، ھازىرقى

مەشھۇر تۆت ئىنجىلنىڭ ھېچبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ھەقىقىي ئىنجىل ئەمەس.

مۇقەددەس كىتابلاردىكى بەزى زىتلىقلار

1 ـ بۇنيامىنىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ سانى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «كۇنلەر 1» 7 : 6 ـ تېكىستىدە «بۇنيامىنىنىڭ بالەئ، باكەر، بەدىئەئىل قاتارلىق ئۈچ بالىسى بار ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «كۇنلەر خەۋەرلىرى1» 8 : 1ـ، 2 ـ تېكىستىدە «بۇنيامىنىنىڭ بىرىنچى بالىسى بالەئ، ئىككىنچى بالىسى ئەشبىل، ئۈچىنچى بالىسى ئەخرەج، تۆتىنچى بالىسى نوھە، بەشىنچى بالىسى رافا ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. تەۋرات «يارىتىلىش» 46 : 21 تېكىستتە: «بۇنيامىنىنىڭ باللىرى: بالەئ، باكەر، ئەشبىل، نەمان، جىرا، ئىھيا، رۇش، مۇففىم، ھۇففىم ۋە ئەرد قاتارلىقلاردۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. بىرىنچى تېكىستكە ئاساسەن بۇنيامىنىنىڭ باللىرى ئۈچ، ئىككىنچى تېكىستكە ئاساسەن ئۇنىڭ باللىرى بەش بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ئىككى تېكىست باللارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ساندا بىر ـ بىرىگە زىت كەلگەن. بۇ ئىككىسى پەقەت بالەئنىڭ ئىسمىدىلا بىرلىشەلىگەن. ئۈچىنچى تېكىستكە ئاساسەن باللارنىڭ سانى ئوندۇر. بۇ تېكىست يۇقىرىدىكى ئىككى تېكىستكە باللارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن سانى جەھەتتە زىت كېلىدۇ. بۇ تېكىست بىرىنچى تېكىست بىلەن باللاردىن ئىككىسىنىڭ ئىسىملىرىدە، ئىككىنچى تېكىست بىلەن ئۇلاردىن يەنە باشقا ئىككىسىنىڭ ئىسىملىرىدە بىرلەشكەن. بۇ ئۈچ تېكىست بالەئنىڭ ئىسمىدىن باشقىسىدا بىرلىشەلمىگەن. يۇقىرىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تېكىستلەر بىر كىتابنىڭ ئىچىدىكى تېكىستلەردۇر. بۇ ئىككى تېكىستنىڭ ئاپتورى بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئەزرا. بۇ زىتلىق ئۇنىڭ مۇشۇ بىر كىتابى ئىچىدە يۈز بەرگەن. يەنە ئۇ يازغان «يارىتىلىش» كىتابىدىمۇ بۇنداق

زىتلىقلار ۋە خاتالىقلار مەۋجۇتتۇر. ئەھلى كىتاب ئالىملىرى بۇ ئىختىلاپ ۋە زىتلىقلاردىن ھەيران قېلىشتى ۋە بۇ خاتالىقلارنى ئەزراغا مەنسۇپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، مۇنداق جاۋاب بېرىشتى: «ئەزرا نەقىل قىلىپ يازغان نەسەب ۋاراقلىرى ناقىس ئىدى. ئۇ بۇنىيامىننىڭ بالىلىرى بىلەن نەۋرىلىرىنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرەلمىگەن.»

2 ـ ئىسرائىل ۋە يەھۇزانىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «سەمۇئىل 2» 24 : 9 ـ تېكىستىدە «يۇئاب ئومۇم خەلقنىڭ سانىنى پادىشاھقا بىلدۈردى. ئىسرائىل تەرەپتە 800 مىڭ قىلىچلىق چەۋەنداز بار ئىدى. يەھۇزا تەرەپتە 500 مىڭ ئەسكەر بار ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «كۇنلەر خەۋەرلىرى1» 21 : 5 ـ تېكىستىدە «يۇئاب ئومۇم خەلق سانىنى داۋۇدقا بىلدۈردى. ئىسرائىل ئەسكەرلىرىنىڭ سانى بىر مىليون بىر يۈز مىڭ قىلىچلىق چەۋەنداز ئىدى. يەھۇزانىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 470 مىڭ ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. بىرىنچى تېكىستكە ئاساسەن ئىسرائىلدىكى ئەسكەر سانى 800 مىڭ، يەھۇزانىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 500 مىڭ. ئىككىنچى تېكىستكە ئاساسەن ئىسرائىلدىكى ئەسكەر سانى بىر مىليون بىر يۈز مىڭ، يەھۇزانىڭ ئەسكەر سانى 470 مىڭ. كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئىككى تېكىست ئارىسىدىكى زىتلىق ناھايىتى چوڭدۇر. ئادام كىلارك ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە بۇ زىتلىقلارغا ئىقرار قىلىپ، بۇ ئىككى تېكىستنىڭ ئىچىدىن توغرا سانىنى ئىسپات قىلىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. چۈنكى تارىخ كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلگەن ئۆزگەرتىشلەر كۆپ بولغان. توغرا سانىنى بەلگىلەش ئۈچۈن تەتقىق قىلىش بىھۇدىلىكتۇر. ئەڭ ياخشىسى بۇ كىتابلارنىڭ

ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. چۈنكى بۇ ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر مەسىلىدۇر. بۇ كىتابلارنى نۇسخا قىلىپ كۆچۈرگەنلەرمۇ ئىلھام ئىگىلىرى ئەمەس ئىدى.

3 ـ جادنىڭ خەۋىرى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «سەمۇئىل 2» 24 : 13 ـ تېكىستىدە «جاد داۋۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەۋەر بەردى: ساڭا يەتتە يىللىق ئاچارچىلىق زامانى كەلگىنى ياخشىمۇ ياكى دۈشمەنلىرىڭ ئالدىدا ئۈچ ئاي قېچىپ كەتسەڭ، ئۇلار سېنى قوغلاپ يۈرسە ياخشىمۇ؟» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «كۈنلەر خەۋەرلىرى 1» 21 : 11 ـ، 12 ـ تېكىستلىرىدە «جاد داۋۇدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ئاللاھ دېدىكى قايسىنى قوبۇل قىلىسەن: ئۈچ يىللىق ئاچارچىلىقنىمۇ ياكى ئۈچ ئاي قېچىپ دۈشمەنلىرىڭنىڭ قىلىچىغا ئاخىرى تۈتۈلىشىڭنىمۇ؟» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ ئىككى تېكىستنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاچارچىلىق زامانى توغرىلىق زىتلىق بار. بىرىنچى تېكىستتە يەتتە يىل، ئىككىنچى تېكىستتە ئۈچ يىل دېيىلگەن. خرىستىيان ئالىملىرى ۋە مۇپەسسىرلىرى بىرىنچى تېكىستنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدۇ. ئادام كلاركمۇ ئىككىنچى تېكىست توغرىدۇر. چۈنكى ئۇ گىرېكچە نۇسخىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەيدۇ.

4 ـ پادىشاھ ئەخزىيانىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىكى يېشى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «پادىشاھلار 2» 8 : 26 ـ تېكىستىدە «ئەخزىيا تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدا ئۇ 22 ياشتا ئىدى. ئۇ ئېرۇسالىمدا بىر يىل پادىشاھ بولدى» دەپ قەيت

قىلىنغان بولسا، تەۋرات «كۇنلەر خەۋەرلىرى 2» 22 : 2 ـ تېكىستىدە «پادىشاھ ئەخزىيا تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدا ئۇ 42 ياشتا ئىدى. ئۇ ئېرۇسالىمدا بىر يىل پادىشاھ بولدى» دەپ قەيت قىلىنغان. يۇقىرىدىكى ئىككى تېكىستنىڭ ئوتتۇرىسىدا 20 يىل مىقدارى زىتلىق بار. شۈبھىسىزكى ئىككىنچى تېكىست خاتادۇر. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى يەھورام 40 يېشىدا ئۆلگەن. ئەخزىيا دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن پادىشاھلىققا ئولتۇرغان. (تەۋرات «كۇنلەر 2» 20 : 20 ۋە 22 : 1 ـ، 2) ئەگەر ئىككىنچى تېكىستنى خاتا دېمىگەندە ئەخزىيا دادىسىدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان بولىدۇ. ئادام كىلارك ، هورنې، هېنرى ۋە ئىسكاتلار ئۆز تەپسىرلىرىدە، بۇ زىتلىقلارنىڭ كاتىپنىڭ خاتالىقىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

5 ـ پادىشاھ يەھۇياكىننىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىكى يېشى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «پادىشاھلار 2» 24 : 8 ـ، 9 ـ تېكىستلىرىدە «يەھۇياكىن تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدا 18 ياشتا ئىدى. ئۇ ئېرۇسالىمدا ئۈچ ئاي پادىشاھ بولدى» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «كۇنلەر 2» 36 : 9 ـ تېكىستىدە «يەھۇياكىن پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقتىدا سەككىز ياشتا ئىدى. ئۇ ئېرۇسالىمدا ئۈچ ئاي ئون كۈن پادىشاھ بولۇپ، رەبنىڭ كۆزى ئالدىدا يامان ئىش قىلدى» دەپ قەيت قىلىنغان. كۆرگىنىمىزدەك، بۇ ئىككى تېكىستنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئون يىل مىقدارى زىتلىق بار. ئۇلارنىڭ مۇپەسسىرلىرى ئىككىنچى تېكىستنىڭ ئېنىق خاتا ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان. چۈنكى يەھۇياكىننىڭ ھاكىمىيەتتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئاران ئۈچ ئاي ئىدى. ئاندىن ئۇ بابىلغا ئەسىر بولۇپ باردى. ئۇ ئاياللىرى بىلەن بىرگە تۈرمىدە ئۆلگەن. سەككىز ياشلىق بالىنىڭ ئاياللىرى

بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدۇ ۋە بۇنداق بالىنى خاتالىق ئۆتكۈزدى، دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. (چۈنكى ئۇ تېخى بالىغ بولمىغاچقا قىلمىشىدىن جاۋابكار ئەمەس). شۇڭا ئادام كىلارك بۇ تېكىست چوقۇم ئۆيدۈرمىدۇر، دەپ ئېلان قىلغان.

6 ـ داۋۇدنىڭ چەۋەندازلىرىدىن بىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆلتۈرگەن ئۆلۈكلەرنىڭ سانى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «سەمۇئىل 2» 23 : 8 ـ تېكىستىدە «ئۇ قىلىچىنى بىر كۆتۈرۈشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا 800 كىشىنى ئۆلتۈردى» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «كۈنلەر 2» 11 : 11 ـ تېكىستىدە «ئۇ قىلىچىنى بىر كۆتۈرۈشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا 300 كىشىنى ئۆلتۈردى» دەپ قەيت قىلىنغان. ئادام كىلارك ۋە دوكتور كېنى كات: بۇ تېكىستلەردە ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىش يۈز بەرگەن، دەپ ئىقرار قىلغان.

7 ـ نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىگە ئالغان جانلىقلارنىڭ سانى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «يارىتىلىش» 6 : 19 ـ، 20 ـ تېكىستلىرىدە «ھەرقانداق تىرىك ۋە جىسىملىق جانلىقلاردىن ئىككىدىن ئېلىپ كېمىگە سالغىنكى، ئۇلار سېنىڭ بىلەن قالسۇن. ئۇلار ئەركەك ۋە چىشى ئارىلاش بولسۇن. قۇشلاردىن، ھايۋانلاردىن ھەر جىنسىدىن ئىككىدىن ئېلىپ كېمىگە سالغىن. ئۇلار سېنىڭ بىلەن قالسۇن» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «يارىتىلىش» 7 : 8 ـ، 9 ـ تېكىستلىرىدە «پاك ۋە ناپاك ھايۋانلاردىن، قۇشلاردىن ۋە يەر يۈزىدىكى پۈتۈن جانلىقلاردىن ئەركەك ـ چىشى بولۇپ، نۇھنىڭ كېمىسىگە ئاللاھ ئەمر قىلغان بويىچە كىردى» دەپ قەيت قىلىنغان. يەنە تەۋرات «يارىتىلىش» 7 : 2 ـ، 3 ـ

تېكىستلىرىدە «پۈتۈن پاك ھايۋانلاردىن ئەركەك ـ چىشى ئارىلاشتۇرۇپ يەتتىدىن، يەتتىدىن ئېلىۋال. ناپاك ھايۋانلاردىن ئەركەك ـ چىشى بولغان ھالدا ئىككىدىن، ئىككىدىن ئېلىۋال. قۇشلاردىن ھەم ئەركەك ـ چىشى ئارىلاشتۇرۇپ يەتتىدىن، يەتتىدىن ئېلىۋال. بۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدە نەسىل داۋام قىلسۇن» دەپ قەيت قىلىنغان. يۇقىرىدىكى بۇ ئۈچ تېكىست بىر كىتابنىڭ تېكىستلىرىدىن بولۇپ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تېكىستلەردىن ئاللاھنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ھايۋانلاردىن، قۇشلاردىن ۋە ھاشارەتلەردىن ئەركەك ـ چىشى قىلىپ ئىككىدىن، ئىككىدىن ئۆزى بىلەن بىللە كېمىگە ئېلىۋېلىشىنى ئەمر قىلغانلىقى ۋە ئەمەلىيەتتە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەمرنى ئورۇندىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما ئۈچىنچى تېكىستتىن ئاللاھنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن پاك ھايۋانلاردىن ۋە پۈتۈن قۇشلاردىن ئەركەك ۋە چىشى قىلىپ يەتتىدىن ۋە ناپاك ھايۋانلاردىن ئەركەك ۋە چىشى قىلىپ ئىككىدىن كېمىگە ئېلىۋېلىشىنى ئەمر قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تېكىستلەردە يەتتىنىڭ بايانى ھەققىدە ھېچ نەرسە يوق. ئۈچىنچى تېكىستتە بولسا، ناپاك ھايۋانلاردىن ئىككىدىن، پاك ھايۋانلاردىن ۋە قۇشلاردىن يەتتىدىن ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇلغان. مانا بۇ تېكىست يۇقىرىدىكى ئىككى تېكىستكە تامامەن زىتتۇر.

8 ـ داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئەسىرگە ئالغان ئەسىرلەرنىڭ سانى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «سەمۇئىل2» 7 : 4 ـ تېكىستتە «داۋۇد ئۇلاردىن 1700 ئاتلىق ۋە 20 مىڭ پىيادە قوشۇننى ئەسىرگە ئالغان» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «كونىلار خەۋەرلىرى1» 18: 4 ـ تېكىستتە ئەينى زاماندىكى ۋەقەلىك ھەققىدە

«داۋۇد ئۇلاردىن 1000 ھارۋىلىق، 7000 ئاتلىق ۋە 20 مىڭ پىيادە قوشۇننى ئەسىرگە ئالغان» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ ئىككى تېكىستنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق ئىنتايىن چوڭ.

9 ـ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەراملىقلاردىن ئۆلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ سانى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «سەمۇئىل 2» 10 : 18 ـ تېكىستتە «داۋۇد ئاراملىقلاردىن 700 ھارۋىلىق ۋە 40 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى ئۆلتۈرگەن» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات « سەمۇئىل1» 19 : 18 ـ تېكىستتە «داۋۇد ئاراملىقلاردىن 7000 ھارۋىلىق ۋە 40 مىڭ پىيادە قوشۇننى ئۆلتۈرگەن» دەپ قەيت قىلىنغان. ئىككىنچى تېكىستتە 6300 ھارۋىلىق زىيادە يېزىلغان ۋە ئاتلىقلار پىيادە دەپ ئالماشتۇرۇلۇپ يېزىلغان.

10 ـ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتلىرىنىڭ سانى توغرىسىدىكى زىتلىقلار:

تەۋرات «پادىشاھلار1» 4 : 26 ـ تېكىستتە «سۇلەيماننىڭ 40 مىڭ جابدۇلغان ۋە 12 مىڭ جابدۇقسىز ئېتى بار ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «كۇنلەر2» 9 : 25 ـ تېكىستتە «سۇلەيماننىڭ 4 مىڭ جابدۇلغان ۋە 12 مىڭ جابدۇقسىز ئېتى بار ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. بىرىنچى تېكىستتە 36 مىڭ جابدۇلغان ئات ئارتۇق يېزىلغان. مەشھۇر تەۋرات تەپسىرشۇناس ئادام كىلارك «ئەڭ ياخشىسى تەۋراتنىڭ تېكىستلىرىدىكى سانلاردا ئۆزگەرتىشلەر يۈز بەرگەن، دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك» دەپ ئېلان قىلغان.

11 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىنجىل «مەتتا» 1 : 17 ـ ۋە ئىنجىل «لۇقا» 3 : 23~28 ـ تېكىستلىرىدە بايان قىلىنغان. بۇ ئىككى ئىنجىلدىكى نەسەبلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن كىشى دەرھال ئالتە چوڭ ئىختىلاپ ۋە زىتلىقنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىنجىل «مەتتا» 1 : 16 ـ تېكىستتە ئىسانىڭ ئانىسى مەريەمنىڭ جورىسى ياقۇپ ئوغلى يۈسۈف ئىدى، دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، ئىنجىل «لۇقا» 3 : 23 ـ تېكىستتە «مەريەمنىڭ جورىسى ھالى ئوغلى يۈسۈف ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان.

(2) ئىنجىل «مەتتا» 1 : 6 ـ تېكىستتە «ئىسا داۋۇد ئوغلى سۇلەيماننىڭ نەسلىدىن ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، ئىنجىل «لۇقا» 3 : 31 ـ تېكىستتە «ئىسا داۋۇد ئوغلى ناساننىڭ نەسلىدىن ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان.

(3) ئىنجىل «مەتتا» 1 : 6~11 ـ تېكىستلىرىگە كۆرە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ بابىل ئەسىرلىكىگىچە بولغان ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسى مەشھۇر پادىشاھلار بولۇپ چىققىدۇ. ئىنجىل «لۇقا» 3 : 27~31 ـ تېكىستلىرىگە كۆرە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ناساندىن باشقىلىرىنىڭ ھېچبىرى پادىشاھمۇ ئەمەس، مەشھۇرمۇ ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەر بولۇپ چىققىدۇ.

(4) ئىنجىل «مەتتا» 1 : 12 ـ تېكىستتە «شەئەلتىيەل يەكونىيانىڭ ئوغلىدۇر» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، ئىنجىل «لۇقا» 3 : 27 ـ تېكىستتە «شەئەلتىيەل نىرىنىڭ ئوغلىدۇر» دەپ قەيت قىلىنغان.

(5) ئىنجىل «مەتتا» 1 : 3 ـ تېكىستتە «زەرۇبىبابىلىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئەبىھۇددۇر» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، ئىنجىل «لۇقا» 3 : 27 ـ تېكىستتە «زەرۇبىبابىلىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى رىسادۇر» دەپ قەيت قىلىنغان.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، زەرۇبىبابىلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى تەۋرات «كۇنلەر خەۋەرلىرى1» 3 : 19 ـ تېكىستتە بايان قىلىنغان. بۇ ئىسىملار ئىچىدە، ئەبىھۇد ياكى رىسا دەيدىغان بىر ئىسىم يوق.

(6) ئىنجىل «مەتتا» 1 : 6~17 ـ تېكىستلىرىدىن داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان زامان ئىچىدە 26 نەسىل ئۆتكەنلىكى، ئىنجىل «لۇقا» 3 : 23~31 ـ تېكىستلىرىدىن ئىسا بىلەن داۋۇدتىن ئىبارەت بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ئارىلىقىدا 41 نەسىل ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە بۇ ئىككى ئىنجىل ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، شۇ زاماندىكى خىرىستىيان ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى بۇ ئىنجىللاردىكى زىتلىقلاردىن ھەيران قېلىشقان، ئۇلار بۇ زىتلىقلارنى كىتابلىرىدىن يوق قىلىشقا پېتىنالمىغان ۋە زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زىتلىقلارنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشقان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۈمىدلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان. نەسەبتىكى بۇ زىتلىقلار كېيىنكىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ھالدا، تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

12 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا شىپا تاپقان ئاغرىقلارنىڭ سانى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

ئىنجىل «مەتتا» 20 : 29~34 ـ تېكىستلىرى ئارىسىدا ئىككى ئەمانىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان. مەن بۇ تېكىستلەردىن بىر قانچىسىنى نەقىل

قىلىش بىلەن كۇپايە قىلىمەن: 29 ـ تېكىستتە ئۇلار ئەربھادىن چىقىۋاتقاندا ئۇنىڭغا (يەنى ئىساغا) كۆپ كىشىلەر ئەگەشتى، 30 ـ تېكىستتە يول ئۇستىدە ئىككى قارىغۇ ئولتۇراتتى، 34 ـ تېكىستتە «ئىسا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە كۆزلىرىنى سىلىدى ـ دە، دەرھال ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى» دەپ قەيت قىلىنغان. ئىنجىل «مەتتا» 8 : 28~34 ـ تېكىستلىرىدە ئىككى مەجنۇننىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان. مەن 28 ـ تېكىستتىنلا نەقىل قىلىش بىلەن كۇپايە قىلىمەن. ئىسا جىرجىسلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە قەبرىدىن چىققان ئىككى مەجنۇن ئۇنى قارشى ئالدى.

ئىنجىل «مەتتا»نىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى تېكىستىدە بايان قىلىنغانلار ئىككى قارىغۇ ئىدى.

بىرىنچى قىسسىنىڭ ئۆز ئەينى ئىنجىل «ماركوس» 10 : 46~52 ـ تېكىستلىرىدە بايان قىلىنغان. بىراق بۇ تېكىستلەردە يول ئۇستىدە ئولتۇرغان ئەما بىر كىشى، ئۇنىڭ ئىسمى پارتماۋس ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئىككىنچى قىسسىنىڭ ئەينىسى ئىنجىل «ماركوس» 5 : 1~20 ـ تېكىستلىرىدە، ئىنجىل «لۇقا» 8 : 26~39 ـ تېكىستلىرىدە بايان قىلىنغان. بىراق بۇ تېكىستلەردىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنى قارشى ئالغان مەجنۇننىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

13 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 مۇرىتىغا تەۋسىيە قىلغان ھاسا توغرىسىدىكى زىتلىقلار:

ئىنجىل «مەتتا» 10 : 9 ـ، 10 ـ تېكىستلىرىدە «بەلۋېغىڭلارغا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس قويماڭلار. سەپەرگە ئوزۇق، ئاياغ، بىردىن ئارتۇق كىيىم، ھاسا

ئالماڭلار» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تەۋسىيەنىڭ ئۆزى ئىنجىل «لۇقا» 9 : 3 ـ تېكىستىدە «ئىسا ئۇلارغا ئېيتتىكى، سەپەر ئۈچۈن ھېچنەرسە ئالماڭلار: ئوزۇق، نان، كۆمۈش ئالماڭلار، بىر كىشى ئىككى كىيىم ئالمىسۇن» دەپ قەيت قىلىنغان. ئىنجىل «ماركوس» 6 : 8 ـ، 9 ـ تېكىستلىرىدە «ئۇلارغا سەپەر ئۈچۈن بىر ھاسىدىن باشقا ھېچنەرسە ئالماسلىقنى ۋەسىيەت قىلدى. ھەتتا ئۇلارنى بەلۋاغلىرىغا ئوزۇقلۇق، نان، مىس قاتارلىقلارنىمۇ ئېلىشتىن مەنئى قىلدى. بەلكى بىردىن ئاياغ ئېلىشنى ۋە ئىككى كىيىم ئالماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى» دەپ قەيت قىلىنغان. يۇقىرىدىكى ئۈچ تېكىستنىڭ بىرىنچىسى بىلەن ئىككىنچىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 مۇرىتىنى دىن تارقىتىش ئۈچۈن يىراقلارغا ئەۋەتكىنىدە ئۇلارنى سەپەر ئۈچۈن بىر نەرسە ئېلىشتىن، ھەتتا بىرەر ھاسىمۇ ئېلىشتىن مەنئى قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئۈچىنچى تېكىست ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ھاسا ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

14 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

ئىنجىل «يۇھەننا» 5 : 31 ـ تېكىستىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ سۆزى قەيت قىلىنغان: «ئەگەر مەن ئۆزۈم ئۈچۈن گۇۋاھچى بولىدىغان بولسام، مېنىڭ گۇۋاھلىقىم ھەق ئەمەستۇر.» ئىنجىل «يۇھەننا» 8 : 14 ـ تېكىستىدە يەنە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان: «ئەگەر مەن ئۆزۈم ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولسام، مېنىڭ گۇۋاھلىقىم ھەقتۇر.» بىرىنچى تېكىست ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچى

تېكىست ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بەرگەن گۇۋاھلىقىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى يەنى بىرىنچىسىنىڭ ئەكسىنى ئىپادىلەيدۇ.

15 ـ كىرىسنى كۆتۈرگۈچى ھەققىدىكى زىتلىقلار:

ئىنجىل «مەتتا» 27 : 32 ـ تېكىستتە «ئۇلار چىقىۋاتقىنىدا قەيرەۋانلىق بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىسمى سىمئان ئىدى. ئۇلار ئۇنى كىرىسنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ماقۇلغا كەلتۈردى» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، ئىنجىل «لۇقا» 23 : 26 ـ تېكىستتە «ئۇلار كىرىسنى ئېلىپ مېڭىۋېتىپ، قەيرەۋانلىق سىمئان ئىسىملىك بىر ئادەمنى تۇتۇۋالدى . ئۇ ئېتىزلىقتىن كېلىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭغا كىرىسنى كۆتۈرگۈزۈپ ئىسانىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى» دەپ قەيت قىلىنغان ۋە ئىنجىل «يۇھەننا» 19: 17 ـ تېكىستتە «ئۇلار ئىسانى ئېلىپ ماڭدى، ئىسا كىرىسنى ئۆزى كۆتۈرۈپ جۇمجۇمە (ئىبرانىيچە جۇلجۇسە) دەپ ئاتالغان جايغا باردى» دەپ قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى ئۈچ تېكىستنىڭ بىرىنچىسى بىلەن ئىككىنچىسى يەنى «لۇقا» بىلەن «مەتتا»دىكى تېكىستلەر كىرىسنى كۆتۈرگەن ئادەمنىڭ قەيرەۋانلىق سىمئان ئىكەنلىكىنى، ئۈچىنچى تېكىست يەنى «يۇھەننا»دىكى تېكىست بولسا، كىرىسنى كۆتۈرگەن كىشىنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

16 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئامانلىق ئېلىپ كەلگۈچىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىمۇ؟:

ئىنجىل «مەتتا» 5 : 9 ـ تېكىستتە «ئامانلىق ئېلىپ كەلگۈچىلەر بەختكە ئېرىشسۇن!. چۈنكى ئۇلار "ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى" دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ

قەيت قىلىنغان، ئىنجىل «لۇقا» 9 : 56 ـ تېكىستتە «چۈنكى ئىنسان ئوغلى (يەنى ئىسا) كىشىلەرنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، ئىنجىل «مەتتا» 10 : 34 ـ تېكىستتە «سىلەر مېنى يەر يۈزىگە ئامانلىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن كەلدى، دەپ گۇمان قىلىشماڭلار. مەن ئامانلىق ئەمەس، بەلكى قىلىچ ئېلىپ كەلدىم» ۋە ئىنجىل «لۇقا» 12 : 49 ~51 ـ تېكىستلەردە «مەن يەر يۈزىگە ئوت ئېچىش ئۈچۈن كەلدىم. بۇ ئوتنىڭ تۇتۇشىشىنى شۇنچىلىك كۆپ ئارزۇ قىلىمەن. مېنى يەر يۈزىگە ئامانلىق ئېلىپ كەلدى، دەپ گۇمان قىلىشامسىلەر؟ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس، بەلكى مەن سىلەرگە ئېيتىمەنكى، مەن بىرلىكنى پارچىلاش ئۈچۈن كەلدىم.» دەپ قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى تېكىستلەردىكى زىتلىقلار ناھايىتى ئوچۇقتۇر. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تېكىستلەردە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئامانلىق ئېلىپ كەلگۈچىلەرنى «بەختكە ئېرىشسۇن!» دەپ ماختايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كىشىلەرنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى تېكىستلەردە ئۆزىنىڭ ئامانلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يەر يۈزىگە ئوت ئېچىش ھەم بىرلىكنى پارچىلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ.

مۇقەددەس كىتابلاردىكى بەزى خاتالىقلار

بۇ ماۋزۇدىكى خاتالىقلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى يۇقىرىدىكى نۇسخىلار، تەرجىمىلەر ۋە تېكىستلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىقلار ۋە ئىختىلاپلارنىڭ بايانى ئىدى. ئەمما بۇ ماۋزۇدا بايان قىلماقچى بولغانلىرىمىز ئەمەلىيەتكە، ياكى ئەقىلگە، ياكى ئادەتكە، ياكى تارىخىي چىنلىققا، ياكى ھەرقانداق بىر ئىلمىي ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئوپئوچۇق خاتالىقلارنىڭ بايانىدۇر.

1 ـ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ مىسىردا تۇرغان ۋاقتى ھەققىدىكى خاتالىقلار:

تەۋرات ئىبرانىيچە «چىقىش» 12 : 41 ـ تېكىستلەردە «ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مىسىردا 430 يىل تۇرغان. تولۇق 430 يىل توشقان كۈنى رەبنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى مىسىردىن چىقىپ كەتكەن» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ خاتادۇر. چۈنكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ مىسىردا تۇرغان ۋاقتى 215 يىلدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ كەنئان زېمىنى (پەلەستىن)دە ۋە مىسىردا تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئومۇمىي 430 يىلدۇر. چۈنكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەنئان زېمىنىغا بارغان ۋاقتىدىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىغىچە بولغان مۇددەت ئاران 25 يىل. ئىسھاقنىڭ تۇغۇلغىنىدىن ياقۇپنىڭ تۇغۇلغىنىغىچە ئۆتكەن ۋاقىت 60 يىل. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىر زېمىنىغا كىرگەن ۋاقتىدا 130 ياشتا ئىدى. نەتىجىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەنئان زېمىنىغا كىرگەن ۋاقتىدىن ئۇنىڭ نەۋرىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىر زېمىنىغا كىرگەن ۋاقتىغىچە ئۆتكەن مۇددەتنىڭ ئومۇمىيسى 215 يىل بولۇپ چىقىدۇ. يەنى 215=130+60+25 ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ مىسىر زېمىنىدا تۇرغان ۋاقتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىرغا كىرگىنىدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ مۇسا

ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە مىسىردىن ئايرىلغان ۋاقتىغىچە بولۇپ، بۇ ھەم 215 يىلدۇر. ئۇلارنىڭ كەنئان ۋە مىسىر زېمىنلىرىدا تۇرغان ۋاقتىنىڭ ھەممىسى 430 يىل بولىدۇ. ئەھلى كىتاب تارىخچىلىرى ۋە مۇپەسسىرلىرىدىن بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ئالىملار تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىدىكى بۇ خاتالىقنى ئېتىراپ قىلغان ۋە مۇنداق دەپ خۇلاسە چىقارغان: «تەۋراتنىڭ سامىرىيە نۇسخىسىدىكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئىككى جايدا تۇرغان ئومۇمىي مۇددىتىنى توپلىغان تېكىستلەر توغرىدۇر. بۇ باشقا نۇسخىلاردىكى خاتالىقلارنى رەت قىلىشقا يېتەرلىك.» تەۋرات سامىرىيە «چىقىش» 12 : 40 ـ تېكىستتە «ئىسرائىل ئەۋلادى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كەنئان ۋە مىسىر زېمىنلىرىدا تۇرغان ۋاقتى 430 يىلدۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىدىمۇ بۇ تېكىست ئەينى شەكىلدە قەيت قىلىنغان. خىرىستىيان تەتقىقاتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېتىبارلىق سانالغان «مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن رەھبەر» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەپ يازىدۇ، «ياقۇپنىڭ مىسىردا تۇرۇشقا باشلىغان ۋاقتىدىن ئىسانىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتىغىچە ئۆتكەن مۇددەت 1706 يىل. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتكەن ۋە پىرئەۋننىڭ غەرق بولغان ۋاقتىدىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتىغىچە ئۆتكەن مۇددەت 1491 يىلدۇر. بىز بۇ مۇددەتلەرنى ھېسابلاپ چىققىنىمىزدا، 1706ـ1491=215 بولۇپ چىقىدۇ. بۇ مۇددەت ياقۇپ مىسىرغا كىرگەندىن باشلاپ مۇسانىڭ مىسىردىن ئايرىلغان ۋاقتىغىچە بولغان مۇددەتنىڭ ئۆزىدۇر. بىز ياقۇپنىڭ مۇساغا 4 ـ بوۋا ئىكەنلىكىنى (يەنى مۇسا ئىمراننىڭ ئوغلى، ئىمران قەھاتنىڭ ئوغلى، قەھات لېۋىينىڭ ئوغلى، لېۋى ياقۇپنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى) بىلگىنىمىزدە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ مىسىردا تۇرغان ۋاقتى 215 يىل ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشى

مۇمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىگە تولۇق قانائەت هاسىل قىلغان بولىمىز.» مانا بۇ مۇددەت ئەهلى كىتاب ئالىملىرىدىن بولغان تەتقىقاتچىلار، مۇپەسسىرلەر ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن يەكۇنىدۇر. ئۇلار تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىدىكى «ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ يالغۇز مىسىردىلا تۇرغان ۋاقتى 430 يىل ئىدى» دېگەن تېكىستىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى پاش قىلغان. شۇڭا ئادام كىلارك ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىدا قەيت قىلىنغانلاردا خاتالىقلارنىڭ ناهايىتى كۆپ ئىكەنلىكىگە، سامىرىيە نۇسخىسىدىكى مۇسانىڭ بەش كىتابىنىڭ باشقىلىرىغا قارىغاندا توغرا ئىكەنلىكىگە ۋە تارىخ بۇنى كۈچلەندۈرىدىغانلىقىغا ھەممە بىردەك كۆز قاراشتىدۇر» هېنرى ۋە ئىسكات تەپسىرلىرىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «سامىرىيە نۇسخىسى توغرىدۇر. ئۇ باشقىسىدىكى زىتلىقلارنى هەل قىلىدۇ.»

مەلۇم بولدىكى، ئەهلى كىتاب ئالىملىرى تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسى «چىقىش» 12 : 40 ـ تېكىستتىكى خاتالىقلارنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتالمىغان.

2 ـ مىسىر زېمىنىدىن مۇسا ئەلەيهىسسالام بىلەن بىرگە چىقىپ كەتكەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ سانى ھەققىدىكى خاتالىقلار:

تەۋرات «سانلار» 1 : 45~47 ـ تېكىستلەردە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «ئۇلارنىڭ سانىنى مۇسا بىلەن هارۇن ساناپ چىقتى... ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن ئۆز ئاتىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن سوقۇشقا چىققانلارنىڭ ھەممىسى 20 ياشنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى 603550 (ئالتە يۈز ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئەللىك) نەپەر ئىدى. ئەمما لاۋىيلار ئاتىلىرىنىڭ نەسەبى ئېتىبارى بىلەن بۇ سانىنىڭ ئىچىدىن سانالمايتتى.» يۇقىرىدىكى تېكىستلەرگە كۆرە، مىسىردىن مۇسا ۋە

ھارۇن ئەلەيھىسسالاملار بىلەن چىققان ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن 20 ياشنىڭ ئۈستىدە بولغانلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 603550 كىشىدۇر. لاۋىيلار بۇ ساننىڭ سىرتىدا ئىدى. شۇنىڭدەك، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە 20 ياشقا توشمىغان باللىرى بۇ ساننىڭ سىرتىدا ئىدى. بۇ سانغا كىرمىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ سانغا قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى ئىككى يېرىم مىليوندىن كەم بولمايدۇ، بۇ خاتادۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق:

(1) تەۋرات «يارىتىلىش» 46 : 27 ـ تېكىستتە، «چىقىش» 1 : 5 ـ تېكىستتە، «ئۆلگە» 10 : 22 ـ تېكىستتە، ياقۇپ ئائىلىسىنىڭ مىسىرغا بارغان ۋاقتىدىكى ئومۇمىي سانى 70 كىشى ئىدى، دەپ قەيت قىلىنغان.

(2) ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ مىسىردا تۇرغان ۋاقتى 215 يىل ئىدى.

(3) تەۋرات «چىقىش» 1 : 15~22 ـ تېكىستلىرىدە «ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ مىسىر زېمىنىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىدىكى 80 يىل جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئوغۇل باللىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، قىزلىرى ساق قالدۇرۇلاتتى» دەپ قەيت قىلىنغان. سىز يۇقىرىدىكى ئۈچ مەسىلىنى تونۇغاندىن كېيىن، ئەقلىڭىز بۇ 603550 ساننىڭ چوقۇم خاتا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بەلكى بىز ئۇلاردىن مىسىردا تۇغۇلۇپ ھامان ئۆلتۈرۈلگەن بوۋاقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ۋە ئۇلارنىڭ سانىنى ھەر 25 يىلدا بىر ھەسسە كۆپەيگەن دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ 70 كىشىلىك سان 215 يىل ئىچىدە توققۇز قېتىم ھەسسىلەپ كۆپىيىپ ئاخىرقى سان 36000 دىن ئاشمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلاردىن 20 ياشنىڭ ئۈستىدىكىلەرنىڭ سانى 603550 كىشى بولسۇن!؟ ئەگەر ئۇلاردىن 20 ياشنىڭ ئۈستىدىكىلەرنىڭ سانى يېرىم مىليوندىن كۆپ بولىدىغان بولسا، پۈتۈن

ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ئىككى يېرىم مىليوندىن ئاز بولماسلىقى لازىم كېلىدۇ. بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

تەتقىقاتچى ئالىم ئىبنى خەلدۇن ئۆزىنىڭ تارىخ ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ ساننى ئىنكار قىلىش مەۋقەسىدە بولغان. چۈنكى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت ئۈچ ئاتا يەنى تۆت نەسىل بار ئىدى. بۇ «چىقىش» 6 : 17~20 ـ تېكىستلىرىدە ۋە 3 : 17~19 ـ تېكىستلىرىدە قەيت قىلىنغان مۇنۇ ئىبارىلەرگە ئاساسلىنىدۇ، «مۇسا ئىمراننىڭ ئوغلى، ئىمران قەھتاننىڭ ئوغلى، قەھتان لېۋىنىڭ ئوغلى، لېۋى ياقۇپنىڭ ئوغلىدۇر.» 70 كىشىلىك بىر ئائىلىنىڭ تۆت نەسىل جەريانىدا بۇنچىلىك كۆپ سانغا يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەقىلمۇ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ.

تۆۋەندىكى ئىككى ۋەقەلىكمۇ بۇ ساننىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ:

(1) تەۋرات «چىقىش» 12 : 38~42 ـ تېكىستلىرىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بىلەن كۆپ ساندىكى قوي، كالا ۋە باشقا چارۋىلىرىنى ئېلىپ مىسىردىن چىققانلىقى، ئۇلارنىڭ دېڭىزدىن بىر كېچىدىلا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى ئىلگىرىلىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەشلىرى ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىۋاسىتە ئاغزاكى بۇيرۇقى يېتەرلىك ئىكەنلىكى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرى دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن تۇر سىنا بويىدىكى ئون ئىككى بۇلاقنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشقانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ سانى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك كۆپ بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى، چارۋىلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر كېچىدىلا دېڭىزدىن ئۆتۈپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەشلىرى ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىۋاسىتە ئاغزاكى ئېيتقان ئەمرىنىڭ كۇپايە قىلىشى

مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆر سىنانىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋە چارۋىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن سىغىشى مۇمكىن ئەمەس.

(2) تەۋرات «چىقىش» 1 : 15 ـ، 22 ـ تېكىستلىرىدە «ئىسرائىل ئەۋلادى ئۇچۇن مىسىردا ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ تۇغۇت ئىشلىرىغا قارايدىغان ئىككىلا دوختۇر ئايالنىڭ بولغانلىقى، بۇ ئىككىسىگە يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقى بېرىلگەنلىكى» قەيت قىلىنغان. (چۈنكى مىسىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھى پىرئەۋنگە ئۇنىڭ يېنىدىكى پالچىلىرى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدىغانلىقى ۋە ئۇ پىرئەۋننىڭ سەلتەنىتىنىڭ گۇمران بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەرگەندىن كېيىن، پىرئەۋن پۈتۈن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئوغۇل تۇغۇلغان بوۋاقلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چىقارغان ـ ت)

ئەگەر ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ سانى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، چوڭ سان بولغان بولسا، ئىككى ئايال دوختۇرنىڭ پۈتۈن تۇغۇتلارغا قارىيالىشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى بۇنداق ۋەزىيەت مىڭلارچە تۇغۇت ئاياللىرىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سانى 215 يىل ئىچىدە 70 كىشىدىن نەسىللىنىش مىقدارىدا ئىدى. شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارنىڭ تۇغۇت ئىشلىرىغا ئىككى ئايال يېتەرلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن چارۋىلىرى بىلەن مىسىردىن سىنا زېمىنىغا چىقىپ بولۇشى ئۇچۇن بىر كېچە يېتەرلىك بولىدۇ. بۇ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھەر كۈنى ئىلگىرىلىشى ئۇچۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزاكى بۇيرۇقى يېتەرلىك بولىدۇ ۋە تۇرسىنا ئەتراپىدىكى جايلارمۇ ئۇلارنىڭ ۋە بارلىق چارۋىلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى ئۇچۇن يېتەرلىك سانىلىدۇ. شۈبھىسىز ھالدا كېيىن ئېيتىمىزكى، تەۋرات «سانلار» 1

: 44 ~ 47 ـ تېكىستلىرىدىكى «ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن 20 ياشنىڭ ئۈستىدە بولغانلىرىنىڭ سانى 603550 كىشى ئىدى» دېگەن ئىبارىلەر خاتادۇر.

3 ـ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشنى كېرەك قىلىدىغان خاتالىق:

تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 23 : 2 ـ تېكىستتە «زىنا بالىسى رەبنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئونىنچى ئەۋلادىغىچە ھېچبىرى رەبنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىست خاتادۇر. چۈنكى بۇ تېكىستكە كۆرە داۋۇد ئەلەيھىسسالام رەبنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدۇ ۋە پەيغەمبەرمۇ سانالمايدۇ. چۈنكى، تەۋرات «يارىتىلىش» 38 : 12 ~ 30 ـ تېكىستلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، فارىس زىنا بالىسىدۇر. فارىسنىڭ دادىسى يەھۇزا سامار ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىق نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئوغلى فارىس تۇغۇلغان. داۋۇد ئەلەيھىسسالام فارىسنىڭ 9 ـ نەۋرىسىدۇر. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىنجىل «مەتتا» 1 : 1 ~ 6 ـ تېكىستلەردە ۋە ئىنجىل «لۇقا» 3 : 31 ~ 33 ـ تېكىستلەردە بايان قىلىنىشىچە مۇنداقتۇر: «داۋۇد يەسسانىڭ ئوغلى، يەسسا ئۇبېدنىڭ ئوغلى، ئۇبېد بوئەزنىڭ ئوغلى، بوئەز سەلمۇننىڭ ئوغلى، سەلمۇن نەھشۇننىڭ ئوغلى، نەھشۇن ئەممىنادابنىڭ ئوغلى، ئەممىناداب ئارامنىڭ ئوغلى، ئارام ھەسرۇننىڭ ئوغلى، ھەسرۇن فارىسنىڭ ئوغلى، فارىس يەھۇزانىڭ ئوغلى، يەھۇزا ياقۇپنىڭ ئوغلى، ياقۇپ ئىسھاقنىڭ ئوغلى، ئىسھاق ئىبراھىمنىڭ ئوغلىدۇر». تەۋرات «زەبۇر» 89 : 26 ـ، 27 ـ تېكىستلىرىگە كۆرە داۋۇد ئەلەيھىسسالام رەب جامائەسىنىڭ رەئىسى ۋە يەر يۈزىدىكى پۈتۈن پادىشاھلارنىڭ كاتتىسى سانىلىدۇ. شۇڭا كېسىپ ئېيتىمىزكى، تەۋرات « يارىلىش تەپسىلاتلىرى » 23 : 2 ـ تېكىست خاتادۇر.

1825 ـ يىلى لوندوندا ۋە 1826 ـ يىلى كالكۇتتادا نەشر قىلىنغان ئىنجىل «لۇقا» دىكى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئارام بىلەن ھەسرۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا يورام دېگەن بىر ئىسىمنى زىيادە قىلىش ئارقىلىق كۆپەيتىپ نەشر قىلىنغان. ئۇلار بۇ زىيادىنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنى كۆپەيتىپ ئۇنى فارسىنىڭ 11 ـ نەۋرىسى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان. لېكىن بۇ ئويدۇرمىچىلار ئىنجىل «لۇقا»دىكى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىگە يورام دېگەن بۇ ئىسىمنى زىيادە قىلغان ۋاقتىدا بۇ ئىككى نەشرىنىڭ ئىچىدە بار بولغان «مەتتا»دىكى نەسەب بابىغىمۇ بۇ ئىسىمنى زىيادە قىلىشنى ئۇنۇتقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئويدۇرمىچىلىق ئەپتى بەشىرىسى ئېچىلىپ قالغان. ئەينى ۋاقىتتا نەشر قىلىنغان بۇ ئىككى ئىنجىل ئوتتۇرىسىدا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىدىكى ئىختىلاپ ھازىرمۇ شۇ بويىچە داۋام قىلماقتا. ئۇلار زىيادە قىلغان يورام دېگەن بۇ ئىسىم مەزكۇر ئىنجىلنىڭ 1844 ـ يىلدىكى ۋە 1865 ـ يىلدىكى نەشرلىرىدە يوق. ئۇلاردىن كېيىنكى نەشرلىرىدىمۇ يوقتۇر. توغرىسى، تەۋرات « يارىلىش تەپسىلاتلىرى » 23: 2 ـ تېكىستتە ئەسلىدىنلا ئويدۇرمىدۇر. ئۇنىڭدىكى يەھۇزانىڭ سامار بىلەن زىنا قىلغانلىق قىسسىسىمۇ تۆھمەتتۇر. ئەھلى كىتابنىڭ ئاتاقلىق مۇپەسسىرى ھارسلىيمۇ «...ئۇنىڭچى نەسىلگىچە ھېچبىرى رەبنىڭ جامائىتىگە كىرەلمەيدۇ» دېگەن ئىبارە ئويدۇرمىدۇر. ئۇنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوقتۇر، دەپ ھۆكۈم قىلغان.

4 ـ پەيغەمبەرلەردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى ھەققىدىكى خاتالىق:

تەۋرات «سەمۇئىل1» 6 : 13~19 ـ تېكىستلىرىدە «پەيغەمبەر ئەھلى ۋادىدا بوغداي ئوراۋاتاتتى. ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىۋىدى، بىر ساندۇقنى كۆردى ۋە بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشتى. رەب بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر

ئەھلىنى ئۇردى. چۈنكى ئۇلار رەبنىڭ ساندۇقىغا قارىدى. ئۇلاردىن 50 مىڭ 70 نەپەر (ئەللىك مىڭ يەتمىش) كىشى ئۆلتۈرۈلدى. خەلق يىغلاشقا باشلىدى. چۈنكى رەب بۇ خەلقكە قاتتىق زەربە بەرگەن ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. شۈبھىسىزكى، بۇ خەۋەر خاتادۇر. ئادام كىلارك بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىدىكى بۇ تېكىست چوقۇم ئۆزگەرتىشكە ئۇچرىغان، ياكى ئۇنىڭدىن بەزى ئىبارىلەر چۈشۈپ قالغان، ياكى بىلىپ ـ بىلمەي 50 مىڭ (ئەللىك مىڭ) دېگەن لەۋزىنى قوشۇپ قويغان بولۇشى ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى بۇنداق كىچىك بىر يېزىدا بۇ ساندىكى ئىنسانىنىڭ بولۇشى ناتايىن. بار دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئورما ئورىغىلى چىققانلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەللىك مىڭ كىشىنىڭ ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان بىر ساندۇقنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.»

تەۋراتنىڭ لاتىنچە نۇسخىسىدا بۇ ئىبارە «70 نەپەر رەئىس ۋە 50 مىڭ (ئەللىك مىڭ) خەلق ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ قەيت قىلىنغان، گىرېكچە نۇسخىدىمۇ ئىبرانىيچە نۇسخىسىغا ئوخشاش «50 مىڭ (ئەللىك مىڭ) 70 نەپەر ئىنسان» دەپ قەيت قىلىنغان. ئەمما تەۋراتنىڭ سۈريانچە ۋە ئەرەبچە تەرجىمىلىرىدە «5070 (بەش مىڭ يەتمىش) نەپەر ئىنسان» دەپ قەيت قىلىنغان. تارىخشۇناس يۇسىفىس «70 كىشى» دەپ يازغان. ئەھلى كىتابنىڭ يەنە باشقا ئالىملىرى ھەر خىل رەقەملەرنى يازغان. تەۋراتنىڭ نۇسخىلىرىدىكى بۇ زىتلىقلار ۋە بايان قىلىنغان رەقەمنىڭ ئىمكانسىزلىقى بىزگە بۇ ماۋزۇدا مەزمۇنلارنى كېمەيتىش ياكى قوشۇش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەنلىكىگە تولۇق قانائەت ھاسىل قىلدۇرىدۇ. ھېنرى ۋە ئىسكات تەپسىرلىرىدە بۇنچىلىك ئىشقا كىشىلەرنىڭ گۇناھكار بولۇپ سانىلىشىنى ۋە بۇنداق كىچىك بىر يېزىدا بۇ خىل

ئۆلتۈرۈشىنىڭ بولغانلىقىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغان ۋە بۇ ھادىسىنىڭ بولغانلىقىدىن شەكلەنگەن. باشقا ئالىملارمۇ تارىختا بۇنداق بىر ھادىسىنىڭ بولغانلىقىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغان ۋە بۇ خەۋەرنى ئىنكار قىلىپ، تەۋراتنىڭ بۇ تېكىستلىرىنىڭ ئويدۇرۇلغانلىقىغا ئىقرار قىلغان.

5 ـ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان راۋاقنىڭ ئېگىزلىكى ھەققىدىكى خاتالىق:

تەۋرات «كۇنلەر 2» 3 : 4 ـ تېكىستتە «راۋاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆينىڭ كەڭلىكىدە 20 گەز، ئېگىزلىكى 120 گەز ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. تەۋرات «پادىشاھلار 1» 6 : 2 ـ تېكىستتە «سۇلەيمان بىنا قىلغان ئۆينىڭ ئېگىزلىكى 30 گەز ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ ئۆينىڭ ئېگىزلىكى 30 گەز بولغان بولسا، راۋاقنىڭ ئېگىزلىكى قانداقمۇ 120 گەز بولسۇن؟!

ئادام كىلارك ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە «كۇنلەر 2» 3 : 4 ـ تېكىستتە چوقۇم خاتالىق بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. شۇڭا بۇ تېكىستنى ئەرەب ۋە گىرېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلغانلار 120 دېگەن رەقەمدىكى 1نى ئېلىپ تاشلاپ «راۋاقنىڭ ئېگىزلىكى 20 گەز ئىدى» دەپ يازغان. بۇنىڭغا بىنائەن بۇ نۇسخىنىڭ 1844 ـ يىلدىكى نەشرىدە بۇ خاتالىق تۈزۈتۈلۈپ، «ئۆينىڭ ئالدىدىكى راۋاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقىدا 20 گەز، ئېگىزلىكى ھەم 20 گەز ئىدى» دەپ يېزىلغان.

6 ـ ئەبىيا ۋە يەربىئامنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ھەققىدىكى خاتالىق:

تەۋرات «كۇنلەر خەۋەرلىرى2» 13 : 3~17 ـ تېكىستلەردە «ئەبىيا 400 مىڭ كىشىلىك تاللانغان چەۋەندازلىرى بىلەن ئۇرۇشنى باشلىدى. يەربىئام بولسا

ئۇرۇشقا 800 مىڭ كىشىلىك قايتماس چەۋەندازلارنى تاللىدى. ئەبىيا ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەردى. ئىسرائىل تەرەپتىن 500 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى» دەپ قەيت قىلىنغان. ئەھلى كىتابنىڭ مۇپەسسىرلىرى بۇ ئىككى تېكىستتىكى سانلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېقرار قىلغان. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھلارنىڭ ئادەم سانىغا قىياس قىلغاندا بۇ سان ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى توپلىغاندىمۇ بۇ سانغا يەتمەيتتى. شۇڭا تەۋراتنىڭ لاتىنچىغا قىلىنغان كۆپ تەرجىمىلىرىدە بۇ سان ئۆزگەرتىلىپ بىرىنچى سان 40 مىڭ، ئىككىنچى سان 80 مىڭ، ئۈچىنچى سان 50 مىڭ دەپ يېزىلغان. ئەھلى كىتاب مۇپەسسىرلىرىمۇ بۇ ئۆزگەرتىشلەرگە نارازىلىق بىلدۈرمىگەن، بەلكى قوللىغان.

7 ـ ئادەم ئەلەيھىسسالام يېگەن دەرەخ ۋە ئۇنىڭ يېشى توغرىسىدىكى خاتالىق:

تەۋرات «يارىتىلىش» 2 : 7 ـ تېكىستتە «ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى تونۇش دەرىخىدىن يېمە. چۈنكى سەن ئۇنى يېگەن كۈنۈڭ ئۆلىسەن» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ خاتادۇر. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇ دەرەختىن يېگەن ۋە ئۇ كۈنى ئۆلمىگەن، بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىن 900 يىلدىن كۆپرەك ئۆمۈر كۆرگەن. تەۋرات «يارىتىلىش» 6 : 3 ـ تېكىستتە «رەب دېدىكى: مېنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان روھىم ئۇنىڭ ئازغۇنلۇقلىرى سەۋەبتىن مەڭگۈگە داۋام قىلمايدۇ. ئۇ بەربىر ئىنساندۇر، ئۇنىڭ ئۆمرى 120 يىل بولىدۇ.» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇمۇ ئېنىتايىن خاتادۇر. چۈنكى قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن. تەۋرات «يارىتىلىش» 5 : 1~31 ـ تېكىستلەرگە كۆرە: ئادەم ئەلەيھىسسالام 930 يىل ، شىس 912 يىل، ئەنۇش 905 يىل، قىنان 910 يىل، مەھەلئىل 895 يىل،

يارد 962 يىل، ئەخنۇخ (ئىدرىس ئەلەيھىسسالام) 365 يىل، مۇتەشالىھ 969 يىل، لامىك 777 يىل ياشىغان. تەۋرات «يارىتىلىش» 9 : 29 ـ تېكىستكە كۆرە: نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىل ياشىغان. شۇنىڭدىن ئېنىقلانىدىكى، ئىنسانلارنىڭ يېشىنى 120 يىلغا توختىتىش خاتادۇر، ئەلۋەتتە.

8 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىدە كەلگەن نەسىللەر سانىدىكى خاتالىق:

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان نەسەبى ئىنجىل «مەتتا» 1 : 1~17 ـ تېكىستلەردە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئىبراھىمدىن داۋۇدقىچە بولغان نەسىللەرنىڭ ھەممىسى 14 نەسىلدۇر. داۋۇدتىن بابىل ئەسىرلىكىگىچە بولغان نەسىللەر 14 نەسىلدۇر. بابىل ئەسىرلىكىدىن ئىساغىچە بولغان نەسىللەر 14 نەسىلدۇر.» بۇ تېكىستتىن مەلۇم بولدىكى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان نەسەبى ئۈچ دەۋرنى ۋە ھەربىر دەۋر 14 ئەۋلادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەتىجىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان نەسىللەرنىڭ ئومۇمىيسى 42 نەسىل بولۇپ چىقىدۇ. بۇ خاتادۇر. چۈنكى بۇ نەسىللەرنىڭ ئومۇمىي سانى 41 نەسىل ئىدى. بىرىنچى دەۋر يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن داۋۇد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان نەسەب بولۇپ، ئۇنىڭدا 14 نەسىل، ئىككىنچى دەۋر يەنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدىن يەكونىياغىچە بولغان نەسەب بولۇپ، بۇنىڭدا 14 نەسىل، ئۈچىنچى دەۋر يەنى شەئەلتىيلدىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان نەسەب بولۇپ، بۇنىڭدا 13 نەسىل ئۆتكەن. مىلادىيەنىڭ ئۈچىنچى ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم بورفىرى بۇ خاتالىققا قارشى چىققان بولسىمۇ، بۇنىڭغا جاۋاب تاپالمىغان.

9 ـ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ كاھىنلارنىڭ يېنىغا بارغانلىقى ھەققىدىكى خاتالىق:

ئىنجىل «مەتتا» 12 : 3 ـ، 4 ـ تېكىستلەردە «ئۇلارغا ئېيتتى: سىلەر داۋۇدنىڭ ئۆزى ۋە يېنىدىكىلىرى ئاچ قالغاندا قانداق قىلغانلىقىنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟، ئۇ ئاللاھنىڭ بەيتىگە كىرىپ كاھىنلاردىن باشقا ئۇنىڭغا ۋە يېنىدىكىلەرگە يېيىش ھالال بولمىغان ناننى قانداق يېدى.» ئىنجىل «لۇقا» 6 : 3 ـ، 4 ـ تېكىستلەردىمۇ شۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان. ئىنجىل «ماركوس» 2 : 25 ـ، 26 ـ تېكىستلەردە «ئۇلارغا ئېيتتى: داۋۇد ئاچ قالغان ۋاقىتىدا ئۇنىڭ ۋە يېنىدىكىلەرنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى ھېچ ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟، ئۇ كاھىنلارنىڭ كاتتىسى ئەبىئەسارنىڭ دەۋرىدە ئاللاھنىڭ بەيتىگە قانداق كىردى ۋە كاھىنلاردىن باشقىسىغا يېيىش ھالال بولمىغان ناننى يېدى ۋە يېنىدىكىلەرگىمۇ بەردى» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىستلەردىكى «ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر»، «ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرگە» ۋە «ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرگىمۇ بەردى» دېگەن ئىبارىلەر ئويدۇرمىدۇر. چۈنكى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋاقىتتا يالغۇز ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى. يەنە «كاھىنلارنىڭ كاتتىسى ئەبىئەسارنىڭ دەۋرىدە» دېگەن ئىبارىمۇ ئويدۇرمىدۇر. چۈنكى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇ جايغا كەلگەن ۋاقىتتىكى كاھىنلارنىڭ كاتتىسى ئەخمالىك ئىسىملىك بىر كىشى ئىدى. بۇ خاتالىقلار ۋە ئويدۇرمىچىلىقلار بۇ قىسسىنىڭ ئەسلى تېكىستى بولغان «سەمۇئىل 1» 21 : 1~9 ـ تېكىستلەرگە ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ 22 : 23 ـ تېكىستىگە مۇراجىئەت قىلىش بىلەن بىلىنىدۇ. شۇڭا مىستېر گوۋېل ئۆز كىتابىدا بۇلارنى خاتا ۋە ئويدۇرما، دەپ يازغان. كۆپلىگەن ئالىملارمۇ ئۇنى تەستىق قىلغان. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە يۇقىرىدىكى سۆزلەر ئەسلى تېكىستكە قوشۇۋېلىنغان ئويدۇرما سۆزلەردۇر.

10 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالام دارغا ئېسىلغاندا يۈز بەرمىگەن ئىشلارنىڭ يېزىلغانلىقىدىكى خاتالىق:

ئىنجىل «مەتتا» 27 : 50~53 ـ تېكىستلەردە «ئىسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىغان ھالدا جان ئۈزدى. ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئىككى پارچە بولۇپ پارچىلاندى. يەر تەۋرەپ كەتتى. تاشلار پارچىلاندى. قەبرىلەر ئېچىلدى، ئۇنىڭدا ئۇخلاۋاتقان ئۆلۈغلارنىڭ جەسەتلىرى ئورنىدىن تۇردى. ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ قۇددۇس شەھىرىگە كىردى ۋە كۆپ كىشىلەرگە كۆرۈندى» دەپ قەيت قىلىنغان.

ئىنجىل «ماركوس» 15 : 38 ـ ۋە ئىنجىل «لۇقا» 23 : 45 ـ تېكىستلەردە ئىبادەتخانىنىڭ پەردىسىنىڭ يىرتىلغانلىقىدىن باشقا، يەرنىڭ تەۋرىگەنلىكى، تاشلارنىڭ پارچىلانغانلىقى، ئۆلۈغلارنىڭ قەبرىلىرىدىن چىقىپ قۇددۇس شەھىرىگە كىرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپ كىشىلەرگە كۆرۈنگەنلىكى قاتارلىق رىۋايەتلەرنىڭ ھېچبىرى قەيت قىلىنمىغان. بۇ چوڭ ھادىسىنى يالغۇز مەتتادىن باشقا شۇ زامانلارنىڭ تارىخچىلىرىنىڭ ھېچبىرى يازمىغان. ئۇلارنى بۇ ۋەقەلىكنى ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال، دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ھەرقانچە ئۇنۇتقاق بولغان ھالدىمۇ بۇنداق ئاجايىپ، ھەيران قالارلىق ھادىسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە لۇقا ئاجايىپ ۋەقەلەرنى يېزىشقا باشقىلارغا قارىغاندا ئەڭ قىزىقىدىغان ئادەم ئىدى. ئەھمىيەتلىك بولمىغان ئادەتتىكى ۋەقەلەر ۋە رىۋايەتلەرنىڭ يېزىلىپ، بۇنداق ئاجايىپ ھادىسىنىڭ - ئەگەر ئۇ ئەمەلىيەتتە بولغان ئىش بولسا - يېزىلمىغانلىقى تەسەۋۋۇردىن يىراق، ئەلۋەتتە. شۈبھىسىزكى بۇ ھېكايە يالغاندۇر. تەتقىقاتچى نورتىن ئىنجىللارنى مۇداپىئە قىلىشتا تونۇلغان ئەڭ مۇتەئەسسىپ بىر شەخس تۇرۇپ، بۇ ھېكايىنىڭ

يالغانلىقىغا نۇرغۇنلىغان دەلىللەرنى كەلتۈرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭغا ئوخشىغان ھېكايىلەر يېرۇسالېم خارابىسىدىن كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان خۇراپاتلاردۇر. بەلكى بۇ ھېكايىلەرنى بىرى ئىنجىل "مەتتا"نىڭ شەرھىسىگە يازغان بولۇشى ئاندىن ئۇنى نۇسخا قىلىپ كۆچۈرگەن كاتىپ ياكى تەرجىمان ئۇنى "ئەسلى تېكىست" دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ قويغان بولۇشى ئېھتىمال.» نورتېننىڭ سۆزىدىن مەلۇمكى، ئىنجىل مەتتانى تەرجىمە قىلغان ئادەم توغرا- خاتانى ئايرىيالمايدىغان بىرسى ئىدى. ئۇ كىتابتا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى توغرا ـ خاتا، تېكىست ۋە شەرھى دەپ ئايرىماستىن تەرجىمە قىلىپ قويغان. بۇنداق تەرجىمىگە ئىشەنچ قىلىشقا بولامدۇ؟!.

11 ـ شالىھنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى توغرىسىدىكى خاتالىق:

ئىنجىل «لۇقا» 3 : 36 ـ تېكىستتە «شالىھ قىناننىڭ ئوغلى، قىنان ئەرفە كشادنىڭ ئوغلىدۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. قىنان دېگەن ئىسىمنىڭ شالىھ بىلەن ئەرفە كشادنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشى چوقۇم خاتادۇر. تەۋرات «يارىتىلىش» 10 : 24 ـ تېكىستتە «ئەرفە كشادتىن شالىھ تۆرەلگەن» دەپ قەيت قىلىنغان. يەنە مەزكۇر كىتابنىڭ 11 : 12 ـ، 13 ـ تېكىستلىرىدە «ئەرفەكشاد 35 ياشقا كىرگەندە شالىھ تۇغۇلدى. شالىھ تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەرفەكشاد 403 يىل ياشىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىستتە تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسى بىلەن سامىرىيە نۇسخىسى ئوخشاشتۇر. بۇ تېكىستنىڭ ئوخشىشى تەۋرات «كونىلار خەۋەرلىرى1» 1 : 18 ـ تېكىستتە بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە شالىھ ئەرفە كشادنىڭ ئوغلى دەپ قەيت قىلىنغان.

بۇنىڭدىن ئىسپاتلاندىكى لۇقانىڭ يازغانلىرى خاتادۇر. قىنان دېگەن ئىسىم پەقەت تەۋراتنىڭ گىرېكچە تەرجىمىسىدىلا مەۋجۇتتۇر.

كۈچلۈك ئېھتىمالغا كۆرە، بەزى ئويدۇرمىچى خىرىستىيانلار تەۋراتنى ئىنجىلغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن ئىنجىللارنى خاتالىقلاردىن ئاقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ گىرېكچە تەرجىمىسىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى كېرەك.

مۇقەددەس كىتابلار تېكىستلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

1 ـ تۇپان بالاسىدىن بۇرۇنقى كاتتىلارنىڭ ياشلىرى توغرىسىدىكى ئۆزگەرتىشلەر:

ھەزرىتى ئادەم يارىتىلغاندىن باشلاپ تۇپان بالاسىغىچە ئۆتكەن زامانلار توغرىلىق تەۋرات «يارىتىلىش» 5 : 1~32 ـ تېكىستلەردە سۆزلەنگەن. بۇ مۇددەت ھەزرىتى ئادەمنىڭ دەۋرىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگىچە ئۆتكەن زامانلارنىڭ مۇددىتى ئىدى. بۇ زامانلارنىڭ مۇددىتى تەۋراتنىڭ سامىرىيە نۇسخىسىغا كۆرە: 1307 يىل، تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىغا كۆرە: 1656 يىل، تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىغا كۆرە: 2262 يىلدۇر. بۇ ئۈچ نۇسخىدا بايان قىلىنغان رەقەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ ئوخشاشماسلىقلار كۆرۈلمەكتە. تەۋراتنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ نۇسخىسى ھەزرىتى ئادەمنىڭ 930 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكىگە قارىتا ئوخشاش پىكىردىدۇر. (تەۋرات «يارىتىلىش» 5 : 5 ـ تېكىست) بۇ ئۈچ نۇسخا تەۋرات يەنە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇپان بالاسى بولغان ۋاقىتتا 600 ياشتا ئىكەنلىكىگىمۇ بىردەك پىكىردىدۇر. (تەۋرات «يارىتىلىش» 7 : 6 ـ تېكىست) ئەگەر بىز تۇپان بالاسى بولغان ۋاقىتتىن يەنى 1307 يىلدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىنى يەنى 930 يىلنى ئېلىۋەتسەك (1307ـ 930=377) 377 يىل قالىدۇ.

بۇنىڭغا بىنائەن ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپان بالاسىدىن 377 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان بولىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇپان بالاسى بولغان ۋاقىتتىكى يېشىدىن، يەنى 600 يىلدىن 377 يىلنى ئېلىۋەتسەك (600ـ377=223) 223

يىل قالىدۇ. نەتىجىدە تەۋراتنىڭ سامىرىيە نۇسخىسىغا بىنائەن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا 223 يىل ياشىغان بولىدۇ. بۇ پۈتۈن تارىخچىلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن خاتادۇر. تەۋراتنىڭ گىرېكچە ۋە ئىبرانىيچە نۇسخىلىرىمۇ بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئۇ 930 ياشتا ئىدى. توپان بالاسى بولغان ۋاقىتتا نۇھ ئەلەيھىسسالام 600 ياشتا ئىدى. بۇ ئىككى سانني قوشقاندا (930+600=1530) 1530 يىل بولۇپ چىقىدۇ. تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىغا كۆرە: ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، 126 يىلدىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ (يەنى تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىغا كۆرە: ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىن باشلاپ توپان بالاسىغىچە ئۆتكەن ۋاقىت 1656 يىل، ئادەم ئەلەيھىسسالام 930 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام توپان بالاسى بولغاندا 600 ياشتا ئىدى. 1656 يىلدىن ئادەمنىڭ يېشى بولغان 930 يىل بىلەن نۇھنىڭ توپان بالاسىدىكى يېشى بولغان 600 يىلنى ئېلىۋەتكەندە (126=600-930-1656) 126 يىل قالىدۇ. بۇ 126 يىل ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگىچە ئۆتكەن يىلدۇر - ت) تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىغا كۆرە: نۇھ ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 732 يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن (يەنى 732=1530-2262) بولۇپ چىقىدۇ. تەۋراتنىڭ بۇ ئۈچ نۇسخىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق چوڭ زىتلىقلار تۈپەيلىدىن يەھۇدىيلارنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناس ئالىمى ۋە پۈتۈن خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە پىشۋا سانالغان يۇسىيفۇس تەۋراتنىڭ نۇسخىلىرىنىڭ ھېچبىرىگە ئىشەنچ قىلمىغان ۋە ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدىن توپان بالاسىغىچە ئۆتكەن ۋاقىتنىڭ 2256 يىل ئىكەنلىكىنى كۆچلەندۇرگەن.

2 ـ تۆپان بالاسىدىن كېيىنكى كاتتىلارنىڭ ياشلىرى ھەققىدىكى ئۆزگەرتىشلەر:

تۆپان بالاسىدىن باشلاپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىغىچە ئۆتكەن مۇددەت تەۋرات «يارىتىلىش» 11 : 10~26 ـ تېكىستلەردە بايان قىلىنغان. بۇ مۇددەت تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىغا كۆرە: 292 يىل، سامىرىيە نۇسخىسىغا كۆرە: 942 يىل، گىرېكچە نۇسخىسىغا كۆرە: 1072 يىلدۇر. بۇ ئۈچ نۇسخىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەقەملەر بىر ـ بىرىگە ھېچ يېقىنلاشمايدىغان بىر زىتلىقلاردۇر. ئەمما تەۋراتنىڭ بۇ ئۈچ نۇسخىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆپان بالاسىدىن كېيىن 350 ئۆمۈر كۆرگەنلىكىگە قارىتا ئورتاق قاراشتىدۇر. (تەۋرات «يارىتىلىش» 9 : 28 ـ تېكىست) تۆپان بالاسىدىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋاقىتقىچە بولغان 350 يىلدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەنگە قەدەر بولغان 292 يىلنى ئېلىۋەتسەك 58 يىل قالىدۇ (يەنى 58=292ـ350) نەتىجىدە تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىغا كۆرە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا تۇغۇلغان ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 58 ياشتا بولغان بولىدۇ. بۇ پۈتۈن تارىخچىلارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن خاتادۇر. تەۋراتنىڭ سامىرىيە ۋە گىرېكچە نۇسخىلىرىمۇ بۇنى يالغانغا چىقىرىدۇ. چۈنكى تەۋراتنىڭ سامىرىيە نۇسخىسىغا كۆرە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 592 يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن (يەنى 942ـ 350=592)

تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىغا كۆرە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 722 يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن (يەنى 1072ـ

722=350) بۇ ئۈچ نۇسخا تەۋراتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق چوڭ زىتلىقلارنىڭ تۇپەيلىدىن يۇسۇپفۇس بۇ نۇسخىلارنىڭ ھېچبىرىگە ئىشەنچ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە تۇپان بالاسىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن ۋاقىتقىچە ئۆتكەن مۇددەتنى 993 يىل، دەپ بېكىتكەن.

ئەھلى كىتابنىڭ بۈيۈك مۇپەسسىرلىرىدىن ھېنرى ۋە ئىسكاتلار ئۆز تەپسىرلىرىدە ئېكىستايننىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن: «يەھۇدىيلار مىلادىيە 130 ـ يىلىدا شۇ دەۋر خىرىستىيانلىرىنىڭ تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىنى ئىبرانىيچە نۇسخىسىدىن ئېتىبارلىق ساناپ، ئۇنىڭغىلا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت تەئەسسۇپلۇقى تۇپەيلىدىن، خىرىستىيانلار ئېتىبارلىق سانايدىغان بۇ گىرېكچە نۇسخىنى ئېتىبارسىز قىلىش مەقسىتى بىلەن ئىبرانىيچە نۇسخىسىدىكى تۇپان بالاسىدىن كېيىنكى كاتتىلارنىڭ ياشلىرى ھەققىدىكى تېكىستلەرنى قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەن.» ھورېن ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە تەتقىقاتچى ھېلىزنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىنىڭ قەستەن ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى كۈچلۈك دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. تارىخچى كېنىكاتمۇ يەھۇدىيلارنىڭ بۇ نۇسخىنى يەنى تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىنى قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن. ئېنىقكى، ئەھلى كىتاب مۇپەسسىرلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ مەزھەپلەر ئارا تەئەسسۇپلۇق ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن گاھ قىسقارتىش، گاھ زىيادە قىلىش ئارقىلىق قەستەن ئۆزگەرتىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا چىقىش يولى قالمىغان.

3 ـ تاشنى قويۇش ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنغان تاغنىڭ ئىسمى ھەققىدىكى ئۆزگەرتىش:

تەۋرات ئىبرانىيچە «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 27 : 4 ـ تېكىستتە «سىلەر ئۇردۇندىن[1] ئۆتكەن ۋاقتىڭلاردا بۈگۈن مەن سىلەرگە ۋەسىيەت قىلغان بۇ تاشنى ئىبالە تېغىغا تۇرغۇزىسىلەر» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىست تەۋراتنىڭ سامىرىيە نۇسخىسىدا مۇنداق قەيت قىلىنغان: «سىلەر ئۇردۇندىن ئۆتكەن ۋاقتىڭلاردا بۈگۈن مەن سىلەرگە ۋەسىيەت قىلغان بۇ تاشنى جېرىززىم تېغىغا تۇرغۇزىسىلەر ۋە قاتتىق ئورنىتىسىلەر» دەپ قەيت قىلىنغان. تەۋرات « يارىلىش تەپسىلاتلىرى » 27 : 12~29 ـ تېكىستلەرگە كۆرە: جېرىززىم ۋە ئىبالە تاغلىرى پەلەستىننىڭ نابلىس شەھىرىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان تاغلاردۇر. «تۇرۇۋاتقان يېرىڭگە سېنى ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سېنىڭ ئىلاھىڭ رەب كەلگەن ۋاقىتتا بەرىكەتنى جېرىززىم تېغىغا بېكىتكىن، ئىبالە تېغىغا لەنەت بولسۇن.» (تەۋرات « يارىلىش تەپسىلاتلىرى » 11 : 29 ـ تېكىست.) مۇسا ئەلەيھىسسالام تاشنى بېكىتىپ، تاش بېكىتىلگەن بۇ جاينى بەرىكەتكە مەخسۇس قىلىشقا ئەمرى قىلغان تاغنىڭ ئىسمى توغرىلىق تالاش ـ تارتىشلار، ئىبرانىي يەھۇدىيلىرى بىلەن سامىري يەھۇدىيلىرى ئوتتۇرىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئىككى پەرقنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىنى تەۋراتتىكى تاغنىڭ ئىسمى بايان قىلىنغان تېكىستنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، دەپ قارىلايدۇ. بۇ تالاشلار خىرىستىيان دىنىنىڭ پروتېستانت مەزھىپىنىڭ مۇپەسسىر ۋە تەتقىقاتچى ئالىملىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ ھازىرغىچە مەۋجۇتتۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ ماۋزۇدا سامىرىيە نۇسخىسىنىڭ توغرا

---

[1] ئۇردۇن ـــ ھازىرقى ئىئوردانىيەنى كۆرسىتىدۇ.

ئىكەنلىكىنى داۋا قىلسا، بەزىلىرى ئىبرانىيچە نۇسخىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ. ئادام كىلارك قاتارلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىدە توغرىسى سامىرىيە نۇسخىسىدۇر. چۈنكى ئىبرانىي يەھۇدىيلىرى سامىرىي يەھۇدىيلىرىنىڭ جېرىزىم تېغىنى مۇقەددەس سانىغانلىقىغا بولغان ئاداۋىتى ۋە چىدىماسلىقى يۈزىسىدىن بۇ تېكىستتىكى «جېرىزىم» دېگەن ئىبارىنى قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەن. جېرىزىم تېغى بۇلاقلار، باغلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە باي تاغدۇر. شۇڭىمۇ ئۇ "بەرىكەت تېغى" دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ ئىدى. ئەمما ئىبالە تېغى بولسا تاشتىن باشقا ھېچ نەرسە تېپىلمايدىغان قاقاسلىق بىر تاغدۇر. شۇڭا ئۇ لەنەتكە مۇناسىپ ئىدى. مانا بۇلار يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئاتاقلىق تەتقىقاتچى ۋە تارىخچى ئالىملىرىنىڭ تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىدىكى بۇ ماۋزۇنىڭ قەستەن ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە قىلغان ئوچۇق ئېتىراپلىرىدۇر.

4 ـ مەملىكەتنىڭ ئىسمى ھەققىدىكى ئۆزگەرتى:

تەۋرات ئىبرانىيچە «كۈنلەر خەۋەرلىرى1 » 28 : 19 ـ تېكىستتە «ئىسرائىل پادىشاھى ئاھازنىڭ سەۋەبىدىن رەب يەھۇزانى خالىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىستتىكى «ئىسرائىل» دېگەن ئىسىم چوقۇم خاتادۇر. بۇ، ئىبارىلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشتىن كېلىپ چىققان ئۆزگەرتىشتۇر. چۈنكى ئاھاز يەھۇزا ئىسىملىك شەھەر (پايتەختى ئېرۇسالېم بولغان جەنۇبى شەھەر)نىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ، ئىسرائىل (پايتەختى نابلىس بولغان شىمالىي شەھەر) نىڭ پادىشاھى ئەمەس ئىدى. ئېنىقكى، بۇ تېكىستتىكى «يەھۇزا» سۆزى «ئىسرائىل» سۆزىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن. بۇ ھەقىقەتنى تەۋراتنىڭ گىرېكچە ۋە لاتىنچە ئىككى نۇسخىسى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇ ئىككى نۇسخىدا «رەب يەھۇزا

شەھىرىنى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئاھازنىڭ سەۋەبىدىن خارلىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئىسپاتلاندىكى تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىدىكى بۇ ماۋزۇ ئۆزگەرتىلگەن.

5 ـ ئىنكار بىلەن ئىسپات ئوتتۇرىسىدىكى ھەيرانلىقلار:

تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسى «زەبۇر» 10 : 27 ـ تېكىستتە «ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئۇلار ئاسىيلىق قىلمىدى» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىدا بۇ تېكىست «ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئۇلار ئاسىيلىق قىلدى» دەپ قەيت قىلىنغان. كۆرگىنىمىزدەك ئىبرانىيچە نۇسخا ئاسىيلىقنى ئىنكار قىلىدۇ، گىرېكچە نۇسخا ئاسىيلىقنى ئىسپاتلايدۇ. ھەر ئىككى تېكىستتە چوقۇم خاتالىق بار. ئالىملار بۇ تېكىستلەردە چوقۇم ئۆزگەرتىش بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى توغرا دەپ تەيىن قىلىشقا ئاجىز كەلگەن. ھېنرى ۋە ئىسكاتلار ئۆز تەپسىرلىرىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن سوزۇلغەنلىكىنى، بۇ ماۋزۇدا چوقۇم خاتالىق بولغانلىقى ۋە بۇ خاتالىقنىڭ بىرەر ھەرپنى زىيادە قىلىپ قويغانلىق ياكى قىسقارتىپ قويغانلىقتىن كېلىپ چىققانلىقىنى جاكارلىغان.

6 ـ ھازىرقى تەۋراتنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يېزىلغانلىقىنىڭ دەلىللىرى:

تەۋرات «يارىتىلىش» 36 : 31 ـ تېكىستتە «بۇ پادىشاھلار ئەدوم زېمىنىگە ئىسرائىل پادىشاھى پادىشاھ بولۇشتىن بۇرۇن ئىگە بولغان كىشىلەردۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. ئاندىن بۇ ماۋزۇدىكى تېكىستلەر داۋام قىلىپ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرىنچى پادىشاھ تالۇت (شاۋۇل) ھۆكۈمرانلىق

قىلىشتىن بۇرۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەدۇم پادىشاھلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بايان قىلىشقا باشلىغان. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا تالۇتتىن كېيىن داۋۇد ئەلەيھىسسالام پادىشاھ بولغان. بۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بۇرۇن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ھاكىملارنىڭ ئىلكىدە ياشىغان. (تەۋرات «يارىتىلىش» 36 : 31~39 ـ تېكىستلەر) بۇ تېكىستلەرنىڭ ئوخشىشى تەۋرات «كۈنلەر خەۋەرلىرى1» 1 : 43~50 ـ تېكىستلەردە قەيت قىلىنغان. بۇ ئىككى بۆلۈمنىڭ تېكىستلىرىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى ئوچۇق مەيداندىدۇر. چۈنكى بۇلار بۇ تېكىستلەرنى سۆزلىگەن كىشىنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ پەلەستىنىدىكى سەلتەنىتى قۇرۇلغان ۋاقىتتىن كېيىن بار ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ بىرىنچى پادىشاھى تالۇت ئىدى. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن 356 يىل كېيىن كەلگەن. لېكىن تەۋراتنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى بولغان «يارىتىلىش» بۆلۈمىدە بۇ تېكىستلەرنىڭ بولۇشى قەتئىي مۇناسىۋەتسىز بىر ئىشتۇر. قانداق بولۇپ بۇ ئىبارىلەر تەۋراتنىڭ تېكىستلىرىگە كىرىپ قالغان؟!. توغرىسى، مەشھۇر مۇپەسسىر ئادام كلاركىنىڭ مۇنۇ يەكۈنىدۇر: «بۇ ئىبارىلەر ھەرگىزمۇ مۇسانىڭ سۆزى ئەمەس. بۇلار تەۋراتنىڭ بەزى نۇسخىلىرىدا "يارىتىلىش" بۆلۈمىنىڭ شەرھىسىگە يېزىلغان سۆزلەردۇر. تەۋراتنى كۆچۈرۈپ يازغانلار بۇلارنى ئەسلى تېكىستنىڭ پارچىلىرى دەپ گۇمان قىلىپ، بۇلارنى رەسمىي تېكىستلەرگە كىرگۈزۈپ يېزىۋەتكەن.» كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇلارنىڭ مەشھۇر مۇپەسسىرلىرى ئېتىراپ قىلغاندەك، بۇ توققۇز تېكىست تەۋراتتىن ئەمەستۇر. بۇلار تەۋراتنىڭ بەزى نۇسخىلىرىغا كىرگۈزۈۋېلىنغان، ئاندىن بۇ نۇسخىلار تونۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن تەۋراتنىڭ ھەممە نۇسخىلىرىغا بۇ ئىبارىلەر كىرگۈزۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئېتىراپىغا

ئاساسلانغاندا، ئۆلارنىڭ كىتابلىرى ھەمىشە ئۆزگەرتىلىپ كەلگەن ۋە يەنە ئۆزگەرتىلىشكە مۇناسىپتۇر.

7 ـ «بۇگۇنگىچە» دېگەن ئىبارىنى قوشۇش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش:

تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 3 : 14 ـ تېكىستتە «مەنەسسا ئوغلى يائىر ئەرجوبەنىڭ زېمىنىنى جەشۇرلۇقلار بىلەن مەئىكىلىكلەرنىڭ چېگراسىغا قوشۇۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ نامى بىلەن باشانە ھەۋۋوسى يائىر دەپ ئاتىدى. ئۇ، بۇگۇنگىچە شۇنداق ئاتالماقتا» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىستنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ سۆزلەرنى سۆزلىگەن كىشى يائىرنىڭ زامانىدىن خېلى ۋاقىت كېيىن ئۆتكەن كىشىدۇر. «بۇگۇنگىچە» دېگەن ئىبارە بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزنى كۈچلەندۇرىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىبارە پەقەت ئۇزۇن زامانغىلا ئىشلىتىلىدۇ. ھورىن ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە بۇ ئىككى تېكىستنىڭ (يەنى 6 ـ، 7 ـ ماۋزۇدىكى تېكىستلەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولۇشىنى قەتئىي ئىنكار قىلغان. چۈنكى «يارىتىلىش» 36 : 31 ـ تېكىستتە كەلگەن بىرىنچى ئىبارە ئاپتورنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىنىدە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆتكەن ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ئىككىنچى ئىبارە بولسا، ئاپتورنىڭ يەھۇدىيلار پەلەستىندە تۇرغان زامانلاردىن خېلى كېيىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر ئىككىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى زامانلاردۇر. بۇ ئىككى ئىبارە خورىننىڭ نەزىرىدە پايدىسىز ئىبارىلەرلا ئەمەس، بەلكى تېكىستنى مەشغۇل قىلغان ئىبارىلەردۇر. «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» بۆلۈمىنىڭ ئاپتورى ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالام بولسا ئىدى، ئۇ ھەرگىز «بۇگۇنگىچە» دېگەن سۆزنى قىلمىغان بولاتتى. ھورىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن

كەلگەن كاتىپلارنىڭ بىرى يائىر ئاتىغان بۇ ئىسمىنىڭ ھازىرغىچە شۇنداق داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شەرھىتىكى بۇ ئىبارىنى ئەسلى تېكىستكە قوشۇپ قويغان، ئاندىن بۇ ئىبارە تەۋراتنىڭ باشقا نۇسخىلىرىغىمۇ يېزىلغان، دېگەن يەكۈننى كۈچلەندۈردۇ. ھورېننىڭ بۇ پىكرىگە شەك قىلغان كىشى تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىنى باشقا نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسۇن. ئۇ چوقۇم بەزى نۇسخىلاردا تېكىستنىڭ ئۆزگە قوشۇۋېلىنغان مۇنداق سۆزلەرنىڭ يەنە باشقا نۇسخىلاردا تېكىستنىڭ شەرھىسىگە يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھورېن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن بىر قانچە ئەسىر كېيىن تېكىستلەرنىڭ شەرھىسىگە يېزىلغان ئارتۇق سۆزلەرنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە رەسمىي تېكىستكە قوشۇپ يېزىلىشقا باشلىغانلىقتىن، بۇ سۆزلەرمۇ كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە كېيىن تەۋراتنىڭ پۈتۈن نۇسخىلىرىغا يېزىلىپ ئەسلى تېكىستلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتا. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەممىشە ئۆزگەرتىش ۋە ئۇيدۇرۇشلاردىن خالىي بولالمىغانلىقىغا ئوچۇق دەلىللەردۇر. شۇڭا ھېنرى ۋە ئىسكاتلار ئۆز تەپسىرلىرىدە «مۇسادىن كېيىنكى بىرەر كاتىپ تەرىپىدىن تېكىستلەرگە كىرگۈزۈۋېلىنغان بۇنداق قوشۇمچە سۆزلەر تاشلىۋېتىلسىمۇ ئاساسى مەزمۇنغا زىيىنى يوقتۇر» دەپ يازغان. تەۋرات «سانلار» 32 : 41 ـ تېكىستتىكى مۇنۇ ئىبارىنىڭمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس: «مەنەسسا ئوغلى يائىر ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق يەرلىرىنى ئالدى. ئۇنى ھەۋۋۇسى يائىر دەپ ئاتىدى.» بۇ يەردە يەنە بىر ئۆزگەرتىشنى پاش قىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ، يائىرنىڭ دادىسى مەنەسسا ئەمەس، بەلكى سەجۇب دېگەن كىشى ئىدى. تەۋرات «كونىلار خەۋەرلىرى1» 2 : 22 ـ تېكىستتە «سەجۇبتىن يائىر تۆرەلدى. جىلئاد دېگەن جايدا 23 شەھەر ئۇنىڭغا

قارايتتى» دەپ قەيت قىلىنغان. تەۋراتنىڭ «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» بۆلۈمى بىلەن «كۇنلەر خەۋەرلىرى1» بۆلۈمى يائىرنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى توغرىلۇق بىر - بىرىگە زىتتۇر. خاتالىق بۇ ئىككى بۆلۈمنىڭ بىرىدە بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تېكىستلەر كېيىن ئويدۇرۇلغان سۆزلەر، دەپ ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى توغرا دېيىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ھىندىستان، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەلەردە نەشر قىلىنغان مۇقەددەس كىتابلار قامۇسىنىڭ ئاپتورلىرى مۇنداق دەپ يازغان: «مۇسانىڭ كىتابلىرى دەپ تونۇلغان بەش بۆلۈمدىكى بەزى جۈملىلەر بۇلارنىڭ مۇسانىڭ سۆزلىرى ئەمەسلىكىگە ئوچۇق ئىشارەت قىلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ كىتابلاردا بەزىبىر ئىبارىلەر باركى، ئۇلار مۇسانىڭ سۆزلەش تەرىقىسىگە ياكى ئۇنىڭ سۆزلىشىشتىكى ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدىغان سۆزلەردۇر. بۇلار چوقۇم ئويدۇرما سۆزلەر، بۇ سۆزلەرنى ئەسلى تېكىستلەرگە قوشۇپ يېزىۋالغان كىشىنىڭ كىملىكى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەستۇر.» ھېنرى ۋە ئىسكات تەپسىرلىرىنىڭ توپلىمىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇگۇنگىچە» دېگەن ئىبارە كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ كۆپلىرىگە كىرگۈزۈۋېلىنغان. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى كاتىپلار تەرىپىدىن تېكىستلەرگە يېزىلىپ قالغان ئارتۇق سۆزلەردۇر. تەۋرات «يۇشەئ»نىڭ سەككىز يېرىگە ئويدۇرما سۆزلەر كىرگۈزۈۋېلىنغان.

8 - بەزى بابلارغا مۇقەددىمىلەرنى كىرگۈزۈش نەتىجىسىدىكى ئۆزگەرتىش:

تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 1 : 1~5 - تېكىستلىرىنى ئوقۇغان كىشى بۇ بەش تېكىستنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىنى ئوپئوچۇق كۆرەلەيدۇ. چۈنكى ئاپتور بۇ تېكىستلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئۈچىنچى شەخس ئېتىبارى بىلەن سۆزلىگەن. مەسىلەن: «بۇ مۇسانىڭ پۈتۈن

ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا سۆزلىگەن سۆزىدۇر. مۇسا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا رەب تەۋسىيە قىلغان بويىچە سۆزلىگەن. ئوردۇندىكى مۇئاب دېگەن جايدا مۇسا بۇ شەرىئەتنى شەرھىلەشكە باشلىغان...» ئادام كىلارك بۇ بەش تېكىستنىڭ «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» بۆلۈمىگە مۇقەددىمە قىلىپ قوشۇۋېلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» بۆلۈمىنىڭ34 ـ بابلىرى مۇسانىڭ سۆزلىرى ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇنىڭ سۆزى 33 ـ بابتا تۈگىگەن بولىدۇ. 34 ـ بابنى مۇسا يازغان دەپ داۋا قىلىش خاتادۇر. چۈنكى بۇنىڭ راستلىقى ئېھتىمالدىن يىراقتۇر.» ھېنرى، ئىسكات، دۋالى ۋە رېچىرتمېنت تەپسىرلىرىنىڭ توپلىمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «34 ـ بابنى ئەسلى تېكىستكە قوشۇپ يازغان كىشى يۇشەئ ياكى سەمۇئىل ياكى ئەزرا ياكى نامى تونۇلمىغان بىرسى بولۇشى مۇمكىن. ھەر ھالدا بۇ مەزمۇنلار ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ بابىل ئەسىرلىكىدىن قايتقىنىدىن كېيىن يېزىلغان بولۇشى ئېھتىمال».

يۇقىرىدىكى مۇپەسسىرلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ سۆزلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ بۇ ماۋزۇدا كەسكىن سۆز قىلالمىغانلىقىنى ۋە پەقەت گۇمان، تەخمىن قىلىش بىلەنلا يۇقىرىدىكى يەكۈنلەرنى چىقارغانلىقىنى كۆرىمىز. تۆۋەندە تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 34 ـ بابتىن بەزى تېكىستلەرنى نەقىل كەلتۈرىمىز: «مۇسا مۇئاب ھارۋىلىرىدىن چۈشۈپ نەبۇ تېغىغا ئۆرلىدى... رەب ئۇنىڭغا جىلئادتىن دانگىچە بولغان پۈتۈن زېمىنلارنى كۆرسەتتى(1). رەب ئۇنىڭغا ئېيتتى... (4). رەبنىڭ بەندىسى مۇسا رەبنىڭ سۆزى بويىچە مۇئاب دېگەن جايدا ئۆلدى(5). مۇسا مۇئاب زېمىنىدىكى فەگور ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ئۆيگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسىنى بۈگۈنگىچە ھېچبىر ئىنسان بىلمەيدۇ(6). مۇسا ۋاپات بولغان ۋاقتىدا ئۇ 120 ياشتا ئىدى(7). ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مۇساغا يىغلىدى...(8). ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدىن

مۇساغا ئوخشاش بىرەر پەيغەمبەر كەلمىدى(10).» مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ساماۋى كىتابتا ئۇنىڭ ئۆلۈمى، دەپنە قىلىنغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا يىغلىغانلىقى، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ھازىرغىچە بىلىنمىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر پەيغەمبەر كەلمىگەنلىكى يېزىلامدۇ؟!.

بىز مۇسۇلمانلار شۇنداق ئېتىقاد قىلىمىزكى، تەۋراتنىڭ ئاۋۋالقى بەش بۆلۈمىنىڭ خاتىمىسى بولغان «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» بۆلۈمىنىڭ 34 ـ بابى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئەمەستۇر. بىز بۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنىشىغا ئىنكار قىلىش بىلەن كۇپايە قىلمايمىز. بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان مەزكۇر بەش كىتابنىڭ ھېچبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابى ئەمەسلىكىنى كەسكىن ئىسپات قىلالايمىز. بۇ كىتابلاردىكى خاتالىق ۋە زىتلىقلار، ئويدۇرما ۋە ئۆزگەرتىشلەرنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمىزدىكى نەق دەلىلدۇر. بۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. چۈنكى پەيغەمبەرگە ۋەھيى قىلىنغان كىتابتا يۇقىرىدىكىدەك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇلار پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە قىلىنغان ھاقارەت ۋە تۆھمەتتۇر. ئەھلى كىتابنىڭ بەزى ئالىملىرى ۋە تارىخچىلىرى يۇقىرىدىكى زىتلىقلار، ئىختىلاپلار ۋە ئويدۇرمىلارنى بىزنىڭ دىگەنلىرىمىزگە ئوخشاش دەلىللەپ، بىزنىڭ ئېتىقادلىرىمىزنى كۈچلەندۈرمەكتە.

9 ـ ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىنىڭ راۋاجلىنىشى ھەققىدىكى ئۆزگەرتىشلەر:

(ئـۈچنى بىـر گەۋدە قىلىـش: ئاتـا (يەنـى ئـاللاھ)، ئوغـۇل (يەنـى ئـىسـا) ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت بۇ ئۈچى بىرلىشىپ بىر ئىلاھنى تەشكىل قىلغان، ئىسا بۇ ئۈچىنىڭ ئىككىنچىسىدۇر دەپ ئېتىقاد قىلىش دېمەكتۇر ـ ت)

ئىنجىل «يۇھەننا1» 5 : 7 ـ، 8 ـ تېكىستلەردە «ھەقىقەتەن گۇۋاھچىلار (ئۈچتۇر: ئاتا، كەلىمە، مۇقەددەس روھ. ئۇلار ئاسماندىدۇر. بۇ ئۈچى بىر گەۋدىنى تەشكىل قىلىدۇ). زېمىندىكى گۇۋاھچىلار ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: روھ، سۇ، قان. بۇ ئۈچى بىر گەۋدىنى تەشكىل قىلىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. ئەسلى تېكىست ئۇلارنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئېيتقاندەك، مۇنداق ئىدى: «ھەقىقەتەن گۇۋاھچىلار روھ، سۇ ۋە قاندىن ئىبارەت ئۈچ بولۇپ، بۇلار بىر گەۋدىنى تەشكىل قىلىدۇ.» بۇ 1865 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئىنجىلنىڭ تېكىستىدۇر. بۇنىڭدا يۇقىرىدىكى ( ) ئىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر يوق. ئەمما بۇ ئىنجىلنىڭ 1825 ـ ۋە 1826 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ تېكىستىدە مۇنداق كەلگەن: «چۈنكى گۇۋاھچىلار ئۈچتۇر. ئۇلار: روھ، سۇ ۋە قاندۇر. بۇ ئۈچى بىر ئىلاھنى تەشكىل قىلىدۇ.» بۇ ئىككى تېكىست بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر. بىراق ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادىغا ئىشىنىدىغانلار ئەسلى تېكىستكە يۇقىرىدىكى ( ) ئىرناق ئىچىدىكى سۆزلەرنى كىرگۈزۈۋالغان. ئۇلار كىرگۈزۈۋالغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ يۆنىلىشى بولغان بۇ ئارتۇق سۆزلەر چوقۇم ئۆيدۇرمىدۇر. كۆپلىگەن ئەھلى كىتابنىڭ تەتقىقاتچى ئالىملىرى بۇ ئىبارىلەرنىڭ ئۆيدۇرۇلغانلىقىنى تەكىتلەپ بۇلارنىڭ ئەسلى تېكىستتىن چىقىرىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى كەسكىن جاكارلاپ كەلگەن. ئەمما 4 ـ ئەسىر خىرىستىيانلىرىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئالىمى ۋە ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ بىردىنبىر يۆنىلىشى بولغان ئالىم ئەكستايىن ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادىغا ئىنكار قىلىدىغان ئېرىن مەزھىپى بىلەن ھەمىشە مۇنازىرە قىلىشاتتى. ئۇ

يۇھەننانىڭ كىتابىنى شەرھلەپ 10 پارچىدىن كۆپرەك كىتاب يازغان. ئۇ ئۆزى يازغان كىتابلارنىڭ ھېچبىرىدە يۇقىرىدىكى ( ) تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەرنى نەقىل قىلغان ئەمەس. مۇنازىرىدىمۇ بۇ سۆزلەرنى پەقەت قوللانمايتتى. ئەگەر يۇقىرىدىكى ( ) تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر ئۇنىڭ دەۋرىدىكى ئىنجىل تېكىستلىرىدە بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە ھېچ جاپا تارتماستىن ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىگە قارشى چىققۇچىلارغا رەددىيە بېرىشتە ئۇنى دەلىل قىلىپ قوللانغان بولاتتى. بۇنىڭدىن شۇ ھەقىقەت ئاشكارىلاندىكى، ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادىغا ئىشەنگۈچىلەر ئەكسايىندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ ئەقىدىسىگە دەلىل بولالايدىغان تىرناق ( ) ئىچىدىكى بۇ ئىبارىلەرنى ئويدۇرۇپ چىققان ۋە يۇھەننا كىتابىنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىگە بۇلارنى كىرگۈزۈۋېلىپ، ئاندىن بۇلارنى ئەسلى تېكىستتىن بىر پارچە دەپ ئېلان قىلغان. 1854 - يىلى ھىندىستاندا، ئىسلام ئالىمى شەيخ رەھمەتۇللاھ بىلەن خىرىستىيان ئالىملىرىدىن دوكتور فېندىر ۋە ئۇنىڭ دوستى فىرەنجلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ مۇنازىرىدە بۇ ئىككى خىرىستىيان ئالىمى يۇقىرىدىكى ( ) تىرناق ئىچىدىكى ئىبارىلەرنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ۋە باشقا يەتتە ئورۇندىمۇ بۇنداق ئويدۇرما ئىبارىلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ھورىن بۇ ئىبارىلەرنى تەتقىق قىلىپ 12 بەتلىك بىر ماقالە ئېلان قىلغان. ھېنرى ۋە ئىسكات تەپسىرلىرى توپلىمىنىڭ ئاپتورىمۇ ھورىننىڭ بۇ ماقالىسىنى قوللاپ، بۇ ئىبارىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كەلتۈرگەن:

(1) بۇ ئىبارە 16 - ئەسىردىن بۇرۇن يېزىلغان گىرېك نۇسخىلىرىنىڭ ھېچبىر نۇسخىسىدا يوق.

(2) بۇ ئىبارە ئاۋۋالقى زامانلاردا تەتقىق ۋە ئېھتىيات بىلەن نەشر قىلىنغان نۇسخىلارنىڭ ھېچبىرىدە يوق.

(3) بۇ ئىبارە قەدىمكى لاتىنچە نۇسخىلاردا ياكى تەرجىمىلەردە يوق.

(4) بۇ ئىبارىنى قەدىمكى ئالىملاردىن ياكى چېركاۋ تارىخچىلىرىدىن بىرەر كىشىمۇ يازغان ئەمەس.

(5) بۇ ئىبارىنى پىروتېستانت مەزھىپىنىڭ خىرىستىيان دىنىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلار گۇرۇھى ئەسلى تېكىستتىن چىقىرىۋالغان. بەزى مەزھەپلەر بۇ ئىبارىگە شەك بىلەن قارىغان.

بۇنىڭ بىلەن شۇنىسى ئېنىقلاندىكى، خىرىستىيانلار ئۆز ئەقىدىلىرىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ياكى ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىق پايدىلىرىنى كۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان يېڭى ئىبارىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئەسلى تېكىستلەرگە كىرگۈزۈپ كەلگەن. چۈنكى مەتبەئەلەر ئىجاد بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىش، قوشۇش، قىسقارتىش ۋە ئويدۇرۇشنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق ئىدى. ھازىرمۇ بۇرۇن ئېچىلغان بۇ ئىشىكلەرنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھەر زامان ئوچۇق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. پىروتېستانت مەزھىپىنىڭ بىرىنچى ئىمامى، ئاتاقلىق پېشۋا لۇسېر مۇقەددەس كىتابلارنى ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان كىشىدۇر. ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا بۇ تەرجىمىلەر تەكرار ـ تەكرار نەشر قىلىنغان، لېكىن ئۇ يۇقىرىدىكى ئويدۇرما ئىبارىلەرنى بۇ تەرجىمىلەرگە يازمىغان. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى يەنى 1547 ـ يىلى بۇ تەرجىمىنى قايتا نەشر قىلدۇرغان ۋە

مۇقەددىمىسىگە «مېنىڭ بۇ تەرجىمەمنى ئۆزگەرتمىسۇن!» دەپ تەۋسىيە قىلغان. لېكىن بۇ ۋەسىيەت ئومۇمىي ئەھلى كىتابنىڭ، خۇسۇسەن خىرىستىيانلارنىڭ ئادىتىگە مۇناسىپ كەلمىگىنى ئۈچۈن ئۇلار بۇ ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلمىغان ۋە ئەكسىچە ئىش كۆرگەن. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا 30 يىل توشماستىن مىلادىيەنىڭ 1574 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ فرانكفورت شەھىرىدىكى ئاھالىلەر لۇسېرنىڭ بۇ تەرجىمىسىنى قايتا نەشر قىلدۇرىدۇ ۋە يۇقىرىدىكى ئويدۇرما ئىبارىلەرنى بۇ تەرجىمىگە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەرجىمە يەنە بىر قانچە قېتىم نەشر قىلىنىدۇ. ئۇلار بۇ ۋاقىتتا بۇ ئىبارىلەرنى خەلقنىڭ قارشىلىقىدىن قورقۇپ تەرجىمىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئاندىن يەنە گېرمانىيەنىڭ ۋېتىنبىرگ شەھىرىنىڭ ئاھالىلىرى 1596 ـ ۋە 1599 ـ يىللىرى لۇسېرنىڭ بۇ تەرجىمىسىنى قايتا نەشر قىلدۇرىدۇ ۋە بۇنىڭغا يۇقىرىدىكى ئويدۇرما ئىبارىلەرنى كىرگۈزۈپ بۇلارنى ئەسلى تېكىستتىن بىر پارچە قىلىپ يازىدۇ. ھامبۇرگ شەھىرىنىڭ ئەھلىمۇ ئۇلارنىڭ قىلغىنىنىڭ ئوخشىشىنى قىلىدۇ، يەنى بۇلارمۇ لۇسېرنىڭ بۇ تەرجىمىسىنى 1596 ـ يىلى نەشر قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكى ئىبارىلەرنى كىرگۈزىدۇ. كېيىن ۋېنتبورگ شەھىرىنىڭ ئەھلى بۇ تەرجىمىنى قايتا نەشر قىلدۇرغىنىدا، بۇ تەرجىمىلەردىكى زىتلىقلاردىن خەلقنىڭ نارازىلىقى چىقىشىدىن قورقۇپ، بۇ قېتىم بۇ ئىبارىلەرنى تېكىستتىن ئېلىپ تاشلايدۇ. ئاندىن پىروتېستانت خىرىستىيانلىرى بۇنداق قوشۇپ چىقىرىشتىن ئىبارەت دىلىغوللۇقلارغا رازى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەممە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ بۇ ئىبارىلەرنى لۇسېرنىڭ تەرجىمىسىنىڭ پۈتۈن نەشرلىرىگە كىرگۈزۈشكە قارار چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئىمامىنىڭ يازمىسىغا ئوچۇق خىلاپلىق قىلغان بولدى. چۈنكى مەتبەئەلەر ئىجاد قىلىنىشتىن بۇرۇن، كىتابلارنى ئۆزگەرتىش ئۇلار

ئۇچۇن ياخشى پۇرسەت ئىدى. مۇقەددەس كىتابلارمۇ ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭلا قولىدا مەۋجۇت بولاتتى. مەشھۇر پەيلاسوپ ئالىم ئىسھاق نيۇتىن 50 بەتلىك ھەجىمدە بىر كىتاب يازغان، ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى ئويدۇرما ئىبارىلەرنىڭ ۋە باشقا ماۋزۇلاردىكى خېلى كۆپ ئىبارىلەرنىڭ چوقۇم ئويدۇرما ۋە يالغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ ئىبارىلەر يېڭى ئەھدىنىڭ (ئىنجىللارنىڭ) 1865 ـ ۋە 1983 ـ يىللىرىدىكى نەشرلىرىدە ( ) تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ نەشر قىلىنغان ۋە بۇ ئىككى قېتىملىق نەشرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئىسلاھ قىلغۇچى مۇھەررىرلىرى، بۇ نەشرىلەرنىڭ بىرىنچى بېتىگە بەرگەن مۇقەددىمىسىدە «قەدىمكى نۇسخىلاردا بولمىغان بەزى ئىبارىلەر ۋە سۆزلەر ( ) تىرناق ئىچىگە ئېلىندى» دەپ ئىزاھات بەرگەن. يېڭى ئەھدىنىڭ 1982 ـ يىلى بەيرۇتتىكى كاتولىك نەشرىياتىدا ۋە 1983 ـ يىلى يەنە بەيرۇتتىكى ھۆررىيەت نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان نەشرلىرىدە ( ) تىرناق ئىچىدىكى ئىبارىلەر يوقتۇر.

10 ـ ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلى دېيىدىغان داۋانى كۈچكە ئىگە قىلىش يۈزىسىدىن ئۆزگەرتىش:

ئىنجىل «ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى» 8 : 27 ـ تېكىستتە «فىلىۇپپىس ئېيتتى: ئەگەر چىن كۆڭلۈڭدىن ئىشەنسەڭ بۇ ساڭا دۇرۇستۇر. ئۇ جاۋاب بېرىپ: مەن ئىشىنىمەنكى، ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر، دېدى» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىستتىكى «ئىسا ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېگەن ئىبارە ئۇچىنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىگە ئىشەنگۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان ئويدۇرما ئىبارىدۇر. مەشھۇر خىرىستىيان ئالىملىرىدىن كىرىسپاخ بىلەن شولىز بۇ ئىبارىلەرنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېلان قىلغان.

11 ـ رەئۇبېننىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغانلىقى ۋەقەسىدىكى ئۆزگەرتىش:

تەۋرات ئىبرانىيچە «يارىتىلىش» 35 : 22 ـ تېكىستتە «ئىسرائىل بۇ زېمىندا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا رەئۇبېن ئۆز ئاتىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلدى. ئىسرائىل بۇنى ئاڭلىدى.» شۈبھىسىزكى، بۇ تېكىستتە ئۆزگەرتىش بولغان ۋە بىر جۈملە سۆز ئېلىپ تاشلانغان. يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئورۇندا بىر ئىبارىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھېنرى ۋە ئىسكات تەپسىرلىرىدىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: «يەھۇدىيلار بۇ ئورۇندا بىر ئىبارىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىغا نىسبەتەن ئوخشاش كۆز قاراشتىدۇر.» تەۋراتنىڭ گىرېكچە تەرجىمىسىدىكى بۇ تېكىستنىڭ تولۇقلانمىسى مۇنداقتۇر: «بۇ ئىش ئۇنىڭ نەزىرىدە قەبىھ ئىش ئىدى.» ئىبرانى يەھۇدىيلىرى بۇ ئىبارىنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ تاشلىغان؟، دېگەن بۇ سوئالغا تېخىچە جاۋاب يوق.

12 ـ قەدەھنىڭ ئوغۇرلانغانلىقى ۋەقەسىدىكى ئۆزگەرتىش:

تەۋرات ئىبرانىيچە «يارىتىلىش» 44 : 5 ـ تېكىستتە «خوجايىنىم سۇ ئىچىدىغان قەدەھ ئەمەسمۇ بۇ؟» دەپ قەيت قىلىنغان بولۇپ، بۇ تېكىستكە قىسقارتىش بىلەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن. مۇپەسسىر ھارسلى بۇ ئورۇندا بەزى ئىبارىلەر ئېلىپ تاشلانغانلىقىغا ئىقرار قىلغان ۋە ئېلىپ تاشلانغان ئىبارىلەرنى ئۆز جايىغا كىرگۈزۈپ تولۇقلاشقا ئەمرى قىلغان. نەتىجىدە بۇ تېكىست تولۇقلىنىپ گىرېكچە تەرجىمىدە كەلگەندەك تۆۋەندىكىچە يېزىلغان: «نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قەدەھىمنى ئوغۇرلىدىڭ. بۇ مېنىڭ، خوجايىنىم سۇ ئىچىدىغان قەدەھ ئەمەسمۇ؟»

13 ـ ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنىڭ ئىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇشتىكى ئۆزگەرتىش:

تەۋرات ئىبرانىيچە «چىقىش» 6 : 20 ـ تېكىستتە «ئىمران ئۆزىنىڭ تاغا ئاچىسى يوكابېدنى خوتۇنلۇققا ئالدى ۋە ئۇنىڭغا مۇسا بىلەن هارۇننى تۇغۇپ بەردى.» بۇ تېكىستتە قىسقارتىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ تېكىست تەۋراتنىڭ سامىرىيە ۋە گىرېكچە نۇسخىلىرىدا تولۇق شەكىلدە مۇنداق قەيت قىلىنغان: «ئۇنىڭغا مۇسا بىلەن هارۇننى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ سىڭلىسى مەريەمنى تۇغۇپ بەردى.» ئادام كىلارك مۇنداق دېگەن: «بۇيۇك تەتقىقاتچىلار "بۇ ئىككىسىنىڭ سىڭلىسى مەريەمنى" دېگەن ئىبارە ئىبرانى نۇسخىسىنىڭ تېكىستىدە بار ئىدى، دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ.» بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، بۇ ئىبارىنى ئىبرانى يەهۇدىيلىرى تەۋراتنىڭ سامىرىيە نۇسخىسىغىلا تەئەسسۇپلۇق قىلىدىغان سامىرىلىقلارغا، ياكى تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىنىلا يۆلىنىش نۇقتىسى قىلىۋالغان خىرىستىيانلارغا قارشى هالدا تېكىستتىن قىسقارتىۋەتكەن. يەنە باشقا بىر مەسىلە شۇكى، ئىمران قەهاتنىڭ ئوغلى، قەهات لېۋىنىڭ ئوغلى، ئىمران لېۋىنىڭ قىزى يوكابېدگە ئۆيلەنگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تاغا ئاچىسى (يەنى دادىسىنىڭ سىڭلىسى)دۇر. «ئۆزىنىڭ تاغا ئاچىسى» دېگەن ئىبارە تەۋراتنىڭ سامىرىيە ۋە گىرېكچە تەرجىمىسىنىڭ 1811 ـ، 1865 ـ، 1970 ـ، 1983 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىدا ۋە 1822 ـ، 1829 ـ، 1842 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان هىندىچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدا مەۋجۇتتۇر. قىزىق يېرى شۇكى، تەۋرات «لاۋىيلار» 18 : 12 ـ ۋە 20 : 19 ـ تېكىستلىرىدە كەلگەن هۆكۈم بويىچە ئۆزىنىڭ تاغا ئاچىسى بىلەن نىكاهلىنىش هارامدۇر. 1644 ـ يىلى ۋاپات بولغان 8 ـ پوپ ئەربانۇسنىڭ زامانىدا نەشر قىلىنغان تەۋراتنىڭ ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىسىدا «تاغا ئاچىسى» دېگەن ئىبارە «تاغا

ئاچىسىنىڭ قىزى» دەپ ئۆزگەرتىلىپ مۇنداق يېزىلغان: «ئىمران ئۆزىنىڭ تاغا ئاچىسىنىڭ قىزى يۇكابېدگە ئۆيلەندى.»

1625 ـ، 1671 ـ، 1844 ـ، 1848 ـ يىللىرى نەشىر قىلىنغان ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىلىرىدا بۇ تېكىست «ئۆزىنىڭ تاغا ئاچىسىنىڭ قىزى» دېگەن ئۆزگەرتىلمە شەكلى بىلەن كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى نەشرلىرىدىمۇ ئۇلار بۇ شەكلىنى ساقلاپ قالغان.

14 ـ زەبۇردىكى قوشۇش ۋە قىسقارتىشلار:

تەۋرات «زەبۇر» 3 ـ، 4 ـ تېكىستلىرىدە بەزى ئىبارىلەر باركى، بۇلار زەبۇرنىڭ لاتىنچە، ئەرەبچە، گىرېكچە نۇسخىلىرىدا ۋە گرېكچىنىڭ بىر تۈرى بولغان ۋاتىكانۇس نۇسخىلىرىدا كۆرۈنىدۇ. بۇ مۇنداق ئىدى: «ئۇلارنىڭ گاللىرى ئوچۇق قەبرىلەردۇر. ئۇلار تىللىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالدايدۇ. يىلانلارنىڭ زەھەرلىرى ئۇلارنىڭ لەۋلىرى ئاستىدا يوشۇرۇنغان. ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى لەنەت بىلەن تولغان. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى قان تۆكۈشكە، ھالاكەتلەرگە ناھايىتى چاققاندۇر. بەختسىزلىك ئۇلارنىڭ يوللىرىدا. ئۇلار ئامانلىق يولىنى بىلمىدى. ئۇلاردا ئاللاھتىن قورقۇش دېگەنلەر يوق.» بۇ تېكىستلەر زەبۇرنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىدا يوق. ئەمما پاۋلۇسنىڭ رىملىقلارغا يازغان مەكتۇبىنىڭ 1 : 13~18 ـ تېكىستلىرىدە تېپىلىدۇ. يەھۇدىيلار تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىنى يۆنىلىش نۇقتىسى قىلىۋالغان خىرىستىيانلارنىڭ دىنىنى بۇزۇش ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى تېكىستلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يۆنىلىشى بولغان ئىبرانى تەۋراتتىن چىقىرىپ تاشلىغان، ياكى خىرىستىيانلار پاۋلۇسنى ياقىلاش يۈزىسىدىن بۇ تېكىستلەرنى يۇقىرىدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىغا كىرگۈزىۋالغان. مانا بۇ قوشۇۋېلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىشتۇر.

15 ـ ئىنجىل «لۇقا»دىكى ئۆزگەرتىش:

ئىنجىل «لۇقا» 21 : 32~34 ـ تېكىستلىرىدە «سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىمەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمىغىچە بۇ نەسىل ئۆتمەيدۇ. ئاسمان بىلەن زېمىن يوقىلىدۇ، ئەمما مېنىڭ سۆزلىرىم يوقالمايدۇ. قەلبىڭلارنىڭ ئېغىرلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاگاھ بولۇڭلار» دەپ قەيت قىلىنغان. ھورىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىنجىلنىڭ 33 ـ تېكىستى بىلەن 34 ـ تېكىستىنىڭ ئارىسىدىكى ئىبارىلەر پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلانغان. تەتقىقاتچىلار ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنجىل "لۇقا"نىڭ تېكىستلىرىدە يۈز بەرگەن بۇ چوڭ نۇقسانغا كۆز يۇمۇپ كەلگەن. ھەتتا تەتقىقاتچى ھېلىز بۇنىڭغا ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.» ھورىن ئىنجىل «لۇقانى» ئىنجىل «ماركوس» ۋە ئىنجىل «مەتتا»لارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنجىل «لۇقا»دىن ئېلىپ تاشلانغان تېكىستنى قايتىدىن ئۇنىڭغا كىرگۈزۈشكە بۇيرۇق قىلغان. ئىنجىل «لۇقا»دىكى بۇ ئۆزگەرتىش جىنايىتىنى تېخىمۇ ئېنىق پاش قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندە بۇ تېكىستلەرنىڭ ئىنجىل «ماركوس» ۋە ئىنجىل «مەتتا»دىكى تولۇق ئىپادىسىنى كۆرسىتىمىز:

ئىنجىل «مەتتا» 24 : 34~36 ـ تېكىستلەردە «مەن سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمىغىچە بۇ نەسىل ئۆتمەيدۇ. ئاسمان بىلەن زېمىن يوقىلىدۇ. لېكىن مېنىڭ سۆزلىرىم يوقالمايدۇ. ئەمما ئۇ كۈننى، شۇ سائەتنى يالغۇز ئاتامدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاسمانلاردىكى پەرىشتىلەرمۇ بىلمەيدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

ئىنجىل «ماركوس» 13 : 30~32 ـ تېكىستلىرىدە «مەن سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىمەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمىغىچە بۇ نەسىل ئۆتمەيدۇ. ئاسمان بىلەن زېمىن يوقىلىدۇ. لېكىن مېنىڭ سۆزلىرىم يوقالمايدۇ. ئەمما ئۇ كۈننى، شۇ سائەتنى ئاتىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاسمانلاردىكى پەرىشتىلەرمۇ، بالىمۇ بىلمەيدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

ھورېن ۋە ھېلىزلارنىڭ ئەتراپى بويىچە: ئىنجىل «مەتتا» 24 : 36 ـ تېكىستىدە ۋە ئىنجىل «ماركوس» 13 : 32 ـ تېكىستىدە كەلگەن ئىبارىلەر ئىنجىل «لۇقا»دىن ئېلىپ تاشلانغان ۋە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك بولغان ئىبارىلەردۇر.

16 ـ يەھۇدىي، خىرىستىيانلارنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىكلىرى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئۆزگەرتىشلەر:

ئىنجىل «مەتتا» 2 : 23 ـ تېكىستتە «ئۇ كېلىپ، ناسىرا شەھىرىگە يەرلەشتى. بۇ، پەيغەمبەرلەرگە بۇ جاي ناسىرىيە دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ بېرىلگەن بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.» بۇ تېكىستنىڭ «بۇ پەيغەمبەرلەرگە بۇ جاي ناسىرىيە دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ بېرىلگەن بېشارەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى» دېگەن قىسمى بۇ ئىنجىلدىكى مەشھۇر خاتالىقلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى بۇنداق ئىبارە پەيغەمبەرلەرگە مەنسۇپ قىلىنغان كىتابلارنىڭ ھېچبىرىدە تېپىلمايدۇ. بۇنى خىرىستىيانلار يەھۇدىيلارغا بولغان دۈشمەنلىكى يۈزىسىدىن ۋە ئەقىدىلىرىنى ئىسپات قىلىش ئۈچۈن ئۆز كىتابلىرىغا كىرگۈزۈۋالغان، ياكى يەھۇدىيلار خىرىستىيانلارغا بولغان دۈشمەنلىكى يۈزىسىدىن بۇ تېكىستنى ئۆز كىتابلىرىدىن چىقىرىپ تاشلىغان. بىرىنچىسى زىيادە قىلىنىشتىن كېلىپ چىققان ئۆزگەرتىش بولسا، ئىككىنچىسى

قىسقارتىشتىن كېلىپ چىققان ئۆزگەرتىشتۇر. تەتقىقاتچى كرىزاستەم ۋە كاتولىك ئالىملىرى بۇ تېكىستنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا بار ئىكەنلىكىنى، لېكىن بۇ كىتابلار يەھۇدىيلارنىڭ دىيانەتسىزلىكى سەۋەبىدىن ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ بولغانلىقىنى ۋە بۇ كىتابلارنىڭ بەزىسىنى يەھۇدىيلارنىڭ يىرتىپ تاشلاپ، بەزىسىنى كۆيدۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى ئىسا مۇرتلىرىنىڭ بۇ كىتابلارغا يۆلىنىپ ئۆز ئەقىدىلىرىنى ئىسپاتلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يەھۇدىيلار، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن بۇ كىتابلارنى قەستەن زايە قىلىۋەتكەن. بۇ مەسىلە، يەھۇدىيلارنىڭ «مەتتا» نەقىل ئالغان كىتابلارنى زايە قىلىۋەتكەنلىكىدىن تېخىمۇ روشەن بىلىنمەكتە.

گېستىن يەھۇدىيلارنىڭ بۈيۈك ئالىمى تېرىفۇن بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇنازىرىسىدە مۇنداق دېگەن: «يەھۇدىيلار نۇرغۇنلىغان كىتابلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆز كىتابلىرىنى كونا ئەھدىلىك سۈپىتىدىن چىقىرىپ تاشلىغان. ئۇلار بۇ ئىشنى يېڭى ئەھدە كىتابىغا توغرا كەلمىسۇن، دەپ قىلغان.» مانا بۇ قەدىمكى زامانلاردا كىتابلارنى ئۆزگەرتىش ۋە خالىغانچە قوشۇپ ياكى قىسقارتىپ يېزىۋېلىشنىڭ ناھايىتى ئاسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارنىڭ بىر - بىرىگە دۈشمەنلىكى يۈزىسىدىن قانچىلىغان كىتابلارنىڭ ئۇلارنىڭ قوللىرى بىلەن دۇنيا يۈزىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. دۇنيادا ھەقىقەتلەرنى قەستەن ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشتىن ئىبارەت قايسى بىر جىنايەت ئۇلارنىڭ نەپسى غەرەزلىرى سەۋەبلىك قەستەن ھالدا ساماۋى كىتابلارنى ئۆزگەرتىۋەتكىنىدەك ئېغىر ۋە قەبىھ بولالايدۇ؟!.

يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ۋە خىرىستىيانلار ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەيدىغان داۋاسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەن يەردە، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن بېشارەتلەرنى قەستەن ئۆزگەرتىپ يوق قىلىۋاتقانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بەلكى ئۇلار بۇنىڭغا ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان پۈتۈن تېكىست ۋە ئىبارىلەرنى ئۆزگەرتىشتىن ھېچ باش تارتمايدۇ.

خىرىستىيانلارنىڭ خاتالىقلىرى ۋە ئۇلارغا رەددىيە

بىرىنچى خاتالىق: خىرىستىيانلار ئۆز كىتابلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغانلارنى ئالداش ئۈچۈن، «"پەقەت مۇسۇلمانلارلا ئىككى ئەھدە كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن" دەپ داۋا قىلىشىدۇ» دەپ جۆيلۈيدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ تۆھمەتلىرىگە تۆۋەندە ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن رەددىيە بېرىمىز:

بىرىنچى ئۇسۇل: خىرىستىيانلارغا قارشى كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش:

1 ـ بۇددىست ئالىم سەلسۇس 2 ـ ئەسىردە خىرىستىيانلارغا رەددىيە بېرىپ ئالاھىدە بىر كىتاب يازغان. نېمىس ئالىمى ئەكھارىن سەلسۇسنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. «خىرىستىيانلار كىتابلىرىنى ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپ قېتىم ئۆزگەرتكەن. نەتىجىدە بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ ئۆزگىرىپ باشقا نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان.» 2 ـ ئەسىردە ياشىغان بۇ بۇددىست ئالىمى، شۇ ۋاقىتقىچە خىرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ تۆت قېتىم ئۆزگەرتىلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

2 ـ ئامېرىكىلىق ئىسلاھاتچى ئالىم بېكىر (1860 ـ يىلى ۋاپات بولغان، ئۇ خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە كافىر ھېسابلىنىدۇ) مۇنداق دېگەن: «خىرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرىدىكى بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان تېكىستلەر 30 مىڭدۇر. بۇمۇ ئاز ھېسابلىنىغاندا شۇنداق».

3 ـ دىنسىزلاردىن بىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا، ھەزرىتى مەريەمگە ۋە مۇرىتلارغا مەنسۇپ بولغان ۋە ھازىرقى خىرىستىيانلار ئىنكار قىلىدىغان

ئىنجىل بۆلۈملىرىنى ھېسابلاپ جەدۋەلگە تۇرغۇزۇپ چىققان. بۇ بۆلۈملەرنىڭ سانى 74 بۆلۈمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىلھام بىلەن يېزىلغان دەپ داۋا قىلىنغان كىتابلار ھازىرقى يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئۆزىمۇ ياكى ئۇلار ئەمەسمۇ نەدىن بىلىمىز. ئەگەر بىز ئىلھام بىلەن يېزىلغان كىتابلار ھازىرقى ئىنجىللارنىڭ ئۆزى دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ مەتبەئەلەر ئىجاد بولۇشتىن بۇرۇن، بۇ كىتابلار ھەر خىل ئۆزگەرتىشلەرگە ۋە ئويدۇرمىلارغا ھەر زامان ئۇچراپ تۇراتتى».

ئىككىنچى ئۇسۇل: ھازىرقى خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە بىدئەتچىلەر دەپ سانالغان قەدىمكى خىرىستىيان مەزھەپلىرىنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش:

1 ـ ئەبىيۇن مەزھىپى.

بۇ مەزھەپ مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلار پاۋلۇس (خىرىستىيان دىنىنى چىرىكلەشتۈرگەن مەشھۇر شەخس) بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان. بۇ مەزھەپ پاۋلۇسنىڭ ئىشلىرىنى قاتتىق ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنى كافىر دەپ قارايتتى. بۇ مەزھەپ كونا ئەھدە كىتابلىرىدىن پەقەت تەۋراتنى، يېڭى ئەھدە كىتابلىرىدىن پەقەت ئىنجىل «مەتتا»نىلا ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن بۇلارنىڭ قولىدىكى ئىنجىل «مەتتا»نىڭ نۇسخىسى ھازىرقى ئىنجىل «مەتتا»غا ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىنجىلىدا ھازىرقى ئىنجىل «مەتتا»دىكى ئاۋۋالقى ئىككى باب يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىككى بابنى ۋە كۆپلىگەن باشقا ماۋزۇلارنى ئويدۇرما دەپ سانايتتى. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەيدىغان داۋانى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنى پەقەت ئىنسان، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى.

2 ـ مارسىيۇن مەزھىپى.

بۇ قەدىمكى خىرىستىيان مەزھەپلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇلار يېڭى ئەھدە كىتابلىرىدىن ئىنجىل «لۇقا»نى ۋە پاۋلۇسنىڭ مەكتۇبلىرىدىن 10 مەكتۇبنىلا ئېتىراپ قىلاتتى، باشقىسىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇلار يېڭى ئەھدە كىتابلىرى ھەققىدە «بۇ كىتابلار ئىلھام بىلەن يېزىلغان كىتابلار ئەمەس» دەيتتى. ئۇلار قوبۇل قىلىپ ئېتىقاد قىلىدىغان 10 مەكتۇب ھازىرقى مەشھۇر 10 مەكتۇبقا زىت ئىدى. ئۇلارمۇ ئىنجىل «لۇقا»نىڭ ئاۋۋالقى ئىككى بۆلۈمىگە ۋە باشقا كۆپلىگەن بابلارنى ئىنكار قىلاتتى. ئەردنېر ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە ئۇلار ئىنكار قىلىدىغان ماۋزۇلارنى «14 ماۋزۇ» دەپ بايان قىلغان.

بېل ئۆزىنىڭ تارىخ ئەسىرىدە «مارسىيۇن مەزھىپى ئىككى ئىلاھقا چوقۇناتتى: بۇلارنىڭ بىرى ياخشىلىق ئىلاھى، يەنە بىرى يامانلىق ئىلاھى ئىدى. ئۇلار تەۋرات ۋە باشقا كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسى يامانلىق ئىلاھى تەرىپىدىن كەلگەن. چۈنكى ئۇلار يېڭى ئەھدە كىتابلىرىغا زىت كېلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى» دەپ يازىدۇ.

3 ـ مانىكىز مەزھىپى.

بۇ مەزھەپنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن 4 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم فاستېن بولۇپ، لاردنېر ئۆز تەپسىرىدە ئەكسايىننىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن: «فاستېن مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن يېڭى ئەھدىگە قوشۇۋېلىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى يوقاتقان نەرسىلىرىنى ئىنكار قىلىمەن. چۈنكى بۇ ئەمەلىيەتتۇر. بۇ يېڭى ئەھدىنى ئىسا يازغان ئەمەس، ئۇنىڭ مۇرىتلىرىمۇ يازغان ئەمەس، بەلكى بۇنى نامى مەلۇم بولمىغان بىر شەخس يازغان بولۇپ، كېيىن كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋەقەلىكلەرگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئېتىبارلىق

سانىماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى يالغاندىن مۇرتىلارغا مەنسۇپ قىلغان. بۇ ئاپتور ھەقىقەتتىن چەتنىگەن ۋە زىتلىقلار بىلەن تولغان بۇ كىتابنى يېزىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق ئىسا مۇرتلىرىغا ئېغىر ھالدا ئازار قىلغان بولدى.» بۇ مەزھەپنىڭ پېشۋاسى كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى ئوچۇق، دادىل ھالدا جاكارلايتتى. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1) خىرىستىيانلار يېڭى ئەھدە كىتابلىرىغا ئۇنىڭدا بولمىغان نەرسىلەرنى كىرگۈزۈۋالغان ۋە بەزى ماۋزۇلارنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ تاشلىغان.

2) ھازىرقى مەشھۇر ئىنجىللارنىڭ ھېچقايسىسى ئىسانىڭ يازغان ئەسلى ئىنجىلى ئەمەس. بۇلارنى مۇرتىلار ياكى ئۇلاردىن بىر ئەسىر كېيىنكى كىشىلەرمۇ يازغان ئەمەس، بەلكى بۇلارنى نامى بىلىنمىگەن شەخسلەر يېزىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان.

3) بۇ يېڭى ئەھدە كىتابلىرىدا ناھايىتى كۆپ زىتلىق ۋە خاتالىقلار بار.

لاردنېر ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى مانىكىز مەزھىپىنىڭ كونا ئەھدە كىتابلىرىغا ھەر ۋاقىت ئېتىقاد قىلمىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ "شەيتان مۇساغا سۆزلەش ئارقىلىق يەھۇدىي پەيغەمبەرلىرىنى ئالدىغان" دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىغا ۋە ئۇلارنى قاراقچى، بۇلاڭچىلار دەپ سۈپەتلەيدىغانلىقىغا بىردەك پىكىرگە كەلگەندۇر.

يۇقىرىدىكى ئىككى ئۇسۇلدىن ئېنىقلاندىكى، خىرىستىيانلارنىڭ ئىشلىرىغا قارشى تۇرىدىغان ۋە ھازىرقى خىرىستىيانلار، بىدئەتچىلەر دەپ سانايدىغان قەدىمكى خىرىستىيان مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسى كونا ۋە يېڭى ئەھدە

كىتابلىرىدا، ئۆزگەرتىش ۋە ھەر خىل ئويدۇرمىچىلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپلا كەسكىن ھالدا ئىپلان قىلىپ كەلگەن.

ئۈچىنچى ئۇسۇل: خىرىستىيان دىنىغا مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە بارلىق خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارلىق بولغان خىرىستىيان تارىخچىلىرى ۋە مۇپەسسىرلىرىنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش:

1 ـ ئادام كىلارك ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە «تارىخچىلارنىڭ ئىسا توغرىلۇق يازغانلىرىنىڭ كۆپلىرى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇلار ئەمەلىيەتتە بولمىغان ھادىسىلەرنى ۋە ئىشلارنى يازغان. باشقا ماۋزۇلاردىمۇ گاھ قەستەن، گاھ بىلمەستىن كۆپ خاتا نەرسىلەرنى يازغان، بۇ رېئاللىقتۇر. خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاۋۋالقى ئەسىرىدە دەۋر سۈرگەن ئىنجىللارنىڭ كۆپلىرى يالغان ئىنجىللاردۇر. بۇنداق ئىنجىللارنىڭ سانى 70 تىن ئاشقان. فابرى سىيۇس بۇنداق يالغان ئىنجىللارنىڭ ھەممىسىنى ئۈچ تومغا توپلاپ نەشر قىلدۇرغان» دەپ يازىدۇ.

2 ـ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «يارىتىلىش»، «چىقىش»، «ئالىملار (لاۋىيلار)»، «سانلار» ۋە «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» قاتارلىق بەش بۆلۈمدىن باشقىمۇ يەنە تەۋرات بۆلۈملىرى مەنسۇپ قىلىنغان. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى ھازىرقى تەۋراتتا تۆۋەندىكى ئالتىدۇر:

1 ـ ھادىسىلەر.

2 ـ يارىتىلىش 2.

3 ـ مىراج.

4 ـ ئەسرار.

5 ـ ئەھدە.

6 ـ ئىقرار.

ھورىن مۇنداق دېگەن: «بۇ ئويدۇرما بۆلۈملەر خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاۋۋالقى ئەسىرىدە يەنى بىرىنچى مىلادىيىدە ئىجاد قىلىنغان».

3 ـ مەشھۇر تارىخچى مۇشىم مۇنداق دەيدۇ: «ئىسا دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن مىسىرلىق يەھۇدىيلار مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ "ئىشەنچىنى كۈچەيتىش ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەش ۋە كىشىلەرنى ئالداش جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياخشىلىققا ياتىدۇ" دەيدىغان سەپسەتىلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇلار بۇ خاتا پەلسەپە بىلەن ئىش كۆرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى قەدىمكى ساماۋى كىتابلارغا قىلغان مۇئامىلىلىرىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كېيىنچە بۇ خاتا پەلسەپىنىڭ ئىللەتلىرى خىرىستىيانلارغا كۆچكەن. خىرىستىيانلارنىڭ كۆپلىگەن كىتابلارنى تارىختىكى مەشھۇر بۈيۈكلەرگە مەنسۇپ قىلغانلىقلىرى بۇنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر».

يالغاننى توقۇش، ئويدۇرۇش ۋە ئالداش خىرىستىيانلاردىن بۇرۇنقى يەھۇدىيلارنىڭ ۋە كېيىنچە خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە دىنى پەزىلەت سانالغان بىر ئىش تۇرسا، بۇ ئىش داۋام قىلماستىن توختاپ قالامدۇ؟!.

4 ـ لاردنېر ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە پادىشاھ ئاناستىسۇس (491~518 ـ يىللىرى ئارىسىدا ھۆكۈمدار بولغان)نىڭ بۇيرۇقى بىلەن «مۇقەددەس كىتابلار

ئاپتورلىرىنىڭ ئېنىق بىلىنمىگەنلىكى سەۋەبتىن ئېتىبارسىز قىلىنىدۇ» دەپ پەرمان چىقىرىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن بۇ ئىنجىللار ئىسلاھ قىلىنىپ تۈزىتىلگەن. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىنجىللارنىڭ ئاپتورلىرى بىلىنگەن بولسا، ياكى ئىشەنچلىك دەپ قارالغان بولسا، بۇ ئىنجىللار ھەرگىز ئىسلاھ قىلىنمىغان بولاتتى. ئىسلاھ قىلىپ تۈزەتكۈچىلەر كۆچلىرىنىڭ يېتىشچە بۇ ئىنجىللاردىكى زىتلىق ۋە خاتالىقلارنى ئۆزگەرتىپ ئىسلاھ قىلغان بولسىمۇ، بۇ كىتابلارنىڭ ئەسلىنىڭ يوقالغانلىقى ۋە ئۆيدۇرما ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ھەر زامان ئىسپاتلىنىپ تۇرماقتا.

5 ـ ئەكىستايىن، ھېلىز ۋە قەدىمكى خىرىستىيانلار مۇنداق دەيتتى: «يەھۇدىيلار مىلادىيەنىڭ 130 ـ يىلى خىرىستىيانلارنىڭ تەۋراتنىڭ گىرېكچە نۇسخىسىغىلا ئېتىقاد قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بولغان دۈشمەنلىكى يۈزىسىدىن بۇ تەرجىمە نۇسخىنى ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىش ئۈچۈن تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىنى قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەن.» كېيىنكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان ئىبرانى نۇسخا تەۋراتنى باشقا نۇسخا تەۋراتقا ئېتىقاد قىلىدىغان سامىرىيەلىكلەرگە دۈشمەنلىكلىرى يۈزىسىدىن ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى قانائەتلىنەرلىك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىغان.

6 ـ مۇپەسسىر ھارسلى مۇنداق دېگەن: «مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىدە ھېچقانداق شەك-شۈبھە يوق. قەبىھ يامان ئىبارىلەر بۇ كىتابلارغا ئەسلى تېكىست ئورنىدا كىرگۈزۈلگەن. تەۋراتنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىنىڭ تېكىستلىرى كىشىلەرنىڭ قوللىرىدىكى نەقىللەردە ئەڭ قەبىھ شەكىلدە بۇرمىلانغان.»

7 ـ ۋاتسېن مۇنداق دېگەن: «ئۆرىجىن مۇقەددەس كىتابلاردىكى زىتلىقلار ۋە ئىختىلاپلارنىڭ كۆپلۈكىدىن شىكايەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى كاتىپلارنىڭ غاپىللىقى، يامان نىيەتلىرى ۋە مەسىلىگە ئەھمىيەتسىز قاراشلىرى قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ئۆزۈرلەر بىلەن شەرھلىگەن. جېيرۇم كونا ئەھدە كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش پىكرىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى نۇسخىلارغا بۇ كىتابلارنى سېلىشتۇرغىنىدا بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ ئىختىلاپ ۋە زىتلىقلارنى كۆرگەن».

ئادام كىلارك ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «جېيرۇمدىن بۇرۇن ھەر تۈرلۈك تەرجىمانلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان لاتىنچە تەرجىمىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. جېيرۇم ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ناھايىتى چوڭ ئۆزگەرتىشلەر كىرىپ كەتكەن ۋە ئىچىدىكى ماۋزۇلاردىمۇ زىتلىقلار كۆپ بولغان.»

8 ـ راھىب فايلىبىس كۇۋادنوس بەزى مۇسۇلمانلارغا رەددىيە بېرىش ئاساسىدا «خىياللار» ناملىق بىر كىتاب يازغان ۋە ئۇنى 1649 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كونا ئەھدە كىتابلىرىدا كىشىلەرنىڭ قوللىرى بىلەن ئۆزگەرتىلگەن خاتالىقلار ناھايىتى كۆپ. بىز خىرىستىيانلار يەھۇدىيلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىغا كۆز يۇمۇپ، بۇ كىتابلارنى قوغداپ كەلدۇق. بىز ئۇلارنىڭ ئەپسانىلىرىگە ئىشەنمەيمىز».

9 ـ پىروتېستانت مەزھىپىدىكىلەر تەرىپىدىن پادىشاھ جېمىس (1625 ـ يىلى ۋاپات بولغان)كە سۇنۇلغان ئەرزدە مۇنداق دېيىلگەن: «بىزنىڭ قولىمىزدىكى مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىچىدىكى "زەبۇر" كىتابى ئۇنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىنىڭ تېكىستلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا تېكىستلەرنى

قىسقارتىش، ئويىدۇرۇپ قوشۇش ۋە باشقا سۆزلەرگە ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىشلار ناھايىتى كۆپتۇر. مەزكۇر ئەھۋال 200 دىن ئارتۇق ماۋزۇدا ئۇچرايدۇ».

10 ـ ئىنگلىز تارىخچىسى مىستېر توماس (1881 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مۇقەددەس كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان ئىنگلىز تەرجىمانلار ئاساسى مەقسەتنى بۇرمىلىۋەتكەن، ھەقىقەتنى يوشۇرغان، بىلىمسىز كىشىلەرنى كۆپ ئالداپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن توغرا بولۇشقا تېگىشلىك ئىنجىلنى قىڭغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار زۇلمەتنى نۇردىن ئارتۇق كۆرەتتى. يالغاننى ھەقىقەتتىن ئەۋزەل بىلەتتى».

11 ـ ئەنگلىيەدىكى يېڭى تەرجىمە ھەيئىتىنىڭ بۈيۈك مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان مىستېر پىرۇتېن ئەھلى كىتاب ئالىملىرىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئەنگلىيەدە دەۋر سۈرۈۋاتقان تەرجىمىلەرنىڭ ھەممىسى خاتالىقلار بىلەن تولغان. سىلەرنىڭ مەشھۇر تەرجىمەڭلەردە كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ 848 ماۋزۇدىكى تېكىستلىرى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. بۇ ئىش سان ـ ساناقسىز كىشىلەرنىڭ يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنى رەت قىلىشلىرىغا سەۋەب بولدى».

ئىككى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئىبارىلىرىدىكى زىتلىقلارنىڭ سەۋەبلىرى:

ھورېن ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىتابلارنىڭ ئىبارىلىرىدىكى زىتلىقلارنىڭ تۆت سەۋەبى بار.

بىرىنچى سەۋەب: كاتىپلارنىڭ غاپىللىقى ۋە خاتالىقى بولۇپ، بۇ مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ:

1 ـ كاتىپقا ئىبارىنى سۆزلەپ بەرگەن كىشى ئەسلىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەپ بەرگەن. كاتىپمۇ ئاڭلىغانلىرىنى يازغان، ياكى ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى تولۇق چۈشەنمەستىن ئۆزىنىڭ چۈشەنگىنىگە ئاساسلىنىپ يازغان.

2 ـ ئىبرانى ھەرپلىرى بىلەن گىرېك ھەرپلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بىرىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى يازغان.

3 ـ كاتىپ سۆز ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقنى ھەرپ دەپ چۈشەنگەن، ياكى كاتىپ ئاساسىي مەقسەتنى چۈشەنمەستىن ئىبارىنى ئۆز ئەقلى بويىچە تۈزىتىپ يازغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتالاشقان.

4 ـ كاتىپ بىر ماۋزۇدىن يەنە بىر ماۋزۇغا سەۋەنلىكتىن يۆتكەلگەن. كېيىن ئۇ ئاگاھلاندۇرۇلغاندىن كېيىن بۇرۇن يازغانلىرىنى ئۆچۈرمەستىن، يۆتكەلگەن يېرىدىن باشلاپ يازغان. نەتىجىدە، بۇرۇنقى خاتالىق بىلەن يازغانلىرى شۇ بويىچە قالغان.

5 ـ كاتىپ بىر نەرسىنى ئۇنۇتقان بولۇپ، ئۇ باشقا بىر ماۋزۇنى يېزىۋاتقىنىدا ئېسىگە كەلگەن بۇرۇنقى ئۇنۇتقانلىرىنى كەلگەن يېرىدىن باشلاپ يېزىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئىبارىلەر ئۆز ئورنىدىن باشقا ماۋزۇلارغا يۆتكىلىپ قالغان.

6 ـ كاتىپ يېزىۋاتقان ۋاقتىدا سەۋەنلىكتىن يازماقچى بولغان قۇردىن باشقا قۇرغا ئۆتۈپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن بىر ياكى كۆپ ئىبارىلەر يېزىلماي قالغان. كاتىپمۇ بىلمەي قالغان.

7 ـ كاتىپ بەزى ماۋزۇلارنى چۈشەنمىگەنلىكتىن ئۆزىنىڭ چۈشەنگىنى بويىچە يازغان ۋە خاتالاشقان.

8 ـ كاتىپلارنىڭ جاھىللىقلىرى ۋە غاپىللىقلىرى ئىبارىلەرنىڭ زىتلىقىدىكى چوڭ سەۋەبتۇر. چۈنكى ئۇلار شەرھىلەر ياكى تەپسىرلەردىكى ئىبارىلەرنى تېكىستتىن بىر پارچە دەپ چۈشىنىپ قالغان ۋە ئۇلارنى تېكىستلەرگە قوشۇپ يېزىۋەتكەن.

ئىككىنچى سەۋەب: نەقىل قىلىنغان ئەسلى نۇسخىنىڭ ناقىسلىقى بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكىچە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ:

1 ـ ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسىنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى.

2 ـ بىر بەتتە كۆرۈنگەن ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى يەنە باشقا بەتلەردىمۇ شۇنداق كۆرۈنگەن. نەتىجىدە باشقا بەتنىڭ ھەرپلىرىگە ئارىلىشىپ قالغان، كاتىپ ئۇنى بۇرۇنقى بەتنىڭ بىر قىسمى، دەپ چۈشىنىپ شۇ بويىچە يېزىۋەتكەن.

3 ـ تاشلىنىپ قالغان تېكىستلەر بەتنىڭ ئاستىدىكى شەرھىسىگە ئورنىنى كۆرسىتىدىغان ئىشارەتسىز يېزىلغان بولۇپ، ئىككىنچى بىر كاتىپ ئۇنى يازغاندا تاشلىنىپ قالغان بۇ تېكىستنىڭ ئورنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە ئۆزىنىڭ رايى بويىچە يازغان ۋە خاتالاشقان.

ئۈچىنچى سەۋەب: خىيالى تۈزىتىش ۋە ئاساسسىز ئىسلاھ قىلىش بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكىچە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ:

1 ـ كاتىپ توغرا ئىبارىنى خاتا ياكى ناقىس دەپ چۈشىنىپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن.

2 ـ بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ كىتابلاردىكى خاتالىقلارنى ئىسلاھ قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بەزى ئىبارىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە بەدئىي سانالغان باشقا ئىبارىلەرگە ئۆزگەرتىۋەتكەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە پەرقسىز كۆرۈنگەن بىر مەنىلىك لەۋزىلەرنى ۋە ئارتۇق كۆرۈلگەن سۆزلەرنى تېكىستتىن ئېلىپ تاشلىغان.

3 ـ بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تېكىستلەرنى مەنا جەھەتتىن ئوخشاش دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، بۇ تېكىستلەرنى بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىتىشقا تىرىشقان. نەتىجىدە ئارتۇق سۆزلەرنى كېمەيتكەن، ناقىسلارنى كۆپەيتكەن. بۇ جىنايەت خۇسۇسەن ئىنجىللارغا كۆپ ئىشلىتىلگەن. شۇڭا پاۋلۇسنىڭ مەكتۇبلىرىغا كونا ئەھدە كىتابلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىبارىلەرنى ئۇنىڭ گىرېكچە تەرجىمىسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوشۇمچىلار كۆپ قوشۇلغان. بۇنداق ئىشلار ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن ئىشلاردۇر.

4 ـ بەزى تەتقىقاتچىلار يېڭى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ئىبارىلىرىنى لاتىنچە تەرجىمىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ كىتابلارنى كۆپ ئۆزگەرتكەن.

تۆتىنچى سەۋەب: قەستەن ئۆزگەرتىش بولۇپ، مۇقەددەس كىتابلارنىڭ تېكىستلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىۋېتىش جىنايىتى مۇتەئەسسىپ دىنچىلار ۋە بىدئەتچىلەر تەرىپىدىن سادىر بولغان. ئۆزگەرتىشتە ئەڭ مەشھۇر بولغانلار خىرىستىيان دىنىنىڭ مارسيۇن مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان بىدئەتچىلەردۇر. ئەمما مۇتەئەسسىپلەر بولسا بەزى مەسىلىلەرنى كۈچلەندۈرۈش ياكى قارشى تەرەپكە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن كىتابلارنى قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇ ئۆزگەرتىشلەر ئۇلاردىن كېيىن تېخىمۇ راۋاجلانغان». ھورىن يەنە ئۆز كىتابىدا

بۇنداق مۇتەئەسسىپ دىنچىلار تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئۆزگەرتىشلەرنىڭ بولغانلىقىغا مىساللارنى كەلتۈرگەن.

يۇقىرىدا تەۋرات ۋە ئىنجىللاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئەھدە كىتابلىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر تۈرلۈك جىنايەتلەرنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، دەيمىزكى: يەھۇدىي، خىرىستىيانلار ئۆزگەرتىش، بۇزۇش، ئويدۇرۇش ۋە قىسقارتىش ۋاستىلىرىدىن قايسىبىرىنى قىلمىدى؟!. ئۇلار مۇقەددەس كىتابلارنى ئۆزگەرتىش ئىشكىلىرىدىن قايسىبىر ئىشكىنى چەكمىدى؟!، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بۇنداق بولغان يەردە، خىرىستىيانلار ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىنقى ئادىتى بويىچە ئۆز كىتابلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان ماۋزۇلارنى، ئىبارىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. كېيىن بۇ ئىشلار تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان دېسەك ئەجەبلىنەرلىكمۇ؟!. بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا بولىدىغان بۇنداق ئۆزگەرتىشلەرگە ئۇلار ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

خىرىستىيانلارنىڭ ئىككىنچى خاتالىقى

خىرىستىيانلار «ئىسا كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولغان. ئەگەر بۇ كىتابلار ئەسلىدىكى شەكلىدىن ئۆزگەرتىلگەن بولسا ئىدى، ئىسا ئۇنىڭ ھەقلىقىغا گۇۋاھچى بولمىغان بولاتتى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلارنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بۇ جىنايەتلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنى ئەيىبلىگەن بولاتتى» دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمىز: كونا ۋە يېڭى ئەھدە كىتابلىرىدىن ھېچبىرى لەۋزى جەھەتتىن ئىشەنچلىك ۋاستىلەر بىلەن ئىسپاتلىنالمىغان ۋە ئاپتورلىرىغا مەنسۇپ بولۇشتىمۇ ھەر خىل رىۋايەتلەر سۆزلىنىپ بىرەر كىشىگە ئىشىنەرلىك بىر رىۋايەت بىلەن مەنسۇپ بولالمىغان ئىكەن، بۇ كىتابلاردا ئۆزگەرتىشنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى ئىجرا قىلىنغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. دىن ۋە دىيانەت ئەھلىلىرى دەپ تونۇلغان دىنى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ (ئۆز گۇمانلىرىدا ياخشى نىيەت بىلەن) بەزى مەسىلىلەرنى كۆچكە ئىگە قىلىش ۋە قارشى تەرەپكە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن قەستەن ھالدا بۇ كىتابلارنى ئۆزگەرتكەنلىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆز ئالدىمىزدا نەق تۇرغانىكەن، (دىيانەتسىز ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ نەفسى غەرەزلىرى تۈپەيلى قانچىلىك كۆپ ئۆزگەرتكەن بولسا ھەممىسى كۆز ئالدىمىزدا نەق ئىكەن) بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى شۈبھىلىك بولۇپ قالغان. بۇ كىتابلارنىڭ بەزى تېكىستلىرىنىمۇ دەلىل ئورنىدا قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەسىرلەردىكى خىرىستىيانلار ئەبىيۇنىيە، مارسىيۇنىيە ۋە مانىكىز مەزھەپلىرىگە قارشى ھالدا كۆپلىگەن ئويدۇرما تېكىستلەرنى ئۆز كىتابلىرىغا كىرگۈزۈۋالغان. كېيىن بۇنداق ئويدۇرما

تېكىستلەر ئۇلارنىڭ دىنى مەسىلىلەرنى كۆچكە ئىگە قىلىشلىرى ئۈچۈن ئىشقا يارىغانسېرى تېخىمۇ كۆپ توقۇلۇشقا باشلىغان. بىز بۇ تېكىستلەرنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر شۇنى دەيمىزكى، بۇنداق تېكىستلەر بىلەن بۇ كىتابلارنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانمايدۇ. چۈنكى بۇ تېكىستلەردە بۇ كىتابلارنىڭ سانى ۋە ئىسىملىرى بايان قىلىنغان ئەمەس. بۇنداق بولغان ئىكەن، كونا ئەھدە كىتابلىرى (ھازىرقى پىروتېستانت مەزھەپىدىكىدەك) 39 پارچىمۇ ياكى (ھازىرقى كاتولىك مەزھەپىدىكىدەك) 46 پارچىمۇ قانداق بىلىمىز؟!.

ئىسادىن كېيىن ياشىغان ۋە پۈتۈن خىرىستىيانلار بىردەك ئۇلۇغلايدىغان مۆتەئەسسىپ يەھۇدىي تارىخچىسى يۈسىفىس ئۆزىنىڭ كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «بىز يەھۇدىيلاردا بىر ـ بىرىگە زىت كەلگىدەك مىڭلارچە كىتاب يوق، بەلكى بىزنىڭ 22 پارچە كىتابىمىز بار بولۇپ، بۇلاردىن بەش كىتاب مۇساغا مەنسۇپتۇر».

بۇنىڭدىن ئېنىقلاندىكى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەش كىتابىدىن باشقا 17 كىتاب تەۋراتقا قوشۇۋېلىنغان كىتابلاردۇر. پىروتېستانت مەزھىپىگە كۆرە، تەۋراتقا قوشۇۋېلىنغان كىتابلارنىڭ سانى 34، كاتولىك مەزھىپىگە كۆرە 41 دۇر. بۇ كىتابلارنىڭ قايسىلىرى تەۋراتنىڭ قوشۇمچىلىرى بولغان يۇقىرىدىكى 17 كىتابقا كىرىدۇ، قايسىلىرى ئۇنىڭغا كىرمەيدۇ؟.

يۇقىرىدىكى ماۋزۇلاردا تەتقىقاتچى كىرىزاستەم ۋە كاتولىك ئالىملىرىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ كىتابلارنى ئۆزلىرىنىڭ غاپىللىقلىرى ۋە دىيانەتسىزلىكلىرى سەۋەبلىك زايە قىلىۋەتكەنلىكى، بەزىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، بەزىلىرىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقلىرى قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ بايانى يۇقىرىدا ئۆتتى. زايە قىلىنغان كىتابلار يۇقىرىدىكى 17

كىتابنىڭ ئىچىدىن بولۇشى مۇمكىن. تەتقىقاتچىلار بۇ كىتابلاردىن 20 كىتابنىڭ نامى بار، بىراق ئۆزى يوق دەپ ئىقرار قىلغان. تامىس ئىنكلىس دېگەن ئالىم مۇنداق دېگەن: «مۇقەددەس كىتابلاردىن زايە بولۇپ يوق بولغانلىرىنىڭ سانى 20 دىن ئاز ئەمەسلىكىنى پۈتۈن دۇنيا بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ».

يۇسۇفىسىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن تەۋراتتىن بەش كىتابنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. ئەمما يۇسۇفىسىنىڭ دەۋرىدىكى بۇ بەش كىتاب ھازىرقى مەشھۇر بەش كىتابمۇ ياكى باشقىسىمۇ ئۇنى كىم بىلسۇن؟!.

يۇسۇفىسىنىڭ ھازىرقى كىتابلارغا ئىشەنچ قىلمىغىنىغا قارىغاندا ئۇ بەش كىتاب ھازىرقى كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى بەش كىتاب ئەمەس. ئەگەر بىز ھازىرقى ئىككى ئەھدە كىتابلىرىنى بۇ كىتابلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مەۋجۇت بولغان، بۇلار ئىسا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى ھەقلىقىغا گۇۋاھچى بولغان كىتابلارنىڭ ئۆزى ئىدى، دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ گۇۋاھلىق پەقەتلا بۇ كىتابلارنىڭ ئاتالمىش ئاپتورلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ راستلىقى ياكى بەزىسى راست، بەزىسى توقۇلما ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ كىتابلارنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا بار ئىكەنلىكىنىلا ئىپادىلەيدۇ. بۇ گۇۋاھلىقتىن بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاتالمىش ئاپتورلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى، ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكى مەلۇم بولمايدۇ. ئەگەر ئىسا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى بۇ كىتابلاردىن (يەنى تەۋراتتىن) بىرەر مەسىلىنى نەقىل كەلتۈرگەن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ نەقىل كەلتۈرگەنلىكى نەقىل ئېلىنغان كىتابنىڭ ھەق

ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنداق، ئەگەر ئىسا ئەلەيھىسسالام تەۋرات ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىدىكى پۈتۈن ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھتىن كەلگەن، ھەق دەپ جاكارلىغان بولسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ئىشەنچلىك ۋاسىتىلار بىلەن يېتىپ كەلگەن بولسا ئىدى، بۇ كىتابلارنى كەسكىن ھالدا ھەق، شۈبھە يوق دەپ ئېيتالىغان بولاتتۇق. بۇنداق بولمىغان ئىكەن، بۇ كىتابلار شۈبھىلىكتۇر ۋە داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇ كىتابلاردىن ھېچقايسىسى ھەققىدە ئوچۇق بايان كەلمىگەن. تەتقىقاتچى بېلى ئۆزىنىڭ كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئىسانىڭ "تەۋرات ئاللاھتىن كەلگەن" دېگەن سۆزى "كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسى ياكى تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھتىن كەلگەن، ھەممىسى ئەسلىدىكىدۇر ۋە توغرىدۇر" دېگەن مەنانى ئىپادىلىمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر بىز كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئىكەنلىكىگە ئىسا گۇۋاھلىق بەرگەن، دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى گۇۋاھلىقى ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزگەرتىش، ئويدۇرۇش ۋە بۇرمىلاش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ئاقلىيالمايدۇ. ئىسادىن بۇرۇن كىتابلىرىنى ئۆزگەرتكەن بۇ يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگەرتەلمەمدۇ، ئەلۋەتتە ئۆزگەرتكەن». خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى، مۇپەسسىرلىرى، تارىخچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مىلادىيەنىڭ 130- يىلى خىرىستىيانلارغا بولغان دۈشمەنلىكى يۈزىسىدىن مۇقەددەس كىتابلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىگە بىردەك ئىقراردۇر. دېمەك، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۈز بەرگەن ئۆزگەرتىشلەرگە زىت كەلمەيدۇ.

خىرىستىيانلارنىڭ ئۈچىنچى خاتالىقى

خىرىستىيانلار تەۋراتقا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئېهتىمالدىن يىراق ساناپ، «مۇقەددەس كىتابلارنىڭ نۇسخىلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە تارقالغاچقا ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ئوڭاي ئەمەس» دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ:

1 ـ مۇسا ئەلەيهىسسالام تەۋراتنى (يەنى ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بەش كىتابنى) يېزىپ يەھۇدىي ئالىملىرىغا تاپشۇرغان ۋە ئۇنى مەخسۇس بىر ساندۇقتا سېلىپ ساقلاشقا تەۋسىيە قىلغان. ئەمەلىيەتتە، مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ تەۋراتى بۇ ساندۇقتا سېلىپ قويۇلىدۇ ۋە بىرىنچى دەۋر كىشىلىرىدە بۇ كىتاب شۇنداق ساقلىنىپ، قوغدىلىپ كەلدى. بۇ بىرىنچى دەۋر كىشىلىرى تۈگەپ كېتىشى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئۇلار گاھ دىندىن يېنىپ كېتىپ، گاھ تەۋبە قىلىپ دىنغا قايتىپ تۇراتتى. داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيهىسسالاملارنىڭ دەۋرىگىچە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى شۇنداق داۋام قىلغان. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى ياخشىلىنىپ، ئەقىدىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلار يولغا كىرگۈزۈلىدۇ . ئەمما ساندۇقتىكى تەۋرات ئۇلارنىڭ دىندىن يېنىۋېلىشلىرى تۈپەيلى سۇلەيمان ئەلەيهىسسالامنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇنلا زايە قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا يوقالغانلىقىنى ئۇلار كېسىپ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى سۇلەيمان ئەلەيهىسسالام ساندۇقنى ئاچقىنىدا ئۇنىڭ ئىچىدىن 10 ۋەسىيەت يېزىلغان ئىككى تاختىدىن باشقا تەۋرات تاختىلىرى تېپىلمىغان. (تەۋرات «پادىشاھلار1» 8: 9)

ئۇلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى يەھۇدىيلارنىڭ دىنىدىن يېنىۋېلىشى ھادىسىسىنىڭ يەنە بىر قېتىم يۈز بەرگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كىتابلىرى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۇلەيمان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دىنىدىن يېنىۋېلىپ، بۇتلارغا چوقۇنغان، خوتۇنلىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، كۆپلىگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى سالدۇرغان.» (تەۋرات «پادىشاھلار1» 11 : 1~11) ئۇلارنىڭ بۇ قەبىھ تەبىرلىرى بويىچە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ئۆمرىدە مۇرتەد بولۇپ، بۇددىست بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ تەۋرات بىلەن ئالاقىسى قالامدۇ؟!.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 93 ـ يىلى چوڭ كۆلەملىك دىندىن بۇرۇلۇش نەتىجىسىدە ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىككى مەملىكەتكە ئايرىلىپ كېتىدۇ. ناباتنىڭ ئوغلى يەربىئام پەلەستىننىڭ شىمالىدىكى جايلارنى «ئىسرائىل مەملىكىتى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىكى 10 قەبىلىگە پادىشاھ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پايتەختى تىرسە (نابلىسقا يېقىن بىر جاي) ئىدى. سۇلەيماننىڭ ئوغلى رەھبىئام پەلەستىننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا پادىشاھ بولىدۇ. ئۇ جايلاردا ئىككى قەبىلە ياشايتتى. بۇ جايلار يەھۇزا مەملىكىتى دەپ ئاتىلاتتى. پايتەختى ئېرۇسالېم ئىدى. ھەر ئىككى مەملىكەتتە كافىرلىق ۋە دىندىن يېنىۋېلىش ھادىسىلىرى ئەۋجىگە چىققان. ئىسرائىل دۆلىتىدىكى كافىرلىق ئېقىمى ناھايىتى كەڭ ھەم تېز ئىدى. چۈنكى بۇ دۆلەتنىڭ بىرىنچى پادىشاھى يەربىئام دىنىدىن يېنىپ، ئالتۇن موزاينى بۇت قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان ۋە باشقىلارنىمۇ ئۇنىڭغا زورلىغان. بۇ مەملىكەتتىكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بۇددىست بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى بۇددىستلىقنى قوبۇل قىلماي يەھۇزا مەملىكىتىگە قېچىپ كەتكەن. ئىسرائىل

دۆلىتىگە 19 پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، ھېچبىرىنىڭ دەۋرىدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىققا ئۆزگەرمىگەن. بۇلارنىڭ بىرىنچى پادىشاھىدىن ئاخىرقى 19 ـ پادىشاھىغىچە ھەممىسى كاپىرلىقتا ياشىغان. ئۇلار بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا ئەششۇرىلارنى مۇسەللەت قىلغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 722 ـ يىلى سەرجۇنII نىڭ باشچىلىقىدىكى ئەششۇري كۈچلىرى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ئەسىرگە ئالدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈردۇ. بەزىلىرى باشقا مەملىكەتلەرگە قېچىپ كېتىدۇ. بۇ مەملىكەتتە بىرقىسىم ئىسرائىل ئەۋلادلىرىلا قالىدۇ. ئۇلار بۇددىستلارنى ئۆزلىرىگە تارتىپ، ئۇلارغا زېمىن بېرىش، ئىسرائىل دۆلىتىگە كەلگەن بۇددىست مىللەتلەر بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئارىلىشىپ ياشاش ۋە قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىشلىرى نەتىجىسىدە، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى سامىرىيەلىكلەر دەپ ئاتايدۇ. ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ بىرىنچى پادىشاھى يەربىئامدىن بۇ دۆلەتنىڭ گۇمراھ بولۇشىغىچە بولغان ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋرات بىلەن بولغان ئالاقىسى مۇتلەق ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. بۇ دۆلەتتە تەۋراتنىڭ بىرەر نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى خۇددى ئىسمى بار، جىسمى يوق ئەنقا قۇشىنىڭ تېپىلىشىدىنمۇ قىيىن ئىدى. ئەمما ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئىككىلا قەبىلىسىدىن قۇرۇلغان يەھۇزا دۆلىتى بولسا، بۇ دۆلەتتە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن 20 پادىشاھ ئۆتكەن. بۇ پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە مۆمىنلىرىدىن كاپىرلىرى كۆپ ئىدى. سۇلەيمان ئوغلى رەھبىئامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپلا، بۇ دۆلەتتە بۇددىزملىق دىنى تارقالغان. ھەربىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە بۇتلار قويۇلغان. ئۇنىڭغا چوقۇنۇش قىزغىنلىق بىلەن راۋاجلىنىشقا

باشلىغان. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا جازا بېرىش ئۈچۈن ئۇلارغا مىسىرنىڭ پادىشاھى شىشىقنى مۇسەللەت قىلغان بولۇپ، ئۇ يەھۇزا دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ پۈتۈن ھەيكەللەرنى ۋە پادىشاھ سارىيىنىڭ غەزنىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ئاندىن يەنە ئاللاھ بۇ دۆلەتنىڭ 3 - پادىشاھى ئاسانىڭ دەۋرىدە، بۇلارغا ئىسرائىل دۆلىتىنىڭ 3 - پادىشاھى ئەشانى مۇسەللەت قىلدى. ئۇمۇ بۇرۇنقىلارنىڭ قىلغانلىرىنى قىلدى. يەھۇزا دۆلىتىنىڭ 6 - پادىشاھى ئەخزىيانىڭ دەۋرىدە قۇددۇس شەھىرىنىڭ پۈتۈن ئەتراپلىرىغا بۇددىستلارنىڭ قۇربانلىق خانىلىرى سېلىندى. بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئىشكلىرى تاقىلدى. ئاندىن بۇ دۆلەتنىڭ 14 - پادىشاھى مەنەسسانىڭ دەۋرىدە كۇفۇرلۇق كەڭ دەرىجىدە تارقالغانلىقتىن بۇ دۆلەتنىڭ كۆپ كىشىلىرى بۇددىست بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئېرۇسالىمنىڭ ئىچىگە بۇتخانىلىرىنى بىنا قىلدى. بۇ پادىشاھنىڭ ئوغلى ئامۇننىڭ دەۋرىدىمۇ بۇ ئىشلار شۇنداق داۋام قىلدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 637 - يىلى ئامۇننىڭ ئوغلى يۇشىيا تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋبە قىلىپ، بۇ دۆلەتتە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى گۈللەندۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇتخانىلارنى ۋە بۇتلارنى چېقىپ تاشلاپ، كاھىن (ئۇلارنىڭ دىنى ئادىمى) ھىلقىيانى دىنى رەھبەر قىلىپ بەلگىلەيدۇ ۋە شافان ئىسىملىك بىرسىنى يەھۇدىي ئىبادەتخانىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەردىن مال - مۈلۈك توپلاش ئىشلىرىغا بەلگىلەيدۇ. ئۇلار تەۋراتقا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ بۇددىست بولۇپ كەتكىنىدىن باشلاپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 621 - يىلىغىچە، يەنى يۇشىيا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18 - يىلىغىچە ھېچكىم تەۋرات نۇسخىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىغان ۋە كۆرمىگەن بولۇپ، يۇشىيانىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنىڭ 18 -

يىلى ئۇنىڭ دىنى رەھبىرى ھىلقىيا ئىبادەتخانىدا يىغىلغان كۆمۈشلەرنىڭ ھېسابىنى ئېلىۋاتقىنىدا تەۋراتنىڭ «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» بۆلۈمىنىڭ ۋە بەزى شەرىئەت مەسىلىلىرىنىڭ قوليازمىسىنىڭ تېپىلغانلىقىنى داۋا قىلىدۇ. بۇ كىتاب شافانغا بېرىلىدۇ. شافان پادىشاھ يوشىياغا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ بەرگىنىدە پادىشاھ قاتتىق ھەسرەتتىن كىيىملىرىنى يىرتىدۇ ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئاسىيلىقلىرىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. (تەۋرات «پادىشاھلار 2» 22 : 1~11، «كۈنلەر 2» 34 : 1~19) لېكىن بۇ نۇسخىمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس. ھىلقىيانىڭ سۆزىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىبادەتخانا پادىشاھ ئەخزىيانىڭ زامانىدىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم تالان - تاراج قىلىنغان. كېيىن بۇ ئىبادەتخانا بۇددىست دىنىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىبادەتخانىنىڭ خادىملىرى ھەر كۈنى بۇ ئىبادەتخانىغا كىرەتتى. ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك (يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 843 - يىلىدىكى ئەخزىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 621 - يىلىدىكى يوشىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 17 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە) ھېچكىم تەۋرات دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ باقمىغان ۋە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋاقىتلاردا يوشىيا مۇسانىڭ دىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشقان. كاھىنلار ھەر كۈنى ئىبادەتخانىغا كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ كىتاب ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان. 17 يىل جەريانىدا بۇ كىتابنىڭ ئۇ جايدا ئىكەنلىكىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ياكى ئاڭلىمىغان. شۇڭا كەسكىن ئېيتىمىزكى، «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» دېگەن بۇ كىتابچىنى كاھىن ھىلقىيا ئۆزى توقۇپ چىققان. ئۇ پادىشاھ يوشىيا ۋە تەرەپدارلىرىنىڭ مۇسانىڭ شەرىئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەھۇدىي ئالىملىرىنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاڭلىغان بۇ رىۋايەتلەر ۋە قىسسەلەرنى

توپلاپ چىققان. 17 يىل جەريانىدا ئۇ بۇ رىۋايەتلەرنى توپلاش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ كىتاب توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى مۇساغا مەنسۇپ قىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقارغان ۋە ئۇنى ئىبادەتخانىدىن تاپقانلىقىنى داۋا قىلغان. بۇنىڭغا ئوخشاش ئويدۇرمىچىلىقلار ئىسرائىل مىللىتىنى يوكسەلدۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كېيىنكى يەھۇدىيلار ۋە ئومۇمىي خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە ماختاشقا ئەرزىيدىغان دىنى پائالىيەتلەردۇر. ھىلقىيانىڭ بۇ ئىشىنىڭ ماھىيىتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پادىشاھ يوشىيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ 18 ـ يىلى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان بۇ كىتاب، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە (يەنى 13 يىل) ئەمەل قىلىنغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 608 ـ يىلى يوشىيا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى يەھۇئاھاز ئولتۇرىدۇ. ئۇ دىنىدىن يېنىپ كافىر بولىدۇ ۋە بۇ دۆلەتتە كۇفۇرلۇقنى راۋاجلاندۇرىدۇ. ئاللاھ بۇ ۋاقىتتا ئۆلارغا مىسىر پادىشاھى نەخۋەنى مۇسەللەت قىلىدۇ. نەخۋە پادىشاھ يەھۇئاھازنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى يوشىيا ئوغلى يەھۇياقىمنى تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئۇمۇ ئاكىسى يەھۇئاھازغا ئوخشاش بۇددىست ئىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى يەھۇياكىن ئولتۇرىدۇ. ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش بۇددىست ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بابىل پادىشاھى بۇختەنەسسەرنى مۇسەللەت قىلىدۇ. بۇختەنەسسەر ئۇنى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەسىرگە ئالىدۇ. ئىبادەتخانىنى، قۇددۇس شەھىرىنى ۋە پادىشاھ سارىيىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلۈكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا تاغىسى سىدقىيانى ئولتۇرغۇزىدۇ. ئۇمۇ بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش بۇددىست ئىدى. ئۇ 11 يىل ھۆكۈمدار بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بۇختەنەسسەرگە بېقىنىپ ياشايدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 587 ـ يىلى بۇختەنەسسەر سىدقىيانى تۇتقۇن قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەۋلادلىرىنى كۆز

ئالدىدا ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويىدۇ ۋە زەنجىرلەپ باغلاپ، باشقا ئىسرائىل ئەۋلادلىرى بىلەن بىرگە ئۇنى بابىل ئەسىرلىككە ئەۋەتىدۇ. ئىبادەتخانىنى، پادىشاھ سارىيىنى ۋە ئېرۇسالىمنى كۆيدۈرۈپ شەھەرنىڭ ھەممىسىنى خارابىگە ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدا دۆلىتىگە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 587 ـ يىلى خاتىمە بېرىلىدۇ. بۇ ۋەقە ئىسرائىل دۆلىتىنى ئەششۇرىلارنىڭ يىقىتىشىدىن 130 يىل كېيىن ئىدى. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، يەھۇدىيلاردىكى تەۋراتنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاستىسى يوشىيا (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 638 ~ 608) نىڭ زامانىدىن خېلى بۇرۇنلا ئۈزۈلۈپ قالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان كىتابچىغا ئىشەنچ قىلىنمايدۇ. ئىشەنچ قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا پەقەت 13 يىللا ئەمەل قىلىنغان، كېيىن يەنە يوقالغان. بۇ كىتاب زايە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ھازىرغىچە مەلۇمات يوق. تارىخلارغا كۆرە، بۇ كىتابچە يوشىيا ئەۋلادلىرىنىڭ ئارىسىدا تېز سۈرئەتتە ئەۋج ئالغان كوفۇرلۇقلار جەريانىدا، بۇختەنەسسەرنىڭ ھۇجۇمىدىن بۇرۇنلا يوقىلىپ بولغان. ئەگەر بۇ كىتابچىنى بۇختەنەسسەر ھۇجۇمىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن، دەپ پەرەز قىلىنغان تەقدىردىمۇ بۇختەنەسسەرنىڭ پۈتۈن شەھەرنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپ، ھەممە نەرسىلەرنى كۆيدۈرگەنلىكى تارىخى ھەقىقەتتۇر. چۈنكى بۇ ۋەقەدىن بۇرۇن يېزىلغان كونا ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسى دۇنيا يۈزىدىن يوقىلىپ بولغان. پۈتۈن ئەھلى كىتابلار بۇنىڭغا ئىقراردۇر. شۇڭا ئۇلار «ئەزرا كونا ئەھدىنى بابىلدا قايتا يازغان» دېيىشكە مەجبۇر بولغان. «مۇقەددەس كىتابنىڭ قامۇسى»نىڭ ئاپتورلىرى «شۈبھىسىزكى، مۇقەددەس كىتابنىڭ كۆپلىگەن بۆلۈملىرى مۇرتەدلىك ۋە كاپىرلىق ئەسىرلىرىدە، خۇسۇسەن، مەنەسسانىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 693 ـ يىلىدىن، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 639 ـ يىلىغىچە بولغان 54 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى

جەريانىدا يوقىلىپ بولغان. ھىلقىيانىڭ قولىغا چۈشكەن مەزكۇر كىتابمۇ ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلۇشىدا يوقىتىلغان» دەپ قارار قىلىدۇ.

2 ـ ئەزرا كونا ئەھدىنى — ئۇلارنىڭ گۇمانىغا كۆرە — قايتا يېزىپ چىققان ۋاقىتتا يەنە باشقا بىر ھادىسە يۈز بەرگەن. بۇنىڭ بايانى تەۋرات « مىكابىيلار 1»دە ۋە يۈسىپفىسنىڭ باشقا كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان. بۇ مۇنداق ئىدى: «ئەنتىيۇكس4» ئېرۇسالىمنى ئىشغال قىلغان ۋاقىتىدا، ئۇ يەھۇدىي دىنىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىشقا بەل باغلاپ، كونا ئەھدە كىتابلىرىنى تېپىلغانلا يەردە كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ... تەۋرات نۇسخىلىرى يېنىدىن چىقىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەنتيۇكس بۇ ئىشنى ئۈچ يېرىم يىل ئۈزمەي داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ھادىسە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 161 ـ يىلى بولغانىدى. كۆپ كىشىلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەزرا يازغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈلۈپ يوق قىلىنىدۇ. شۇڭا جان مىلنىر مۇنداق دېگەن: «تەۋرات نۇسخىلىرىنىڭ بۇختەنەسسەر ھادىسىسىدە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن يوق قىلىنغانلىقىغا، كېيىن ئەزرانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان كۆچۈرمىلەرنىڭمۇ ئەنتيۇكس ھادىسىسىدە يوق قىلىنغانلىقىغا، ئاندىن يەنە يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەر كېلىپ، بۇ ھادىسىلەردە ئەزرا كىتابلىرىنىڭ قالدۇق نۇسخىلىرىنىڭ ۋە باشقا كىتابلارنىڭمۇ يوق قىلىنغانلىقىغا، مىلادىيەنىڭ 70 ـ يىلىدىكى رىملىق تىتۇس ھادىسىسىمۇ يۇقىرىدىكى ھادىسىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە پۈتۈن ئالىملار بىردەك پىكىردىدۇر. بۇ ۋەقەلىكلەر يۈسىپفىسنىڭ تارىخىدا ۋە باشقا تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان. تىتۇس ھادىسىسىدە يەھۇدىيلاردىن قۇددۇس شەھىرىدە بىر مىليون بىر يۈز مىڭ كىشى قىلىچ، ئوت ۋە ئاچلىق بىلەن ئۆلگەن. 97 مىڭ كىشى ئەسىر قىلىنغان. ئەسىرلەرنى تىتۇس باشقا مەملىكەتلەرگە قۇللۇققا سېتىۋەتكەن.

سۇرىيە ۋە پەلەستىنىدە كۆپلىرى ئۆلتۈرۈلگەن. ئەنتىيوكىسنىڭ كۆيدۈرۈشلىرىدىن كونا ئەھدە كىتابلىرىدىن بىرەر پارچە ساق قالغان تەقدىردىمۇ، رىملىق تىتۇس ھادىسىسىدە ئۇ پارچىمۇ چوقۇم كۆيدۈرۈپ تاشلانغان.» (بۇ كىتابتىكى «تەۋرات» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن.)

3 ـ كونا ئەھدىنىڭ ئىبرانىيچە نۇسخىسىنى قەدىمكى خىرىستىيانلار ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇلار بۇ نۇسخىنى ئويدۇرما، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار مىلادىيە 2 ـ ئەسىرگىچە گىرېكچە نۇسخىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدا بولسا گىرېكچە نۇسخا 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئېتىقاد قىلىناتتى. ئىبرانىيچە نۇسخا ھەر ئىككى تەرەپتە ئاز تېپىلاتتى. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ دىني رەھبەرلىرىنىڭ ئورتاق كېڭىشىشى بويىچە مىلادىيەنىڭ 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلىرىدە يېزىلغان تەۋرات نۇسخىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. چۈنكى بۇ نۇسخىلار ئۇلارنىڭ يۈنىلىش نۇقتىسى بولغان كىتابلارغا تامامەن زىت ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككى ئەسىردە يېزىلغان كىتابلاردىن ھېچبىرى تەتقىقاتچىلارنىڭ قولىغا يېتىپ كەلمىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىغا زىت كېلىدىغان تەۋرات نۇسخىلىرىنى يوق قىلىش ئىشلىرىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن بېجىرگەن يەردە، ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا بولغان ۋە ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان نۇسخىلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشتىن پەقەت توختاپ قالمىغان.

4 ـ ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردە خىرىستىيانلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن ھادىسىلەر، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تەۋرات نۇسخىلىرىنىڭ ئاز بولۇشىغا سەۋەب بولغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ تارىخچىلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئۈچ ئەسىردە ناھايىتى ئېغىر كۈلپەتلەرگە ۋە مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ باشلىرىغا

كەلگەن بۇ ئېغىر كۈلپەتلەر، بىسىم ۋە زۇلۇملار ئۆلارنىڭ قولىدىكى ئەسلى ئىنجىل ۋە باشقا مۇقەددەس كىتابلارنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىگە يېتەرلىك سەۋەب ئىدى. ئۆلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

(1) مىلادىيەنىڭ 64 ـ يىلى زالىملىقى بىلەن تونۇلغان پادىشاھ نېرون خىرىستىيانلارغا قاتتىق زۇلۇم قىلغانلىقى سىرتىدا، رىم شەھىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۆزىنى خىرىستىيان دېيىش كەچۈرۈلمەس جىنايەت ئىدى. ئۇ پېترۇسنى ئايالى بىلەن قوشۇپ، بۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى قوشۇپ ئۆلتۈردى. بۇنداق ئۆلتۈرۈش ئىشى بۇ پادىشاھنىڭ ئۆلۈمىگىچە يەنى مىلادىيەنىڭ 68 ـ يىلىغىچە پايتەختتە ۋە بارلىق ۋىلايەتلەردە ئۈزۈلمەستىن داۋام قىلدى.

(2) مىلادىيەنىڭ 71 ـ يىلى رىم ئىمپېراتورلىقىغا پادىشاھ بولغان دومىشيان (دومىتىيانوس ــ مىلادىيەنىڭ 70 ـ يىلى يەھۇدىيلارنى قەتلى قىلغان تىتۇسنىڭ ئىنىسى، قاتتىق رەھىمسىزلىكى بىلەن تونۇلغان، خىرىستىيانلارغا ئۆچلۈكتە نېروندىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدىكى ۋەھشى مەخلۇق)نىڭ دەۋرىدە خىرىستىيانلارغا ئېغىر زۇلۇم قىلىنغان. ئىمپېراتور دومىشيان يوھەننانى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ ۋە شەھەر خەلقىنى بىر يىل قەتلىئام قىلىشقا ئەمر قىلىدۇ. ئەسكەرلەر شەھەر خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ، مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. دومىشيان خىرىستىيانلارنى ئازاپلاشتا بۇرۇنقى زالىملاردىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇ خىرىستىيان دىنىنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىشقا ئاز قالغانىدى. بۇ قابخورلۇق ئىشلىرى بۇ ئىمپېراتورنىڭ ئۆلۈمىگىچە يەنى مىلادىيەنىڭ 96 ـ يىلىغىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

(3) مىلادىيەنىڭ 97 - يىلى رىمغا ئىمپېراتور بولغان ترايانۇسنىڭ دەۋرىدە خىرىستىيانلارغا بولغان بېسىم يەنە ئەۋجىگە چىقىدۇ. خۇسۇسەن مىلادىيەنىڭ 101 - يىلىدىن 108 - يىلىغىچە زۇلۇم چېكىگە يېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە قارار چىقىرىدۇ. ئىمپېراتور دائىرىلىرى ھەممە جايلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئۇچرىغان خىرىستىيانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭ 117 - يىلىدىكى ئۆلۈمىگىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

(4) مىلادىيە 161- يىلى رىمغا ئىمپېراتور بولغان ماركۇس ئەنتىيۇنىنۇس مۇتەئەسسىپ بۇددىست ۋە ئاتاقلىق پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ خىرىستىيانلارغا قارشى بېسىمنى تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىن باشلاپ 10 يىل داۋام قىلدۇرىدۇ. ئۇ خىرىستىيان ئالىملىرىنى بۇددىست ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خادىملىرى بولۇشقا زورلايتتى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلارنى ئوتنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان تۆمۈر ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغۇزۇپ ئازابلايتتى، ئاندىن قىيناپ ئۆلتۈرەتتى.

(5) مىلادىيە 193- يىلى رىمغا ئىمپېراتور بولغان سۇۋەيرىس، خىرىستىيانلارغا بولغان بېسىمنى مىلادىيە 202 - يىلىدىن باشلايدۇ. پۈتۈن ئەتراپلاردىكى خىرىستىيانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. مىسىر، قۇرتاجە ۋە فرانسىيەلەردىكى قەتلىئاملار ئەڭ قاتتىق بولىدۇ. مىڭلارچە كىشىلەر قاتتىق ئېغىر ئازابلار بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەتتا خىرىستىيانلار بۇ دەۋرنى «دەججال دەۋرى» دەپ ئاتىشىدۇ.

(6) 230 - مىلادىيە يىلى رىمغا ئىمپېراتور بولغان ماكسىمىن بۇددىزم ئادەتلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، خىرىستىيانلارغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشنى باشلايدۇ. ئۇ 237 - يىلى پۈتۈن خىرىستىيان ئالىملىرىنى ئۆلتۈرۈشكە جىددىي

بۇيرۇق چىقىرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئالىملار ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىسە باشقا ئاۋام خەلقلەر بۇددىست دىنىغا ئوڭايلا كىرىدۇ، دەپ گۇمان قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق خىرىستىيانىنى مەھكىمىسىز ۋە ئېنىقلىماستىن تۇتقانلا جايدا ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بېرىدۇ. ئاخىرىدا ئىمپېراتور پۈتۈن رىم ئاھالىسىنى قىرغىن قىلىشقا بەل باغلىغاندا، ئۆزىنىڭ بىر ئەسكىرى تەرىپىدىن 238 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلىدۇ.

(7) پادىشاھ دېشىس خىرىستىيانلارغا بولغان بېسىمنى 253ـ يىلىدىن باشلايدۇ. ئۇ خىرىستىيان دىنىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىشقا قارار بېرىدۇ. پادىشاھ دائىرىلىرى پۈتۈن ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ «مەن خىرىستىيان» دېگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق ئازابلاپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ زۇلمى مىسىر، ئافرىقا، ئىتالىيە، كىچىك ئاسىيا ۋە شام شەھەرلىرىدە قاتتىق ئەۋجىگە يېتىدۇ. خىرىستىيانلاردىن كۆپ كىشىلەر بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

(8) پادىشاھ رىيانۇس خىرىستىيانلارغا قارشى بېسىمنى 257ـ يىلىدىن باشلايدۇ. ئۇ پۈتۈن خىرىستىيان ئالىملىرىنى ۋە راھىبلىرىنى ئۆلتۈرۈش، مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، ئاياللىرىنى ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى بولاش، خىرىستىيانلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاش، قېلىپ قالغانلىرىنى بۇتلارغا تەزىم قىلدۇرۇش، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا قىلىچ ياكى ئوت بىلەن ئۆلتۈرۈش قارارىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مىڭلىغان خىرىستىيانلار ئۆلتۈرۈلىدۇ، قالغانلىرى كىشەنلەر بىلەن باغلىنىپ قۇل قىلىنىدۇ.

(9) پادىشاھ ئېرىلېن خىرىستىيانلارغا دۈشمەنلىكىنى 274 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەۋجگە چىقىرىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتتا خىرىستىيانلاردىن كۆپ كىشى ئۆلمەيدۇ. چۈنكى پادىشاھ ئۆزى ئۆلتۈرۈلىدۇ.

(10) پادىشاھ دىيوكلېشىن 284 ـ يىلى رىمغا ئىمپېراتور بولىدۇ. خىرىستىيانلارغا قارشى زۇلمى 286 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېشقا ئاشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خىرىستىيانلاردىن 6600 كىشىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن، بۇ قىرغىنچىلىق باشلىنىدۇ. زۇلۇمنىڭ ئەڭ ئەۋجىگە يەتكەن ۋاقتى 302 ـ يىلى ئىدى. بۇ زۇلۇم 313 ـ يىلىغىچە داۋام قىلىدۇ. 302 ـ يىلى بۇ پادىشاھ فىرىجىيە شەھىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. شەھەردە بىرمۇ خىرىستىيان ھايات قالمايدۇ. ئاندىن ئۇ مۇقەددەس كىتابلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ. 303 ـ يىلى مارت ئېيىدا پۈتۈن چىركاۋلارنى چېقىش، كىتابلارنى كۆيدۈرۈش ۋە خىرىستىيانلارنى ئىبادەتتىن مەنئى قىلىش ھەققىدە قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ دائىرىلىرى ھەرقايسى جايلارنى ئارىلاپ چىركاۋلارنى چېقىش، مۇقەددەس كىتابلارنى تېپىلغان يېرىدە كۆيدۈرۈش ئىشىنى غەلىبىلىك تاماملايدۇ. ئاندىن پادىشاھ مىسىردىكى خادىملىرىغا قىبتىلەرنى بۇتلارغا چوقۇندۇرۇش، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى پەرماننى يوللايدۇ. بۇ ۋاقىتتا خىرىستىيانلاردىن 800 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئەسىرنى ئۇلار «شەھىدلار ئەسىرى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ھەر كۈنى خىرىستىيانلاردىن 30 بىلەن 80 ئارىسىدا ئادەم ئۆلتۈرۈلەتتى. پادىشاھنىڭ بۇ زۇلمى شەرق ۋە غەربتىكى پۈتۈن خىرىستىيانلارغا ئومۇم بولغان ھالدا 10 يىل داۋام قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى زۇلۇملار بۇرۇنقىلاردىنمۇ ۋەھشى ۋە قاتتىق بولغانىدى. خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلغان مەزكۇر بېسىم ۋە زۇلۇملار ئىچىدە مۇقەددەس كىتابلارنىڭ نۇسخىلىرىنىڭ شەرق ۋە غەربلەرگە

تارقالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ قوللىرىدا مۇقەددەس كىتابلاردىن بىرەر نۇسخىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ھەقىقىي كىتابلار مۇشۇنداق ھادىسىلەردە يوقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئويدۇرمىچىلارغا ئۆز ھاۋايى - ھەۋەسلىرى بىلەن خالىغانچە يېزىپ ئويدۇرۇشقا پۇرسەت تۇغۇلىدۇ. يۇقىرىدىكى ھادىسىلەر ۋە باشقا نۇرغۇن ۋەقەلىكلەر سەۋەبى بىلەن كونا ۋە يېڭى ئىككى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاستىلىرى پۈتۈنلەي يوقالغانلىقى ئېنىقتۇر. ھازىرقى ئىككى ئەھدە نامىدىكى كىتابلارنىڭ، ئويدۇرما ۋە توقۇلما ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوقتۇر. يەھۇدىيلار ياكى خىرىستىيانلاردا بۇ كىتابلارنىڭ ئەسلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل - ئىسپات يوقتۇر. شەيخ رەھمەتۇللا ھىندىي دوكتور فېندر ۋە فىرىنج بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىدە ئۇلاردىن ئىككى ئەھدە كىتابلىرىدىن بىرەرسىنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاستىسىنى دەلىللەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار خىرىستىيانلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن 313 يىللىق ھادىسىلەر ۋە مۇسىبەتلەر ھەم پىتنە - پاساتلار سەۋەبى بىلەن بۇ كىتابلارنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاستىلىرىنىڭ يوقالغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ، ئۆزرە ئېيتقان. بۇنىڭ بىلەن ئىسپاتلاندىكى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى ھازىرقى نۇسخىلارنىڭ مەلۇم بىرەر ئەسىردە يېزىلغانلىقىنىمۇ كەسكىن دەلىل يوقتۇر. ئەھلى كىتابلار گۇمان ۋە تەخمىن قىلىش بىلەن بۇ كىتابلارنىڭ يېزىلىش تارىخىنى بەزى ئەسىرلەرگە مەنسۇپ قىلغان. لېكىن كەسكىن ئېيتالىغىنى يوق.

بىز مۇسۇلمانلار، ئەھلى كىتابلارنىڭ كىتابلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگىچە بۇزۇلمىغان، كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۆزگەرتىلگەن، دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز. بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ئىجمائى بىلەن يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن

بۇرۇنلا ئۆز ئەسلىنى يوقاتقان. بەزى ئۆزگەرتىشلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كەلگەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلغان، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. ئويدۇرما نۇسخىلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى، بۇ كىتابلارنىڭ ئەسلىنى يوقاتقانلىقىنى ۋە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يېتەرلىك دەلىلدۇر. چۈنكى بۇ نۇسخىلاردىكى زىتلىقلار بىر ـ بىرىنىڭ ساختىلىقىنى پاش قىلماقتا.

ئىككى ئەھدە كىتابلىرىدىن بەزى ئەھكاملارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھى بويىچە «ئەمەلدىن قالدۇرۇش» دېگەننىڭ مەنىسى: بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بۇرۇن بۇيرۇلغان شەرىئەت ھۆكمىنى، كېيىن يەنە شۇ مەسىلە ئۈستىدە بۇيرۇلغان شەرىئەت ھۆكمى ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇش دېمەكتۇر. ئىسلام دىنىدىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قىسسىلەرنى، ئەقىل قەتئىي رەت قىلالمايدىغان "ئاللاھ باردۇر، ئۇ بىردۇر"، دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشنىڭ لازىملىقى، كۇفۇرلۇقنىڭ ۋە شېرىكنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىگە ئوخشاش ئەقىدە مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئۇ مەڭگۈگە داۋام قىلىشى ياكى ۋاقىتلىق ئەمەل قىلىنىشى ئېھتىمال بولغان ئەمەل مەسىلىلىرىگىلا خاستۇر. بۇلار «مۇتلەق ئەھكاملار» دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئەھكاملارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ ئۇقۇمى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىستىلاھىدىكىدەك «ئاللاھنىڭ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمەستىن بىرەر ئىشقا ئەمرى قىلىپ ياكى بىرەر ئىشتىن كىشىلەرنى مەنئى قىلىپ، كېيىن بۇ ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇرۇن چىقارغان ھۆكۈملىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمىگەنلىكى ۋە كېيىن ئۇ ھۆكۈمگە باشقا پىكىر ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئۆزى بۇيرۇغان ھۆكۈملەرنى بۇزۇپ كېيىنكى پىكرى بويىچە ھۆكۈم چىقارغانلىقىدۇر» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستىلاھىدا ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ ئۇقۇمى مۇنداق: ئاللاھ ئەزەلدىن ئۆزى چىقارغان ئەمرى قىلىش ۋە مەنئى

قىلىشتىن ئىبارەت ھۆكۈملىرىنىڭ مەلۇم ۋاقىتقىچە داۋام قىلىپ، كېيىن يەنە ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە بۇيرۇقى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلەتتى. بۇ مەلۇم ۋاقىت يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاللاھ يەنە باشقا ھۆكۈملەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، بۇرۇنقى چىقارغان ھۆكۈملىرىنى كۈچلەندۈردى، ياكى ئەمەلدىن قالدۇردى ياكى تولۇقلايدۇ. ئاخىرقى ھۆكۈملەر بۇرۇنقى ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەل قىلىنىش ۋاقتىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. بىز مۇسۇلمانلار بۇرۇنقى ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى بىر ھۆكۈمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلمىسەك بۇرۇنقى ھۆكۈملەرنى كۈچكە ئىگە دەپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز. بۇرۇنقى ھۆكۈملەرگە زىت ھالدا باشقا ھۆكۈملەر كەلگەن ۋاقىتتا ئىنسانلار ئەقلىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى، ئۇنى بۇرۇنقى ھۆكۈمنى ئۆزگەرتكەنلىك دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش ئاللاھقا نىسبەتەن ئۆزگەرتىش ئەمەس، زىتلىقمۇ ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقى ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەل قىلىنىش ۋاقتىنىڭ تۈگىگەنلىكىنىڭ بايانىدۇر. ئاللاھنىڭ بۇرۇنقى بەزى ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىدا، ئەلۋەتتە ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولغان ھېكمەتلەر باردۇر. ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ بۇيرۇغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. ئەھكاملار ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بۇيرۇلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ ھېكمەتلەرنىڭ ھەممىنى ئىدراك قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى ئاساسىي مەقسەتكە كەلسەك شۇنى دېيىمىزكى، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بويىچە: ئىككى ئەھدە كىتابلىرىدىكى قىسسىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى ئۇ قىسسىلەرنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئويدۇرما ھېكايىلەر ۋە ئەپسانىلەر كەسكىن يالغاندۇر! مەسىلەن:

1 ـ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئىككى قىزى بىلەن زىنا قىلغانلىقى ۋە بۇ ئىككى قىزنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن ھامىلىدار بولغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانە. (تەۋرات «يارىتىلىش» 19 : 3~19)

2 ـ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەھۇزانىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ ئايالى سامارغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى ۋە سامارنىڭ بۇ زىنادىن فارىس ۋە زارىھ دېگەن قوشكېزەكنى تۇغقانلىقى. (تەۋرات «يارىتىلىش» 38 : 12~30)

3 ـ داۋۇد، سۇلەيمان ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ھەممىسى زىنادىن بولغان فارىسنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى. (ئىنجىل «مەتتا» 1 : 3~16)

4 ـ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرىيانىڭ ئايالىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقى، بۇ ئايالنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامدىن ھامىلىدار بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئېرىنى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، بۇ ئايالنى خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى. (تەۋرات «سەمۇئىل2» 11 : 2~27)

5 ـ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە دىنىدىن يېنىپ مۇرتەد بولۇپ، بۇتقا چوقۇنغانلىقى ۋە ئاياللىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن بۇتخانىلارنى سالدۇرغانلىقى. (تەۋرات «پادىشاھلار1» 11 : 1~13)

6 ـ ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئالتۇندىن ياسالغان بىر موزاي بۇتنى تىكلەپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقى ۋە باشقىلارنىمۇ چوقۇنۇشقا بۇيرۇغانلىقى. (تەۋرات «چىقىش» 32 : 1~6)

يۇقىرىدىكى قىسسىلەر ۋە بۇلارغا ئوخشاش بارلىق قىسسىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان قىسسىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرگە قىلىنغان كەچۈرۈلمەس تۆھمەتلەردۇر. بىز

بۇنداق يالغان قىسسىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ھۆكۈملەردىن سانىمايمىز. چۈنكى بۇلار ھەقىقەتتىن يىراق بولغان ئەپسانە ۋە يالغان تۆھمەتلەردۇر. بىزنىڭ ئىستىلاھىمىز بويىچە، زەبۇر (داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن چۈشكەن كىتاب) تەۋراتنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئەمەس ۋە ئىنجىل كىلىشى بىلەنمۇ ئۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولمايدۇ. چۈنكى زەبۇر دۇئالاردىن ئىبارەت بىر كىتابتۇر. دۇئالار ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ. زەبۇر ۋە باشقا ئىككى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىشىدىكى ئىشەنچلىك ۋاستىلىرىنى يوقاتقانلىقى، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشلەردىن ۋە ئويدۇرۇشلاردىن ھېچبىر زامان خالىي بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتابلار شۈبھىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغاچقا، بىز بۇلارنى ئوقۇشتىن مەنئىي قىلىنغانمىز. ئەمما ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەھكاملاردىن بەزى تەۋرات ئەھكاملىرىنىڭ ئىسلام دىنىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. لېكىن بىز تەۋراتتا كەلگەن ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەپ ئېيتمايمىز. تەۋراتنىڭ بەزى ھۆكۈملىرى ئىسلام دىنىمىزدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان. شەرىئىتىمىزمۇ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇغان. مەسىلەن، تەۋراتتا ھارام قىلىنغان ئىشلاردىن: يالغان قەسەم قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، زىنا قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، خوشنىنىڭ مېلىغا ۋە نومۇسىغا خىيانەت قىلىش، باشقىلارنىڭ نومۇسىنى ئاياق - ئاستى قىلىش، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، بىر تۇغقانلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۆيلىنىشى قاتارلىق ئىشلار ئىسلام دىنىمىزدىمۇ ھارام ۋە مەنئىي قىلىنغان ھالدا داۋام قىلماقتا.

گاھىدا ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ھۆكۈم كېيىنكى پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدە، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچى ھۆكۈم بۇرۇنقى پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدە كېلىدۇ. گاھىدا ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچى ھەر ئىككى ھۆكۈم

بىرلا پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدە كېلىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى كونا ۋە يېڭى ھەر ئىككى ئەھدە كىتابلىرىدا ناھايىتى كۆپتۇر.

تۆۋەندە ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى يېڭى ھۆكۈمنىڭ كېيىنكى پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدە ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچى كونا ھۆكۈمنىڭ بۇرۇنقى پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدە كەلگەنلىكىنىڭ بەزى مىساللىرى بېرىلىدۇ:

1 ـ ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ھەدە ـ سىڭىللىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە جائىز ئىدى. ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ھەدە ـ سىڭىللىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئارقىلىق كۆپەيگەن. بۇ ھۆكۈم مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. (تەۋرات «لاۋىيلار» 18 : 9) «مەيلى ئاتاڭ تەرىپىدىن بولغان بولسۇن، مەيلى ئاناڭ تەرىپىدىن بولغان بولسۇن، مەيلى بىر ئۆيدە، مەيلى تاشقىرىدا ياشىغان بولغىن، قىز قېرىندىشىڭنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچما.» (تەۋرات «لاۋىيلار» 20 : 17) «ئۆزىنىڭ قىز قېرىندىشى بىلەن بىر ئورۇندا ياتقان كىشى مەلئۇندۇر» (تەۋرات «ئۆلگە» 27 : 22) ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ئۆزىنىڭ قىز قېرىندىشى بىلەن ئۆيلىنىش جائىز بولمىغان بولسا ئىدى، بۇ ھۆكۈمدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى مەلئۇن دېيىلگەن بولاتتى، ئەمما ئۇنداق ئەمەس. ئەڭ توغرىسى بۇ ئىش ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە جائىز ئىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە ھارام قىلىنغان.

2 ـ پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ گۆشى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە ھالال ئىدى. «ھەرقانداق جانلىق ھايۋانلار سىلەرگە يېشىل ئوتتەك تائامدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە بەردىم.» (تەۋرات «يارىتىلىش» 9 : 3) مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە بۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسى ھالاللىق ھۆكمى

ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، هارامىلىق هۆكمىنى ئالغان. (تەۋرات «لاۋىيلار» 11 : 4~8)
«تۆگە، توشقان ۋە تۇلۇم چاشقان قاتارلىقلار سىلەرگە هارامدۇر، گۆشىنى يېمەڭلار.
چوشقىمۇ سىلەرگە هارامدۇر، ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەڭلار، جەسىتىنى تۇتماڭلار.»
(تەۋرات «ئۇلگە» 14 : 7 ـ 8)

3 ـ ئاچا ـ سىڭىللارنى بىر نىكاھتا تۇتۇش ياقۇپ ئەلەيهىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە جائىز ئىدى. ياقۇپ ئەلەيهىسسالام لەيئە ۋە راھىل ئىسىملىك ئىككى ئاچا ـ سىڭىلنى نىكاھىدا تۇتقان. (تەۋرات «يارىتىلىش» 29 : 15~35) كېيىن مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە بۇ ئىشنىڭ هالاللىق هۆكمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، هارامىلىق هۆكمىنى ئالغان: «بىر ئايالنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئاچىسىنى ياكى سىڭلىسىنى ئالما. ئۇنىڭ هايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچما.» (تەۋرات «لاۋىيلار» 18 : 18) ئاچا ـ سىڭىلنى بىر نىكاھتا تۇتۇش ياقۇپ ئەلەيهىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە جائىز بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى زىنادىن بولغان دېيىشكە توغرا كەلگەن بولاتتى. لېكىن ئۇنداق ئەمەس، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغان.

4 ـ مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە خوتۇننى قايسى بىر سەۋەب بىلەن تالاق قىلىش جائىزدۇر. ئايال كىشى ئاجرىشىپ چىققاندىن كېيىن خالىغان كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشى هەم جائىزدۇر. (تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 24 : 1~4) ئىسا ئەلەيهىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە، ئايال كىشىنى پەقەت زىنادىن باشقا قايسى بىر سەۋەب بىلەن تالاق قىلىش جائىز ئەمەس، بۇنداق ئايالنى باشقا بىرىنىڭ ئېلىشىمۇ جائىز ئەمەس، بەلكى تالاق قىلىنغان خوتۇننى ئېلىش ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغانغا ئوخشاشتۇر. «ئايالنى تالاق قىلغان

كىشى ئۇنىڭ تالاق خېتىنى بەرسۇن دېيىلدى. ئەمما مەن ئېيتىمەنكى، ئايالىنى زىنادىن باشقا بىر گۇناھ تۈپەيلىدىن تالاق قىلغان كىشى ئۇنىڭ زىنا قىلىشىغا يول ئاچقان بولىدۇ. ئۇنى ئالغان كىشى ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان بولىدۇ.» (ئىنجىل «مەتتا» 5: 31 ـ 32) ئىسا فەررىسىيلەرگە مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنىڭ قاتتىقلىقىدىن مۇسا سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلىشىڭلارغا رۇخسەت قىلغان. ئەمما ئەمدى ئۇنداق بولمايدۇ: ئايالىنى ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىق گۇناھىدىن باشقا بىر گۇناھى بىلەن تالاق قىلىۋېتىپ، باشقا بىرسىگە ئۆيلەنگەن ئادەم ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان بولىدۇ ۋە تالاق قىلىنغان ئايالنى ئالغان ئادەممۇ بۇ ئايال بىلەن زىنا قىلغان بولىدۇ.» (ئىنجىل «مەتتا» 19 : 8 ـ 9) بۇ تېكىستلەردىن ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىشىنىڭ ئىككى قېتىم بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. تالاقنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ھارام ئىكەنلىكى، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تالاق ھالال قىلىنغانلىقى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە تالاق يەنە ھارام قىلىنغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

5 ـ تەۋراتنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى:

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتىدا پۈتۈن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا مەخسۇس شەرىئەت ھۆكۈملىرى بار ئىدى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان. بۇ ئەھكاملاردا ھايۋانلارنىڭ ھارام ـ ھالاللىق ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدىن كەلگەن بىر پەيغەمبەر ئىدى، ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەگەشكۈچى پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مېنى

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىنى بۇزغىلى كەلدى، دەپ ئويلاپ قالماڭلار. مەن بۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن كەلدىم. سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى: ئاسمان بىلەن زېمىن يوق بولماستىن داۋام قىلىدىكەن، ھەممىسى تولۇق بولمىغۇچە بۇ قانۇندىن بىر ھەرپمۇ ياكى بىر چېكىتمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.» (ئىنجىل «مەتتا» 5 : 17 ـ 18) دوكتور فېندىر ئۆزىنىڭ «ھەقىقەت مىزانى» ناملىق ئەسىرىدە يۇقىرىدىكى تېكىستلەرگە ئاساسلىنىپ تەۋرات ئەھكاملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ، دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىدىن بىرەر ھۆكۈمنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تولۇقلاش ئۈچۈن كەلگەن. لېكىن تەۋراتتىكى ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پاۋلۇسنىڭ پەتىۋاسى بىلەن ھالاللىقا ئايلانغان. خرىستىيانلارنىڭ شەرىئىتىگە كۆرە: پاسكىنا كىشىلەردىن باشقا ھېچقانداق كىشى ئۈچۈن ھارام دەيدىغان نەرسە يوقتۇر. پاك نەرسىلەر پاسكىنا كىشىلەر ئۈچۈن پاسكىنىدۇر ۋە پاسكىنا نەرسىلەر پاك كىشىلەر ئۈچۈن پاكتۇر. بۇ ئەجەبلىنەرلىك بىر پەتىۋا ئىدى. پاۋلۇس رىملىقلارغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دەپ يازغان: «مەن رەب ئىسانى تونۇغان ھەقىقىي ئالىمەن. ھېچقانداق نەرسە ئۆز زاتىدا پاسكىنا ئەمەستۇر، پەقەت ئۇنى پاسكىنا دەپ ھېسابلىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ پاسكىنىدۇر.» (ئىنجىل «رىملىقلار» 14 : 14) «پاكلار ئۈچۈن ھەر نەرسە پاكتۇر. ئەمما پاسكىنىلار - مۇئمىن بولمىغانلار - ئۈچۈن پاك نەرسە يوقتۇر، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەقىللىرى ۋە ۋىجدانلىرى پاسكىنىدۇر.» (ئىنجىل «تىتۇس» 1 : 15)

يۇقىرىدىكى بۇ ئىككى تېكىستتىن مۇسا ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغىچە كەلگەن، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ پاك ئەمەسلىكى، بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بارلىق ھاراملارنى ھالال

قىلىشقا كۆچى يەتمىگەنلىكى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھەم كۆچى يەتمىگەنلىكى ۋە پاۋلۇس مۇرىتلىرىنىڭ پاك بولغانلىقى ئۈچۈن پاۋلۇسنىڭ ئۇلارغا پۈتۈن ھارام نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھالال قىلىپ بەرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. توغرا، پاۋلۇس مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىدى. پاۋلۇس مۇرىتلىرىنىڭ (يەنى ھازىرقى خرىستىيانلارنىڭ) قانائىتى بويىچە تەۋرات ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

6 ـ ئىسرائىل بايراملىرى ۋە شەنبىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى:

تەۋرات «لاۋىيلار» 23 : 1~44 ـ تېكىستلىرىدە ئىسرائىل بايراملىرى ۋە شەنبە كۈنلۈكىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ پۈتۈن نەسىللىرى ئۈچۈن ھەممە جايلاردا داۋام قىلىنىشى پەرز قىلىنغان مەڭگۈلۈك ھۆكۈم ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. شەنبە كۈنىنى ئۇلۇغلاش مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس ھۆكۈم ئىدى. بۇ كۈندە بايرام قىلماستىن، ئىشلىگەن كىشى ئۆلتۈرۈلەتتى. تەۋرات «يارىتىلىش» 2 : 2 ـ 3، «چىقىش» 20 : 8~11، 23 : 12، 34 : 21، «لاۋىيلار» 19 : 3، 23 : 3، «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 5 : 12~15، «ئىرمىيا» 17 : 27، «ئىشئىيا» 56 : 1~8، 58 : 13 ـ 14، «نەھەمىيا» 9 : 14، «ھىزقىيا» 20 : 12~24 ـ تېكىستلەردە شەنبە كۈنىنى ئۇلۇغلاش مەسىلىسى تەكرارلانغان. شەنبە كۈندە ئىشلىگەننى ئۆلتۈرۈش ھۆكمى تەۋرات «چىقىش» 31 : 12~17 ۋە 35 : 1~3 ـ تېكىستلەردە بايان قىلىنغان. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە شەنبە كۈنلۈكتە خارەتچىلىك قىلغان بىر ئادەم شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىپ، تاش كېسەك

قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. (تەۋرات «سانلار» 15 : 32~36) پاۋلۇس ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ پۈتۈن بايرام كۈنلىرىنى ۋە شەنبىنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئۇ كولوسىلىقلارغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ھېچكىم يېمەك ـ ئىچمەك، بايرام، ئاي، شەنبە توغرىلىق ھۆكۈم قىلالمايدۇ.» (ئىنجىل «كولوسىلىقلار» 2 : 16)

دۇالى ۋە رىچېرتمېنتلەرنىڭ تەپسىرلىرىدە مۇپەسسىر ئالىملىرىدىن ئىككىسىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن: «يەھۇدىيلاردا بايرام: يىللىق، ئايلىق ۋە ھەپتىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك بولاتتى. بۇ بايراملارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ھەتتا شەنبىنى ئۇلۇغلاشمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەكشەنبە ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇلغان.»

7 ـ خەتنە قىلىشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى:

ئوغۇل بالىلارنى خەتنە قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس ھۆكۈم بولۇش سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت ئىدى. «سىلەرنىڭ نەسىللىرىڭلاردىن ئوغۇللار سەككىز كۈنلۈك بولغان ھامان خەتنە قىلىنىدۇ. سىلەرنىڭ گۆشۈڭلار ھەققىدە قىلغان بۇ ئەھدەم مەڭگۈلۈك ئەھدىدۇر.» (تەۋرات «يارىتىلىش» 17 : 12 ـ 13) بۇ ھۆكۈم ئىبراھىم ئوغۇللىرى ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدە داۋام قىلىپ كەلگەن. «يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلار سەككىز كۈنلۈك بولغاندا خەتنە قىلىنىدۇ.» (تەۋرات «لاۋىيلار» 12 : 3)

ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ خەتنە قىلىنغان : «بۇ سەبىنى خەتنە قىلىش ئۈچۈن سەككىز كۈن تولغان كۈنى ئۇنىڭ ئىتى يەسۇئ قويۇلدى.» (ئىنجىل «لۇقا» 2 : 21)

خىرىستىيانلارنىڭ ئىبادىتىدە ھازىرقى كۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن مەلۇم بىر نامار بار بولۇپ، ئۇلار بۇ نامازنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خەتنە قىلىنغان كۈنىدە ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى داۋام قىلىپ كەلگەن . پەقەت پاۋلۇس بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق چىڭ تۇرغان ۋە ئاخىرىدا بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئىنجىل «فىلىپىلىكلەر» 3 : 3، «رىملىقلار» 2 : 25~29، «گالاتىلىكلەر» 2 : 3~5، «كولوسىلىقلار» 2 : 11 - تېكىستلەردىكى پاۋلۇسنىڭ مەكتۇبلىرىدا بۇ مەسىلىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى سۆزلەنگەن. تۆۋەندە ئۇنىڭ گالاتىلىقلارغا يازغان مەكتۇبىدىن ئىككى تېكىستنىلا نەقىل كەلتۈرىمىز: «مەن مانا پاۋلۇس سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، ئەگەر سىلەر بالىلىرىڭلارنى خەتنە قىلساڭلارمۇ ئىسا سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى ئىسادا خەتنە قىلىشنىڭ ھېچ نەرسىگە پايدىسى يوقتۇر.» (ئىنجىل «گالاتىلىقلار» 5 : 2~6)

خىرىستىيانلار ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇزمىغان بۇ مەڭگۈلۈك ھۆكۈمنى پاۋلۇسنىڭ پەتىۋاسى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغان.

8 - پاۋلۇسنىڭ نەزىرىدە تەۋراتنىڭ قىممىتى:

پاۋلۇس ئىبرانىيلەرگە يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن: «بۇرۇنقى ۋەسىيەتلەرنىڭ زەئىپلىكى ۋە پايدىسىزلىقى سەۋەبتىن ئۇلار ئەمەلدىن

قالدۇرۇلدى.» (ئىنجىل «ئىبرانىيلەر» 7 : 18) بۇ تېكىست 1825 ـ ۋە 1826 ـ يىللاردىكى نەشرىدە: «بۇرۇنقى ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئۇلارنىڭ پايدىسىز ۋە ئىشەنچىسىزلىكىدىن بولدى» دەپ كەلگەن. 1671 ـ، 1823 ـ، 1844 ـ يىللاردىكى نەشرىدە بولسا، «بۇرۇنقى ۋەسىيەتلەرنىڭ رەزىللىكى، ئاجىزلىقى ۋە پايدىسىزلىقىدىن ئۇلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى» دەپ كەلگەن. بۇ تېكىست 1882 ـ يىلدىكى نەشرىدە: «ئۇنداقتا بىز بۇرۇنقى ۋەسىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە پايدىسىزلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلمايمىز» دەپ كەلگەن. ئىنجىل «ئىبرانىيلەر» 8 : 7~13 ـ تېكىستلەردە: «بۇرۇنقى ئەھكاملار ئەيىبسىز بولغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئىككىنچى ئەھكامنى تەلەپ قىلمىغان بولاتتى. يېڭىسى كونىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. زادى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان نەرسە تۈگەشكە يېقىن ئىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ تېكىستلەر 1823 ـ ۋە 1844 ـ يىللاردىكى نەشرىدە: «ئاۋۋالقىسى مالامەتسىز بولغان بولسا ئىدى، ئىككىنچىسىگە ئورۇن يوق ئىدى. يېڭى دېمەك، پاساتلىققا يېقىن بولغان كونىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى دېمەكتۇر» دەپ كەلگەن. 1825 ـ ۋە 1826 ـ يىللاردىكى نەشرىدە بولسا بۇ تېكىستلەر مۇنداق كەلگەن: «ئاۋۋالقىسى قارشىلىقسىز بولغان بولسا ئىدى، ئىككىنچىسىگە ئورۇن بولمايتتى. ئىككىنچىسى يېڭى ئەھدە دەپ قوبۇل قىلىنغان ئىكەن ئاۋۋالقىسى كونىغا ئايلانغان بولدى. كونىراپ قالغان چۈرۈك نەرسە يوقىلىشقا ھامان يېقىندۇر.» ئىنجىل «ئىبرانىيلەر» 10 : 9 ـ تېكىستتە: «ئىككىنچىسىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىرىنچىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى تېكىستلەردە پاۋلۇس تەۋراتنى ئىشەنچسىز ، پايدىسىز، رەزىل، ئەيىبلىك، چۈرۈگەن، پاساتلىققا يېقىن، تۈگەشكە يېقىن، مالامەتلىك، مەقبۇل ئەمەس ۋە قارشىلىقسىز ئەمەس، دېگەن ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. دۇالىي ۋە

رىچېرتمېنتلەر ئۆز تەپسىرلىرىدە بېيىلىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن: «بۇ ناھايىتى ئېنىق مەسىلىدۇركى، ئاللاھ كونا، نۇقسانلىق دىنىنى يېڭى، ياخشى دىن ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇ يەھۇدىي دىنىنى بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خىرىستىيان دىنىنى تۇرغۇزىدۇ. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئىپلان قىلىش دېمەكتۇر. شۇڭا ئىسا نۇقسانىنى پۈتۈنلەش ئۈچۈن ئۆز نەپسىگە ئۆلۈمنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئىككى دىنىنىڭ بىرىگە ئەمەل قىلىش بىلەن ئىككىنچىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ».

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن تۆۋەندىكىلەر ئېنىقلىنىدۇ:

1 ـ بۇرۇنقى شەرىئەتلەردىكى بەزى ئەھكاملارنىڭ كېيىنكى شەرىئەتلەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، ئىسلام دىنىدىلا مەۋجۇت بولغان خۇسۇسىيەت بولماستىن، بەلكى بۇرۇنقى دىنلاردىمۇ مەۋجۇت بولغان ئىشتۇر.

2 ـ تەۋراتنىڭ مەڭگۈلۈك بولغان ياكى ۋاقىتلىق بولغان پۈتۈن ئەمەلىي ۋە ئېتىقادى ئەھكاملىرىنى، پەرزلىرىنى ۋە ھالال ـ ھارامنىڭ چەكلىمىلىرىنى پاۋلۇس ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، خىرىستىيانلار ئۇلارغا ئەمەل قىلىشتىن بىھاجەت بولغان.

3 ـ پاۋلۇس تەۋراتنى كونىراپ كەتكەن، ئىشەنچسىز، پايدىسىز، رەزىللىك، ئەيىبلىك، پاساتقا، تۈگەشكە يېقىن، ئەمەلدىن قالغان، چۈرۈك ۋە مالامەتلىك دېگەنگە ئوخشاش سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلەپ سۆكىدۇ. ئەگەر كونىسى شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ شەرىئەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، بەلكى پاۋلۇسنىڭ

سۆزىگە ئاساسەن بۇ ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ يېڭى شەرىئىتىگە نىسبەتەن قالاق، تۇگەشكە يېقىن، كونا ھەم پايدىسىز سانىلىدۇ.

پاۋلۇس بىلەن ئەھلى كىتابنىڭ مۇپەسسىرلىرى تەۋراتنى ئاللاھنىڭ سۆزى دەپ ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى نالايىق سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىگەن يەردە، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى شەرىئەتنىڭ ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى قانداقمۇ زۆرۈر بولمىسۇن؟!.

تەۋرات ۋە ئىنجىللارنىڭ قۇرئاننىڭ چۈشۈشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان، شۈبھىسىز بىر ئەمەلىيەت. بۇ ئىككى ئەھدىنىڭ ئەھكاملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىكەن، ئۇلارغا ئەمەل قىلىشمۇ قۇرئانغا ئەمەل قىلىش بىلەن كۇپايە قىلىنىپ، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالغان بولىدۇ.

تۆۋەندە بىر پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىدە ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچى ھەر ئىككى ھۆكۈمنىڭ تېپىلىدىغانلىقىنىڭ مىساللىرىنى كەلتۈرىمىز:

1 ـ قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان ھۆكۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى:

ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوغلى ئىسھاقنى (توغرىسى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى) قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ ئەمرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئورۇنلاشتىن بۇرۇن ئاللاھ بۇ ئەمرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاسماندىن بىر قوچقارنى چۈشۈرۈپ بەرگەن. (تەۋرات «يارىتىلىش» 22 : 1~4)

2 ـ مەخسۇس قۇشخانىدا بوغۇزلاش ئەمرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى:

ئاللاھ مۇسا ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى كالا، قوي ۋە ئۆچكە قاتارلىق ماللارنى بوغۇزلىغاندا قۇرۇلتاي چېدىرىغا يېقىن بولغان «گۇۋاھلىق گۇمبىزى» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس قۇشخانىدا بوغۇزلاشقا بەلگىلەنگەن بۇ مەخسۇس ئورۇننىڭ سىرتىدا مال بوغۇزلىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمرى قىلغان. (تەۋرات «لاۋىيلار» 17 : 1~6) ئاندىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەزكۇر ماللارنى خالىغان جايلاردا بوغۇزلاشقا بولىدىغانلىقى يولغا قويۇلغان. (تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 12 : 15~22) ھورېن ئۆزىنىڭ تەپسىرىدە يۇقىرىدىكى تېكىستلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ ئىككى تېكىستتە زىتلىق بارلىقىنى، لېكىن ئوبدان مۇلاھىزە قىلىنسا، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كېمەيتىلىپ، قوشۇلۇپ، ئۆزگەرتىلىپ كەلگەنلىكىنى، مۇقەددەس كىتابلارنى ۋە ئىچىدىكى ئەھكاملارنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇ زامانلاردا ناھايىتى ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، ھەمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەلەستىنگە كىرىشتىن بۇرۇنقى سەرسانلىقىنىڭ 41 ـ يىلى تەۋرات «لاۋىيلار»دىكى ھۆكۈملەرنى « يارىلىش تەپسىلاتلىرى » بىلەن ئوچۇق ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ۋە ئۇلار پەلەستىنگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى خالىغان جايلاردا بوغۇزلاشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ۋە مۇپەسسىرلىرى مۇسا شەرىئىتىنىڭ بەزى ئەھكاملىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىغا ۋە بۇ شەرىئەتنىڭ گاھ كېمەيتىلىپ، گاھ زىيادە قىلىنىپ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ھالىغا كۆرە ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماقتا. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلار باشقا شەرىئەتلەردە كېمەيتىش، تولۇقلاش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ بولغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ

ۋە ئاللاھنى بۇرۇنقى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ھۆكۈم چىقارغان دېيىش، ئۇنى ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلمىگەن دېگەنلىكتۇر، دەپ قارايدۇ. ئەمما بىز مۇسۇلمانلار ـ باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك - ئاللاھ بۇرۇنقى ھۆكۈمنى مەلۇم ۋاقىتقىچە كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن ۋە كېيىن بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەمەل قىلىنىش ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شۇ زامانغا لايىق ھالدا يېڭى ھۆكۈم چۈشۈرگەن، دەپ ئېتىقاد قىلىمىز.

4 ـ خىزمەتكە مەخسۇس ئالىمنىڭ يېشى ھەققىدىكى ھۆكۈم:

تەۋرات «سانلار» 4 : 3 ـ، 23 ـ، 30 ـ، 35 ـ، 39 ـ، 43 ـ ۋە 46 ـ تېكىستلەردە «قۇرۇلتاي چېدىرىدا ئىشلەيدىغان مەخسۇس خىزمەتچى ئالىمنىڭ يېشى 30 بىلەن 50 ئارىسىدا بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان بولسا، تەۋرات «سانلار» 8 : 24 ـ، 25 ـ تېكىستلەردە «قۇرۇلتاي چېدىرىدا ئىشلەيدىغان مەخسۇس خىزمەتچى ئالىمنىڭ يېشى 25 بىلەن 50 ئارىسىدا بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ ئىككى تېكىستتىكى زىتلىق، ئۆزگەرتىشتىن كېلىپ چىققاندۇر، ياكى ئىككىنچى تېكىستتىكى ھۆكۈم بىرىنچى تېكىستتىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولىدۇ. بۇ ئىككىنىڭ بىرىگە ئىقرار قىلىش كېرەك.

5 ـ ھىزقىيانىڭ يېشىنىڭ ئۇزارتىلىشى:

«ئاللاھ ئاموس ئوغلى ئىشئىيا پەيغەمبەرنى يەھۇزا دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ھىزقىيانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئەجىلىنىڭ توشقانلىقىنى خەۋەر قىلىشقا ئەمرى قىلدى. پادىشاھ ھىزقىيا بۇ ۋاقىتتا تامغا قاراپ ناماز ئوقۇدى ۋە قاتتىق يىغلىدى. ئىشئىيا پەيغەمبەر ئۇنىڭ يېنىدىن چىققاندىن كېيىن، ئاللاھ

ھىزقىيانىڭ ئەجىلىنى تۈگەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئىشئىيا ئۆيگە قايتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھىزقىيانىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا: ئاللاھ سېنىڭ نامىزىڭنى، دۇئايىڭنى ئاڭلىدى، تۆككەن ياشلىرىڭنى كۆردى، ساڭا شىپالىق ئاتا قىلدى ۋە سېنىڭ ئۆمرۈڭنى 15 يىل ئۇزارتتى دەپ خەۋەر بېرىشنى ۋەھيي قىلدى.» (تەۋرات «پادىشاھلار 2» 20 : 1~6) دېمەك؛ ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغۇچى ھەر ئىككى ھۆكۈم، ئىشئىيا پەيغەمبەرگە ۋەھيي قىلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھىزقىيا پادىشاھقا يەتكۈزۈلگەن.

6 ـ ئومۇمىيلىق ۋە خاسلىق ئارىسىدىكى خىرىستىيان دىنى:

«بۇ 12 كىشىنى ئىسا ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەپ تەۋسىيە قىلدى: ئۇممەتلەرنىڭ يولىغا ماڭماڭلار، سامىرىيلەرنىڭ شەھىرىگە كىرمەڭلار، بەلكى ئىسرائىل ئائىلىسىنىڭ يوقالغان قويلىرىغا بېرىڭلار.» (ئىنجىل «مەتتا» 10 : 5 ـ 6) «ئىسا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: مەن ئىسرائىل ئائىلىسىدىن باشقىسىغا ئەۋەتىلگەن ئەمەسمەن.» (ئىنجىل «مەتتا» 15 : 24) يۇقىرىدىكى بۇ ئىككى تېكىستتا، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ دەۋىتىنى پەقەت ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغىلا مەخسۇس قىلىپ كۆرسەتكەن. ئەمما ئىنجىل «ماركوس» 16 : 15 ـ تېكىستتە «ئىسا ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىغا: دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە بېرىڭلار، ئىنجىلنى پۈتۈن خەلققە يەتكۈزۈڭلار، دېدى» دەپ قەيت قىلىنغان. خىرىستىيانلار بۇ تېكىستنى خىرىستىيان دىنىنىڭ دۇنياۋى دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بۇ تېكىست ئۇلارنىڭ بۇ داۋاسىغا ئاساسەن يۇقىرىدىكى ئىككى تېكىستنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولىدۇ.

چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇرۇن ئۆزىنىڭ دىنىنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۈچۈنلا خاس دىن قىلىپ ئېلان قىلىپ، كېيىن بۇ دىننى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئومۇمىي دىن قىلىپ ئېپادىلىگەن ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ بۇ دىننى تارقىتىشنى مۇرىتلىرىغا تەۋسىيە قىلغان. ئەگەر خىرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ شەرىئىتىدە بۇرۇنقى ھۆكۈملەرنىڭ كېيىنكى ھۆكۈملەر ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىغا ئىقرار قىلسا، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بەزى ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت، بىزنىڭ بۇ ماۋزۇدىكى سۆزىمىزنى كۈچلەندۈرگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا ئىقرار قىلمىسا ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ ئۆزگەرتىشلەر، زىتلىقلار ۋە ئويدۇرمىچىلىقلار بىلەن تولغان كىتابلار ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى ئىسپاتلاپ بەرگەن بولىدۇ. توغرىسى، ئىنجىل «ماركوس»تىكى يۇقىرىدا ئۆتكەن سۆزلەرنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئېيتمىغان.

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن كۆرگىنىمىزدەك، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ھەر ئىككى ئەھدە كىتابلىرىدىكى ئەھكاملارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر!. ئۇلارنىڭ بۇ كىتابلاردا ئەمەلدىن قالدۇرۇش بولمىغانلىقىنى داۋا قىلىشلىرى شۈبھىسىز خاتا بولۇپ چىقتى. ئۇلار قانداقمۇ بۇ داۋانى ئاقتۇرالىسۇن؟!. ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجلىرى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاننىڭ شارائىتىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بەزى ئەھكاملار مەلۇم ۋاقىتقىچە كۈچكە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن تەقدىر قىلىنغان بولىدۇ. بۇ مەلۇم ۋاقىت يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئەھكاملار كېيىنكى يېڭى ئەھكاملار ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. چۈنكى بەزى ئەھكاملار مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىغا مۇناسىپ بولىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا يارىمايدۇ. ئىنسانلار ئۆزلىرىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، لېكىن ئۇلارنى ياراتقان ئاللاھ ئۇلارغا نېمىنىڭ

پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئوبدان بىلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن دەيمىزكى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باتىل تەۋىللىرى ۋە يالغان گۇمانلىرى بىلەن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدىكى بەزى ئەھكاملارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئىنكار قىلىشلىرى، يەككە-يېگانە ئاللاھنىڭ ھەققىدە قىلىنغان چوڭ ھەقسىزلىقتۇر.

ئىككىنچى باب

ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادىنىڭ
خاتالىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەر

بىرىنچى مەسىلە:

كونا ئەھدە كىتابلىرى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، شېرىكى ياكى بالىسى يوق ئىكەنلىكىنى، ھەمىشە تىرىك، ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆز زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان تەڭداشسىز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. بۇ مەسىلە كونا ئەھدە كىتابلىرىدا مەشھۇر مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دەلىللىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە ھاجەت يوق.

ئىككىنچى مەسىلە:

ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش پۈتۈن ساماۋى كىتابلاردا قاتتىق مەنئى قىلىنغان ئىشتۇر. تەۋراتنىڭ كۆپلىگەن تېكىستلىرىدە ئۇنىڭ مىساللىرىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، تەۋرات «چىقىش» 20 : 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 23ـ، 34 : 14~17، «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 13 : 1~11، 17 : 2~7 ـ تېكىستلەردە ئاللاھتىن باشقا بىرسىگە ئىبادەت قىلغان ياكى ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلغان ھەرقانداق كىشىنى، گەرچە ئۇ پەيغەمبەر بولسىمۇ ئۆلتۈرۈشنىڭ پەرزلىكى سۆزلەنگەن.

ئۈچىنچى مەسىلە:

تەۋراتتا ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان تېكىستلەر كۆپ. مەسىلەن، تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 4 : 12~15 ـ تېكىستلەردە مۇنداق كەلگەن: «رەب ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سىلەرگە سۆزلىدى، سىلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىدىڭلار، لېكىن سىلەر ئاللاھنى كۆرمىدىڭلار، بەلكى ئاۋازىنى

ئاڭلىدىڭلار. ئۆزۈڭلارغا ياخشى قاراڭلار، چۈنكى سىلەر رەب ئوتتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سىلەرگە سۆزلىگەندە بىرەر سۈرەت كۆرمىدىڭلار.» يېڭى ئەھدە كىتابلىرىدا بولسا، ئاللاھنى بۇ دۇنيادا كۆرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تېكىستلەر كۆپتۇر. مەسىلەن، ئىنجىل «مەتتا» 1 : 18 ـ تېكىستتە «ئاللاھنى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس» دەپ قەيت قىلىنغان. ئىنجىل «پاۋلۇس2» 6 : 6 ـ تېكىستتە «ئاللاھنى ئىنسانلاردىن ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس ۋە ئۇلار ئۇنى كۆرۈشكە قادىر ئەمەس» دەپ قەيت قىلىنغان. ئىنجىل «يۇھەننا1» 4 : 12 ـ تېكىستتە «ئاللاھقا ھېچكىم قارىغان ئەمەس» دەپ قەيت قىلىنغان. يۇقىرىدىكى ئىنجىل تېكىستلىرىدىن ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق ۋە ئۇنى دۇنيادا كۆرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى كۆز بىلەن كۆرۈلگەن بىرسى ھەرگىزمۇ ئىلاھ بولالمايدۇ. ئىككى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ كۆپلىگەن تېكىستلىرىدە «ئىلاھ» سۆزى پادىشاھلارغا، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئالىملىرىغا ۋە كامىل ئىنسانغا، بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەرگە ۋە شەيتانغا قوللىنىلغان. چۈنكى بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر ئاللاھتىن باشقىسىغا قوللىنىلغان ئورۇنلاردا، بۇ سۆزلەر باشقا مەنالاردا كەلگەن. بۇنداق سۆزلەر قوللىنىلغان جۈملىلەرنىڭ سىياقى ھەرقانداق كىشىگە، بۇ سۆزلەرنىڭ «ئىلاھ» مەنىسىدە كەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقانداق ئاقىل كىشىنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ بەزى كىشىلەرنى ئىلاھ ياكى ئىلاھنىڭ ئوغلى دەپ داۋا قىلىشى، ئەقىل ۋە مەنتىقىگە توغرا كەلمەيدۇ.

تۆتىنچى مەسىلە:

ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر كىشىلەرنى ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىگە چاقىرغان ئەمەس. ساماۋى كىتابلاردىن بىرەر كىتابمۇ بۇ ئەقىدىنى

سۆزلىگىنى يوق. تەۋراتتا بۇنداق بىر داۋانىڭ بولمىغانلىقى بىزنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشىمىزنى بىھاجەت قىلىدۇ. چۈنكى ھازىرقى ئۆزگىرىپ كەتتى، دەپ قارىغان تەۋراتنى ئوقۇغان كىشىمۇ ئۇنىڭدىن ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىگە دائىر بىرەر بايان ياكى ئىشارەت تاپالمايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە كەلگەن ھېچبىر يەھۇدىي ئالىمى ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مۇنداق ئەقىدىنىڭ ئۆز كىتابلىرىغا مەنسۇپ قىلىنىشىنىمۇ قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسى ھەق بولىدىغان بولسا ئىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ئىسا ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پۈتۈن ئىسرائىل سۇلالىسىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئۇنى بايان قىلىشى كېرەك ئىدى. مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى تەۋراتتا كەلگەن بارلىق ئەھكاملارغا ۋە ئۇنىڭدىكى ئەقىدە مەسىلىلىرىگە ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلغان. خىرىستىيانلار ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادىنى نىجاتلىقنىڭ ئاساسى، پەيغەمبەر بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئىنسان بولسۇن، ھېچكىمنىڭ بۇ ئەقىدىسىز نىجاتلىققا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئەقىدە ھەق بولىدىغان بولسا ئىسرائىل سۇلالىسىدىن كەلگەن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر بۇنداق ئالاھىدە مۇھىم بولغان بىر ئەقىدىنى قانداقمۇ بايان قىلمىسۇن؟!. ئۇلار ئەھمىيەتلىك دەرىجىسى بۇنىڭغا يەتمەيدىغان ئادەتتىكى مەسىلىلەرنى قايتىلاپ بايان قىلغان. بەزى ئەھكاملارنى بىر قانچە ماۋزۇلاردا قايتىلاپ بايان قىلغان ۋە بۇ ئەھكاملارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى پەرز قىلغان. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئىسرائىل سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ گۇمانىغا كۆرە ئۆزى بۇ ئۈچ گەۋدىنىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇپ، بۇ ئەقىدىنى ئوچۇق بايان قىلماستىن قانداقمۇ

ئاسمانغا چىقىپ كەتتى؟!. توغرىسى خرىستىيانلارنىڭ قولىلىرىدا بۇ ئەقىدىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ پاكىت يوقتۇر. پەقەت ئۇلار ئەقىلگە ۋە مەنتىقىگە توغرا كەلمەيدىغان، ھەقىقەتتىن يىراق بولغان خىيالى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ بۇ بۇزۇق ئەقىدىسىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. خرىستىيانلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى دوكتور فىندر ئۆزىنىڭ «سىرلار ئاچقۇسى» ناملىق ئەسىرىدە، ئىسا نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتمىغان؟، نېمە ئۈچۈن ئۇ قىسقىچە بولسىمۇ «مەن ئاللاھتۇرمەن» دەپ ئېلان قىلمىغان؟، دېگەن سوئاللارنى قويۇپ، ئاندىن ئۆزى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئىسا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىشىدىن بۇرۇن ھېچكىم بۇ مەسىلىنى (يەنى ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى) چۈشەنمىگەن. ئەگەر ئۇ ئوچۇقلا «مەن ئاللاھتۇرمەن» دەپ ئۆزىنى ئېلان قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئىسانى ئاشۇ ئىنسانىي جىسمى بىلەن ئىلاھ دەپ چۈشىنىپ قالغان بولاتتى. بۇ توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆز مۇرىتلىرىغا ئۆزى توغرىلىق ئېيتقان بەزى سۆزلىرى بار. مەسىلەن، ئىنجىل «يۇھەننا» 16 : 12 ـ تېكىستتە «مەن سىلەرگە ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان كۆپ ئىشلار بار، لېكىن سىلەر ئۇنى ھازىر چۈشىنەلمەيسىلەر» دېيىلگەن. چۈنكى يەھۇدىي ئالىملىرى نەچچە قېتىم ئۇنى تۇتۇپ چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغان. ئۇ شۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتىشقا پېتىنالمىغان. پەقەت ئۇنى بەزى ئىشارەتلەر بىلەنلا ئىپادىلىگەن».

دوكتور فىندىرنىڭ بۇ جاۋابىغا بىز مۇنداق رەددىيە بېرىمىز:

بىرىنچىدىن، بۇ جاۋاب ناھايىتى ئاجىز ۋە ئاساسسىز جاۋابتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ گۇمانىغا كۆرە ئىنساننىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارىنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئىنساننىڭ ئۆز مۇرىتلىرىغا ۋە يەھۇدىيلارغا «سىلەر مېنىڭ بۇ جىسمىم بىلەن ئىلاھ ئىكەنلىكىمنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنەلمەيسىلەر. شۇڭا بۇ توغرىدا ئىزدىنىشنى تەرك ئېتىپ مېنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار، چۈنكى مەن بۇ پانى جىسمىم ئېتىبارى بىلەن ئىلاھ ئەمەسمەن، بەلكى سىلەرنىڭ ئىدراكىڭلارنىڭ سىرتىدا بولغان بىر باغلىنىش بىلەن ئىلاھمەن» دەپ ئېيتىشقا ئىمكانىيىتى بار ئىدى. لېكىن ئەجەبلىنەرلىكى، مەزكۇر باغلىنىشنىڭ (يەنى ئىساننىڭ جىسمى بىلەن ئۇنىڭ ئىلاھلىقى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش) مەنىسىنى چۈشىنىشكە بولغان بۇ ئىقتىدارسىزلىق، ئۇ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنە شۇ بويىچە چۈشىنىكسىز قالدى. ھازىرغىچە ھېچبىر خىرىستىيان ئالىمى بۇ باغلىنىشنىڭ مەنىسىنى ياكى كەيپىياتىنى بايان قىلىپ بېرىشكە پېتىنالمىغان. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ كۆپلىگەن تېكىستلىرىدە بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىش ئەقلىنىڭ سىرتىدا، دەپ ئېتىراپ قىلىش بىلەن كۇپايە قىلغان. بۇ مەسىلىدە تېخىمۇ ئىزدىنىپ بېقىشنى خالىغان كىشى خىرىستىيانلارنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن يېزىلغان «مۇقەددەس كىتابلار قامۇسى» ناملىق ئەسەرگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن دېمەكچى، نېمە ئۈچۈن ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلالماي، ئۇلارنىڭ گۇمانىچە ئىشارەت بىلەن ئىپادىلىگەن؟. سىلەر خىرىستىيانلىق سۈپىتىڭلار بىلەن، ئىسا پەقەت ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈشى ئارقىلىق، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇش

ئۆچـــۈنلا كەلـــگەن، ئـــۇ ئۆزىنىـــڭ يەھـــۇدىيلار تەرىپىـــدىن كىرىســـتە ئۆلتۈرۈلـــدىغانلىقىنى ئېنىـــق بىلەتتـــى، دەپ ئېتىقـــاد قىلىشـــىلەر. ئۇنـــداقتا، گۇمانىڭلارغا كۆرە ئىجاتلىقىنىڭ ئاساسى نۇقتىسى بولغـان بـۇ مـۇھىم ئەقىـدىنى (يەنى ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى) يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلتۈرۈشىدىن قورقۇپ بايان قىلماسلىق ئۇنىـڭ شـەنىگە لايىقمـۇ؟، ئىـلاھ دېگەن كىشـىلەردىن قورقامـدۇ؟، گۇمانىڭلاردا ئىلاھ سانالغان ئىسا ئەلەيھىسسالام قانداقمۇ بۇ دۇنيادىكى ئازابتىن قورقـــۇپ ھەقىقەتنـــى سۆزلەشـــتىن چېكىنىســـۇن؟!، ھـــالبۇكى، ئىســـرائىل سۇلالىســـىدىن كەلـــگەن بەزى پەيغەمـــبەرلەر ئۇلارغـــا ھەقىقەتنـــى قورقمـــاي ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈن قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئىسا ئەلەيھىســـالامۇ ئەنە شـــۇ پەيغەمـــبەرلەرگە ئوخشـــاش ھەقىقەتنـــى قورقمـــاي سۆزلەيدىغان پەيغەمبەر ئىدى.

شـــۇنىمۇ ئېيتـــىش كېرەككـــى، ئىســـا ئەلەيھىســـالام يەھۇدىيلارنىـــڭ كاتىبلىرىنى ۋە ئالىملىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇلارنى رىياخورلار، ئەما يولباشـچىلار، جـاھىللار، ۋەھشـي يىلانـلار دەپ سـۆككەن. ھەتتـا ئۇلارنىـڭ قەبىھلىكلىرىنـى يېتەرلىـك دەلىلـلەر بىـلەن پـاش قىلغانـدا، بەزىـلەر بىزنـى سـۆكتۈڭ، دەپ ئۇنىڭغـا نـارازىلىق بىلـدۈرگەن. (ئىنجىـل «لۇقـا» 11 : 37~54، «مەتتا» 23 : 13~37)

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىـدا يەھـۇدىي ئالىملىرىغا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچىلار ۋە قاتتىق قول كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھېچ قورقماستىن ئوچـۇق ئېيتقـان ۋە ئۇلارنىـڭ ئالدىـدا ئـۇلارنى شەپقەتسىزلەر، دەپ سـۆككەن. پەيغەمـبەر شـۇنداق جاسـارەتلىك قورقمـاس بولغـان يەردە، قانـداقمۇ ئـۇنى ئىجاتلىقىنىڭ ئاساسى بولغان بۇ مۇھىم ئەقىدىنى يەھـۇدىيلاردىن قورقـۇپ بايـان

قىلالمىغان، دەپ گۇمان قىلىشقا بولىدۇ؟!، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. بىز ئىسلا ئەلەيھىسسالامنى بۇنداق بۇزۇق گۇمانلار بىلەن ئەيىبلەشكە يول قويمايمىز!.

ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادىنىڭ خاتالىقىنىڭ ئەقلى دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشى

خىرىستىيانلار ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ھەققتۇر، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىمۇ ھەقتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. لېكىن ھەقىقىي ئۈچلۈك ھاسىل بولغان يەردە ئىلاھنىڭ بىردىن كۆپ بولۇشى تەبىئىدۇر. ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ۋە ئىلاھنىڭ كۆپ بولغانلىقى تېپىلغان يەردە، ئاللاھنى بىر دېيىشتىن ئىبارەت بىرلىك يوق بولغان بولىدۇ؟، بۇنداق ۋاقىتتا ئاللاھنى بىر دەپ ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا بىر - بىرىگە زىت بولغان ئىككى ھەقىقەت مەيدانغا كەلگەن بولىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ ھەقىقەتتە بىر ئىكەنلىكى ۋە ھەقىقەتتە ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى زىت ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ بىر بولماستىن كۆپ بولغان بولىدۇ. ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىگە ئىشەنگۈچىلەر، ئاللاھنى ھەقىقەتتە بىر دەپ ئىشەنمەيدۇ، بەلكى ئاللاھنى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي بىر كۆپلىكەن بىرلەردىن بىر پارچە ئەمەستۇر، بەلكى بىر ھەر زامان بىردۇر. ئۇ ئۈچكە پارچىلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ پارچىلانسا ئۇ بىر دېيىلمەيدۇ، بەلكى ئۈچنىڭ بىرى، دېيىلىدۇ. ئەمما ئۈچ بۆلۈنىدۇ. ئۈچنىڭ ئۈچتىن بىرى بىردۇر. بۇ بىر ئۈچنى تەشكىل قىلغان بىر پارچىدۇر. بىر نەرسە بىرلا ۋاقىتتا ھەم ھەقىقىي بىر، ھەم ھەقىقىي ئۈچ بولالمايدۇ. ئەقىلمۇ بۇنداق بولۇشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنداق بولغانىكەن، ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرلىشىپ، بىر ئاللاھنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. خىرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرىدا ئاللاھنى ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەيدىغان ئەقىدىگە دالالەت قىلىدىغان تېكىستلەر ئۇچرىسا، ئۇنى ئەقىل ۋە نەقىل

(ۋەھىي)گە مۇناسىپ كېلىدىغان شەكىلدە چۈشىنىش كېرەك. ئەقىل بىلەن نەقىل ئاللاھنىڭ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى بولۇشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ.

جىرجىس سېل قۇرئاننى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، 1836 ـ نەشر قىلدۇرغان ۋاقتىدا ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دەپ تەۋسىيە قىلغان: «سىلەر ئەقىلگە زىت كېلىدىغان مەسىلىلەرنى مۇسۇلمانلارغا ئۆگىتىمىز، دەپ ئاۋارە بولماڭلار. چۈنكى مۇسۇلمانلار بۇ مەسىلىلەرگە ئالدىنىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس. ئۇلار بۇددىستلارغا ئوخشاش ئەقىلسىز قەۋملەر ئەمەس. ئۇلار بۇ مەسىلىلەرنىڭ كۆپلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىدۇ. بۇنداق ئەقىلگە زىت كېلىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىۋالغان چېركاۋلارنىڭ ھېچبىرى ئۇلارنى چېركاۋلىرىغا تارتالماي كەلگەن.» دېمەك؛ بۇ خىرىستىيان ئالىمىمۇ ئۆزىنىڭ دىنىدا ئەقىلگە زىت كېلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا. توغرىسى مۇشۇ مەسىلىلەرگە (يەنى ئاللاھنى بىردىن كۆپ دەيدىغان ئەقىدىگە) ئىشىنىدىغان ھەرقانداق دىن ئەھلىلىرى شەكسىز مۇشرىكلاردۇر (يەنى ئاللاھقا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغۇچىلاردۇر.) ئىسلام ئالىملىرى مۇنداق دەپ خۇلاسە چىقارغان: «دۇنيادا خىرىستىيان دىنىدەك ئەقىلدىن يىراق بولغان خۇراپىي بىر دىننى كۆرمىدۇق ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدەك باتىل سۆزلەرنى ئاڭلىمىدۇق».

ئۆچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىنىڭ ئىسانىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق رەت قىلىنىشى

بىرىنچى سۆزى:

ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ ھەقىقىي يالغۇز بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىڭنى ۋە ئىسانىڭ سەن ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تونۇغانلار ئۆچۈن يارىتىلغان بۇ ھايات، مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 17 : 3) ئىسا ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى سۆزىدە ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئىمان ئېيتىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلغان. ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئۆچنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسىگە ئىشىنىش ۋە ئىسانى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن يەتكىلى بولىدۇ، دېگەن ئەمەس. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى سۆزى ئاللاھقا قىلغان خىتابى بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ يەھۇدىيلاردىن قورقۇشىغا ھېچقانداق ئېھتىمال يوق ئىدى. ئەگەر ئۆچنى بىر گەۋدە قىلىش ۋە ئىسانى بۇ ئۈچ ئىلاھنىڭ ئىككىنچىسى دېيىش ئەقىدىسى، نىجاتلىقنىڭ ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ ئاساسى بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق ئېلان قىلغان بولاتتى. لېكىن نىجاتلىقنىڭ ئاساسى ئاللاھنى بىر بىلىپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە بەندىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بولغاچقا، ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ يۇقىرىدىكى سۆزىنى ئېيتقان. ئېتىقادى بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا كىشى مەڭگۈلۈك ھالاكەتكە دۇچار بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۈچ ئىكەنلىكىنىڭ زىتى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنىڭ زىتىدۇر. ئەۋەتكۈچى (ئاللاھ) ئەۋەتىلگۈچى (پەيغەمبەر)نىڭ ئۆزى ئەمەستۇر.

ئىككىنچى سۆزى:

«كاتىپلاردىن بىرى كېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىدى. ئىسانىڭ ئۇلارغا ياخشى جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن: قايسى ۋەسىيەت ئەڭ بىرىنچى ۋەسىيەت بولالايدۇ؟ دەپ سورىدى كاتىپ، ئىسا جاۋاب بېرىپ دېدىكى: ئەي ئىسرائىل ئوبدان قۇلاق سال! پۈتۈن ۋەسىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى بىزنىڭ ئىلاھىمىز بولغان رەب بىردۇر. ئىلاھىڭ بولغان رەبنى پۈتۈن قەلبىڭ بىلەن ئۆز نەپسىڭدىن، پۈتۈن پىكرىڭدىن، پۈتۈن قۇدرىتىڭدىن بەكرەك سۆيىشىڭدۇر. بۇ بىرىنچى ۋەسىيەتتۇر. ئىككىنچىسىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇ بولسىمۇ يېقىنلىرىڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگىنىڭدەك سۆيىسەن. بۇ ئىككىسىدىن چوڭ ۋەسىيەت يوقتۇر. كاتىپ ئۇنىڭغا ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ، ئەي مۇئەللىم! ھەقىقەتنى سۆزلىدىڭ، چۈنكى ھەقىقەتتە ئاللاھ بىردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنىڭ مۇھەببىتى پۈتۈن قەلبتىن، پۈتۈن چۈشەنچىدىن، پۈتۈن جاندىن ۋە پۈتۈن قۇدرەتتىن چوڭدۇر. يېقىنلارنىڭ سۆيگۈسى بولسا ئۆزۈڭنىڭ سۆيگۈسىگە ئوخشاشتۇر. ئۇ پۈتۈن قۇربانلىقلاردىن ئەۋزەلدۇر، دېدى. ئۇنىڭ بۇ ئاقىلانە جاۋابىنى كۆرگەن ئىسا دېدىكى، سەن ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقىدىن يىراق ئەمەسسەن.» (ئىنجىل «ماركوس» 12 : 28~34)

ئىنجىل «ماركوس» 12 : 34~40 ـ تېكىستلەردىمۇ بۇنىڭ ئوخشىشى سۆزلەنگەن. مەن پەقەت 40 ـ تېكىستنىلا نەقىل كەلتۈرىمەن. ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككى ۋەسىيەت پۈتۈن قانۇنلارغا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە تەئەللۇقتۇر.»

يۇقىرىدىكى تېكىستلەر تەۋراتتا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا قىلىنغان ۋەسىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى ۋە نىجاتلىقنىڭ ئاساسى نۇقتىسى ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ شېرىكى يوقلىقىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇچىنى بىر گەۋدە قىلىش ئەقىدىسى ھەق بولىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە تەۋراتتا ياكى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان بولاتتى ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامۇ كاتىپنىڭ سورىغان سوئالىغا: ۋەسىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقىسى ئاللاھنىڭ ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە ۋە ئىسانىڭ ئىككىنچى ئىلاھ ھەم ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش، دەپ ئېيتقان بولاتتى. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېمىگەن. تەۋراتتا، ياكى ئىنجىللاردا، ياكى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا بۇ ئېتىقادقا دائىر ھېچقانداق بىر ئىشارەت كەلمىگەن. بەلكى مەزكۇر كىتابلاردا نىجاتلىقنىڭ ئاساسى نۇقتىسى ئاللاھنى ھەقىقىي مەنادا بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنى شېرىكتىن، بالىسى بولۇشتىن پاك ۋە ئۇستۈن، دەپ ئېتىقاد قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قەيت قىلىنغان. كونا ئەھدە كىتابلىرىدا ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىپلان قىلغان ئوچۇق بايانلار ناھايىتى كۆپتۇر. تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 4 : 35~39، 6 : 4 ـ 5، «ئىشئىيا» 45 : 5 ـ 6، 46 : 9 ـ تېكىستلەردە بۇ مەسىلە بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى سۆزى:

«ئەمما ئۇ كۈننى ۋە شۇ سائەتنى ئاتىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاسمانلاردىكى پەرىشتىلەرمۇ ۋە ئوغۇلمۇ بىلمەيدۇ.» (ئىنجىل «ماركوس» 13 : 33) ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تېكىستتىكى سۆزى ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىش ۋە ئىسانى ئاللاھ دېيىش ئېتىقادىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى

ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇ تېكىستتە قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلىمنىڭ پەقەت ئاللاھقىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلىمنى بىلمەسلىكتە ئۆزىنى باشقا بەندىلەر بىلەن ئوخشاش قىلىپ كۆرسەتكەن. ئەگەر ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئۇ قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلگەن ۋە ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتمىغان بولاتتى.

تۆتىنچى سۆزى:

«سائەت توققۇز ئەتراپىدا ئىدى، ئىسا ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن "ئىلاھىم! ئىلاھىم!" نېمىشقا مېنى بۇنداق تەرك ئەتتىڭ دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. ئىسا شۇنداق ئاۋازلىق نالە ـ پەرياد قىلغان ھالدا جان ئۈزدى.» (ئىنجىل «مەتتا» 27 : 46~50)

«ئىسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ ئەي ئاتا سېنىڭ ئالدىڭدا جېنىمنى تاپشۇرىمەن دېدى، ئاندىن جان ئۈزدى.» (ئىنجىل «لۇقا» 23 : 46)

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە ـ ئۇلارنىڭ گۇمانىغا كۆرە ـ ئۇنىڭدىن سادىر بولغان بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئۇ باشقا بىر ئىلاھتىن مەدەت سورىمىغان بولاتتى. ھەقىقىي ئىلاھتا ئاجىزلىق، نالە ـ پەرياد قىلىش، چارچاش، ياردەم سوراش، ئازابلىنىش ۋە ئۆلتۈرۈلۈشتەك سۈپەتلەر قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى ھەقىقىي ئىلاھ دېگەن ھەممىگە قادىر، ھەمىشە تىرىك، قۇدرەتلىك زاتتۇر. «ھېچ تونۇمىدىڭمۇ ياكى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ مەڭگۈلۈك رەب يەر يۈزىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ياراتقان ۋە ھارمايدىغان، چارچىمايدىغان زاتتۇر.» (تەۋرات «ئىشئىيا»

40 : 27) بۇنىڭغا ئوخشاش تېكىستلەر ئىككى ئەھدىنىڭ كىتابلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تەۋرات «ئىشئىيا» 44 : 6 ـ، «ئىرمىيا» 10 : 10ـ، «ھەبەققۇق» 1 : 12 ـ، ئىنجىل «پاۋلۇس2» 1 : 17 ـ تېكىستلىرىدە ھەقىقىي ئىلاھنىڭ شېرىكسىز، تەڭداشسىز، ھەمىشە تىرىك، ئۆلمەيدىغان، چارچىمايدىغان زات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان سۆزلەر بار. پانىي بولغۇچى ۋە ئۆلۈمگە يۈز تۇتقۇچى ئىنسان قانداقمۇ ئىلاھ بولالىسۇن؟!.

تەۋرات «ھەبەققۇق» 1 : 12 ـ تېكىستىنىڭ بۇرۇنقى نەشرلىرىدە «ئەي مېنىڭ ئىلاھىم رەب! سەن مېنىڭ مۇقەددەس ئىلاھىمسەن، سەن ھېچ ئۆلمەيسەن» دەپ نەشر قىلىنغان بولسا، كېيىنكى يېڭى نەشرلىرىدە بۇ تېكىستنىڭ ئاخىرقى «ھېچ ئۆلمەيسەن» دېگەن سۆزى «ھېچ ئۆلمەيمىز»گە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ خىرىستىيانلارنىڭ كىرىستە ئۆلتۈرۈلگەن ئىنساننىڭ ئۆزى ئاللاھ ئىدى، دەيدىغان خاتا داۋالىرىنى كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قىلغان بۇرمىلاشلىرى ئىدى.

بەشىنچى سۆزى:

ئىنجىل «يۇھەننا» 20 : 17 ـ تېكىستتە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجدەلىيەلىك مەريەم ئاتلىق بىر ئايالغا مۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان: «لېكىن سەن قېرىنداشلىرىمنىڭ يېنىغا كەتكىن. ئۇلارغا مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بولغان زاتنىڭ يېنىغا ئۆرلەيدىغانلىقىمنى ئېيتقىن.» بۇ سۆزىدە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن باشقا ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئاتىسى ۋە ئىلاھى ئىكەنلىكىدە ئوخشاش قىلىپ كۆرسەتكەن. ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭ ئوغلى بولمىغانغا ئوخشاش ئۇنىڭ مۇرىتلىرىمۇ ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى

ئەمەستۇر. بەلكى بۇ ماۋزۇدىكى «ئاتا» سۆزى ھەقىقىي مەنىدە ئەمەس، بەلكى مەجازىي مەنىدە قوللىنىلغان. ئەگەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭ ئوغلى دەپ داۋا قىلىنسا، ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنى ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى، دەپ داۋا قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ سۆز ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىشى ئالدىدا ئېيتىلغانكەن، بۇنىڭدىن شۇ ھەقىقەت ئىسپاتلىنىدۇكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ۋە مۇرىتلىرىنىڭ ئىلاھى پەقەت ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئاخىرقى نەپەسكە قەدەر ئېلان قىلىپ كەلگەن. مانا بۇ سۆز ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان مۇنۇ سۆزىنى تەكىتلەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمْ فَاعْبُدُوهُ ۗ هَٰذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ﴾ تەرجىمىسى: «ھەقىقەتەن مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر. ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار.» [سۈرە ئال ئىمران 51- ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَإِنَّ اللَّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمْ فَاعْبُدُوهُ ۚ هَٰذَا صِرَاطٌ مُّسْتَقِيمٌ﴾ تەرجىمىسى: «ھەقىقەتەن مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاللاھتۇر.» [19- سۈرە مەريەم 36 ـ ئايەت].

ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىش ئېتىقادى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىشى ئالدىدا ئېيتقان ئاخىرقى سۆزىگە زىتتۇر. چۈنكى ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى شۇ لەھزىلىرىگىچە ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ بەندىسى دەپ بىلىشكە چاقىرغان.

ئالتىنچى سۆزى:

ئىنجىللاردا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنسان، مۇئەللىم ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ھالدا ئېلان قىلغان سۆزلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. مۇراجىئەت قىلغۇچىلار ئىنجىل «مەتتا» 10 : 40، 11 : 19، 13 : 57، 15 : 24، 17 : 12~22، 19: 16، 21: 11~46، 23 : 8~10، 26 : 18، ئىنجىل «ماركوس» 9 : 37 ـ 38، 10 : 35، ئىنجىل «لۇقا» 4 : 43، 5 : 5، 7 : 16ـ، 39ـ، 40، 8 : 24، 45، 9 : 33 ـ، 38 ـ، 56، 10: 16، 12 : 13، 13 : 33ـ 34، 17 : 13، 23: 47، 24 : 19، ئىنجىل «يۇھەننا» 1 : 38، 4 : 19ـ، 31ـ، 34، 5 : 23 ـ 24، 36 ـ 37، 6 : 14 ـ، 25، 7 : 15~18ـ، 52، 8 : 18، 17 : 26 ـ، 28 ـ، 29 ـ، 40 ـ، 42، 9 : 11 ـ، 15ـ، 17، 11: 42، 12 : 44ـ، 49ـ، 50، 13 : 13ـ 14، 14: 24، 17: 3ـ، 8ـ،18ـ، 25ـ، 20 : 16ـ، 21 ـ تېكىستلەرگە قارىسۇن.

تۆۋەندە بەزىسىنى بايان قىلىمىز: ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنى قوبۇل قىلغان كىشى مېنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. مېنى قوبۇل قىلغان كىشى مېنى ئەۋەتكەن زاتنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ.» (ئىنجىل «مەتتا» 10 : 40)

«ئىسا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: مەن پەقەت ئىسرائىل سۇلالىسىنىڭ يىتكەن قويلىرىغا ئەۋەتىلدىم.» (ئىنجىل «مەتتا» 15 : 24)

«كۆپچىلىك: مانا بۇ ناسىرادىن ئەۋەتىلگەن ئۇلۇغ پەيغەمبەر يەسۇئىدۇر، دېيىشتى.» (ئىنجىل «مەتتا» 21 : 11)

ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇرىتلىرىغا «چۈنكى سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار مەسىھ دېگەن بىرلا كىشىدۇر.» دېگەن. (ئىنجىل «مەتتا» 23 : 8ـ، 10)

«ئىسا ئۇلارغا: قالغان شەھەرلەردىمۇ ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقىنى بېشارەت قىلىشىم كېرەك، چۈنكى مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.» (ئىنجىل «لۇقا» 4 : 43) ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندىن كېيىن، «ھەممىسى قورقۇنچقا چۈشكەن ھالدا ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىشىپ: ئارىمىزدا ئۇلۇغ پەيغەمبەر كەپتۇ، ئاللاھ ئۆز خەلقىگە نەزەر قىلىپتۇ، دېيىشتى.» (ئىنجىل «لۇقا» 7 : 16)

«سىلەرنى ئاڭلاۋاتقان زات مېنى ئاڭلايدۇ. سىلەرنى خار كۆرگەن كىشى مېنى خار كۆرگەن بولىدۇ. مېنى خار كۆرگەن كىشى مېنى ئەۋەتكەن زاتنى خار كۆرگەنگە ئوخشاش بولىدۇ.» (ئىنجىل «لۇقا» 10 : 16)

«ئىسا كۆرسەتكەن مۆجىزىلەرنى كۆرگەن خەلق ھەقىقەتەن بۇ ئالەمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر، دېيىشتى.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 6 : 14)

«يەھۇدىيلار ئىسادىن ئەجەبلىنىپ: بۇ ئوقۇمىغان بىر ئادەم تۇرسا، قانداق بولۇپ كىتابلارنى بىلدى دېيىشكەندە، ئىسا ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: مېنىڭ تەلىمىم ساڭا ئائىت ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكەن زاتقا ئائىتتۇر، دېدى.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 15 : 16)

«مېنى ئەۋەتكەن زات ماڭا گۇۋاھتۇر. لېكىن مېنى ئەۋەتكەن زات ھەقتۇر. مەن پەقەت ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئالەمگە ئېلان قىلىۋاتىمەن. مېنى ئەۋەتكەن زات ھەمىشە مېنىڭ بىلەن بىرگىدۇر. مېنى تەرك ئەتكىنى يوق، لېكىن سىلەر ھازىر مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىلەر. مەن ئاللاھتىن ئاڭلىغان ھەقىقەتلەرنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتقان بىر ئىنسانىمەن. چۈنكى

مەن ئۆزۈمچە پەيغەمبەر بولۇپ كەلگىنىم يوق، بەلكى مېنى ئۇ زات ئەۋەتتى.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 8 : 18ـ، 26ـ، 29ـ، 40ـ، 42)

«سىلەر مېنى "مۇئەللىم"، "ئەپەندى" دەپ چاقىرىۋاتىسىلەر. بۇ ياخشى، چۈنكى مەن شۇنداقمەن.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 13 : 13)

يۇقىرىدىكى تېكىستلەردە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىنسان ۋە مۇئەللىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئاللاھتىن ئاڭلىغانلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغان. ئاللاھ مۆجىزىلەرنى ئۇنىڭ ئىنسانلىق ۋە پەيغەمبەرلىك سۈپىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ قولىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان.

يەتتىنچى سۆزى:

«ئۆز ۋاقتىدا يەسۇئ ئۇلار بىلەن گېتسەيماني دېگەن باغقا كېلىپ، مۇرىتلىرىغا: مەن ئۇ جايغا بېرىپ دۇئا قىلىپ بولغۇچە سىلەر بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، دېدى ۋە زەبدىنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن پېترۇسنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى، كۆپ غەم ـ قايغۇغا پاتتى ۋە بىئارام بولدى. ئۇلارغا ئېيتتى: مەن ئۆلگۈدەك غەم ئىچىدە قېلىۋاتىمەن. مېنىڭ يېنىمدا ئويغاق تۇرۇڭلار. ئاندىن ئالدىغا بىر ئاز مېڭىپ يەرگە يىقىلىپ، مۇنداق دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى: ئەي ئاتا! مۇمكىن بولسا بۇ پىيالە مەندىن ئۆتسۇن. لېكىن مەن خالىغاندەك ئەمەس، بەلكى سەن خالىغاندەك بولسۇن. ئاندىن مۇرىتلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ پېترۇسقا ئېيتتى: مانا مېنىڭ بىلەن بىر سائەتمۇ ئويغاق تۇرالمىدىڭلارمۇ؟، سىلەر كېچىدە ئويغاق تۇرۇپ دۇئا قىلىڭلاركى، سىناقلارغا دۇچ كەلمەڭلار. روھ ئىرادىلىكتۇر، ئەمما بەدەن

ئاجىزدۇر. يەنە ئىككىنچى قېتىم كېتىپ دۇئا قىلىپ ئېيتتى: ئەي ئاتا! مەن ئۇنى ئىچمىگىچە بۇ پىيالە مەندىن ئۆتمەيدىغان بولسا، سېنىڭ خالىغىنىڭچە بولسۇن. ئاندىن قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى ئۇخلاۋاتقان هالدا كۆردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېغىرلاشقانىدى. يەسۇئ ئۇلاردىن ئايرىلىپ يەنە ئۈچىنچى قېتىم كېتىپ دۇئا قىلىپ بۇرۇن ئېيتقان سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. ئاندىن مۇرىتلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېيتتى: ئەمدى ئۇخلاپ راهەتلىنىڭلار. مانا ئەمدى سائەتمۇ يېقىنلاشتى، ئىنسان ئوغلى گۇناهكارلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلىدۇ. تۇرۇڭلار كېتەيلى. مېنى تۇتۇپ بەرگۈچى يېقىنلىشىۋاتىدۇ.» (ئىنجىل «مەتتا» 26 : 36~46) بۇ تېكىستلەرنىڭ ئوخشىشى ئىنجىل «لۇقا» 22 : 39~46- تېكىستلىرىدىمۇ بايان قىلىنغان. بۇ تېكىستلەردە ئىسا ئەلەيهىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ۋە بەندە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان هەم ئۇنىڭ ئۈستىگە غەم ـ قايغۇغا پاتىدىغان، چارچايدىغان، دۇئا قىلىپ ياردەم سورايدىغان ۋە ئۆلىدىغان بىر كىشى ئىلاھ بولالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىنساندۇر.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھلىقىغا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرنىڭ خاتالىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

خرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەيدىغان داۋاسىنى كۈچكە ئىگە قىلىشلىرى ئۈچۈن ئىنجىللاردا كەلگەن بەزى تېكىستلەرنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تېكىستلەر خۇسۇسەن ئىنجىل «يۇھەننا»دا كۆپ ئۇچرايدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى دەلىللىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا رەددىيە بېرىلىدۇ:

ئۇلارنىڭ بىرىنچى دەلىلى:

ئۇلارنىڭ بىرىنچى دەلىلى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنىڭ قوللىنىلىشى بولۇپ، بۇ دەلىل ئىككى جەھەتتىن خاتادۇر:

1 ـ ئىنجىللاردىكى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» ئىبارىسىنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قوللىنىلىشى مەزكۇر ئىنجىللاردىكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى مەن «ئىنسان ئوغلى» دەپ تونۇتقان ۋە ئۇنى «داۋۇدنىڭ ئوغلى» دېگەن ئىبارىلەرگە زىتتۇر. مەسىلەن، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا «ئىنسان ئوغلى» دېگەن سۆز ئىنجىل «مەتتا» 8 : 20، 9 : ~16، 13 : 27، 17 : 9ـ، 13ـ، 22ـ، 18 : 11، 19 : 27، 20 : 18ـ، 28ـ، 24 : 27، 26 : 24ـ، 45ـ، 64 ـ تېكىستلىرىدە، ئۇنىڭغا «داۋۇدنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆز يەنە ئىنجىل «مەتتا» 9 : 27، 12 : 23، 15 : 22، 20 : 30 ـ 31، 21 : 9ـ، 15ـ، 22 : 42 ـ تېكىستلىرىدە، ئىنجىل «ماركوس» 10 : 47 ـ، 48 ـ تېكىستلىرىدە ۋە ئىنجىل «لۇقا» 18 : 38 ـ، 39 ـ تېكىستلىرىدە قوللىنىلغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا، ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان نەسەب تىزمىسى

ئىنجىل «مەتتا» 1 : 1~17 ـ ۋە «لۇقا» 3 : 23~34 ـ تېكىستلىرىدە بايان قىلىنغان. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى ئىنجىللارغا كۆرە يۈقىرىدىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىپ يەتسە شۈبھىسىزكى، ئۇ چوقۇم ئىنسان ئوغلىدۇر. چۈنكى ئۇ ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نەسەبى ئىنسانلارغا تۇتاشمىغان بولاتتى.

2 ـ ئىنجىللاردا كەلگەن «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مەنىدە قوللىنىلغان ئەمەس. چۈنكى «ئوغۇل» سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ لۇغەتلىرىدە ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئۆزئارا يېقىنچىلىق قىلىشى ئارقىلىق تۆرەلگەن ئىنسان، دېگەنلىكتۇر. شۇڭا ئىنجىللاردا كەلگەن «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزلەرنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە مۇناسىپ كېلىدىغان مەجازىي مەنىسى بىلەن «ياخشى ئىنسان» دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇ سۆزمۇ زادى شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنىڭ مەجازىي يەنى «ياخشى ئىنسان» مەنىسىدە كەلگەنلىكىنىڭ دەلىللىرى ئىنجىللاردا ناھايىتى كۆپتۇر: «ھەقىقەتەن بۇ ئىنسان ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر.» (ئىنجىل «ماركوس» 15 : 39) «يۈز بېشى قوماندان بولغان ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ: ھەقىقەتەن بۇ ياخشى ئىنساندۇر، دېدى.» (ئىنجىل «لۇقا» 23 : 47) لۇقانىڭ بۇ تېكىستتىكى «ياخشى» دېگەن سۆز «ماركوس»تىكى ئەينى تېكىستتە «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىلىپ كەلگەن. خىرىستىيانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدىغان باتىل داۋاسىنى كۈچكە ئىگە قىلىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە ئىنجىللارنى ئۆزگەرتىش، بۇرمىلاش قاتارلىق جىنايەتلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئىككى لەۋزى ئارىسىدىكى زىتلىقلاردىن قەتئىينەزەر ھالدا، بۇ ئىككى لەۋزىنى بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس، دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ بۇ ئىككىسى «ئاللاھنىڭ

ئـوغلى» دېـگەن سـۆزنى ياخشـى، ئادىـل كـىشـىـلەر ئۈچـۈن قوللـىـنىـشـنـىـڭ جـائىـز ئـىكەنلـىـكـىـنــى ئـىـســپـاتلايدۇ. خۇسۇســەن يۇقـىرىــدىـكى تېكـىـســتـتـە يــۈز بېشــى قوماندانـنـىـڭ ئـىسا ئـەلـەيهـىـسسالامـنـى «ئـىـنـسـان» دەپ تـەرىپلـىـگـەنلـىـكـى ۋە ئۇنـىـڭ بـۇ سـۆزىگە قارشـىـلـىـق بـىلـدۈرۈلـمـىگـەنلـىـكـى ئـىـسـا ئـەلـەيهـىـسسـالامـنـىـڭ ئـىـنسـان ئـىـكەنلـىـكـىـگـە ئـايرىـم بـىـر دەلـىـلـدۇر. ئـىـنجـىـللاردا «ئاللاھـنـىـڭ ئوغلـى» دېـگـەن سـۆز ئـىـسـا ئـەلـەيهـىـسسـالامـدىـن باشـقـىـمـۇ ياخشـى كـىـشـىـلـەر ئۈچـۈن قوللـىـنـىـلـغانـدەك «ئـىـبلـىـسـنـىـڭ ئوغلـى» دېـگەن سـۆزمـۇ يامـان ئـىـنسـانلارغا قوللـىـنـىـلـىـپ كـەلـگـەن. «ئامـانلـىـق ئـېلـىـپ كـەلگـۈچـىلـەر بـەخـتـكە ئـېرىشـىـدۇ! چـۈنكى ئـۇلار ئاللاھـنـىـڭ ئوغـۇللـىـرى، دەپ ئاتـىـلـىـدۇ.» (ئـىـنجـىـل «مـەتـتـا» 5 : 9) «ئـەمـمـا مـەن سـىـلـەرگـە ئـېيتـىـمـەنكـى، دۈشـمـەنلـىـرىڭلارنى سـۆيۈڭلار. سـىـلـەرگە لـەنەت ئوقۇغـانلارنى تەبرىكلـەڭلار. سـىـلـەرنى قوغلـىغـانلار ئۈچـۈن دۇئـا قـىلـىـڭلار. شۇنداق قـىلـساڭلار ئاسمانلاردىكى ئاتاڭلارنىـڭ ئوغـۇللـىرى بولالايسـىـلەر.» (ئـىـنجـىـل «مـەتـتـا» 5 : 44 ـ 45)

ئـىسا ئـەلـەيهـىـسسالام يۇقـىرىـدىـكى تېكـىـستـلـەردە ئامـانلـىـقـنى تـۇرغـۇزغـۇچـىلارنى ۋە ياخشى ئـىـشلارنى قـىلـغۇچـىلارنى «ئاللاھـنـىـڭ ئوغـۇللـىـرى» دەپ ئاتـىـغـان. ئـىـسـا ئـەلـەيهـىـسسـالام بـىـلـەن يەھـۇدىيلار ئوتتـۇرىـسـىـدا مۇنـازىـرە بولغـان. ئۇنـىـڭ بـەزى تېكـىـستـلـىـرىـنى نەقـىل كـەلـتۈرمـەكچـىـمـىز: «(ئـىـسا يەھۇدىيلارغا دېـدىـكى) سـىـلـەر ئاتاڭلارنىـڭ ئـىـشـلـىـرىـنى قـىلـىـۋاتـىـسـىـلەر. ئۇلار ئـىـساغا جاۋاب بېرىـپ: بـىـز زىـنـادىـن بولغان ئـەمـەسـمـىـز. بـىـزنـىـڭ بـىـرلا ئاتـىـمـىـز بار، ئۇ بولسـىمۇ ئاللاھـتۇر دېـيىـشـتى، ئـىـسـا ئـېيتـتـى: ئـەگـەر ئـاللاھ سـىـلـەرنـىـڭ ئاتـاڭلار بولغـان بولسـا ئـىـدى، سـىـلـەر مېـنى سـۆيگـەن بـولاتـتـىـڭلار... بـەلـكـى سـىـلـەرنـىـڭ ئاتـاڭلار ئـىـبلـىـس (شـەيتانلارنىـڭ ئاتـىـسـى)دۇر. سـىـلـەر شـۇ ئاتاڭلارنىــڭ هــاۋايى ـ هـەۋەسـلـىـرىـنى ئورۇنلاشـنـى خالايسـىـلەر.» (ئـىـنجـىـل «يۇهـەننا» 8 : 41~44)

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچى ياخشى كىشىلەرمىز دەپ داۋا قىلغاندا، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىبلىسنىڭ ئوغۇللىرى يەنى ئالدامچى ۋە شەيتانغا ئىتائەت قىلغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ياكى ئىبلىس ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ھەقىقىي ئاتىسى ئەمەستۇر. بۇ سۆزلەر پەقەت مەجازىي مەنىسى بىلەن شۇنداق قوللىنىلغان. بۇ مەجازىي مەنىنى كۆپلەندۈرىدىغان سۆزلەرمۇ ئىنجىللاردا كۆپلەپ ئۇچرىماقتا. مەسىلەن: «گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشى ئىبلىستۇر. چۈنكى ئىبلىسمۇ ئەڭ ئاۋۋال گۇناھ ئۆتكۈزگەن. ئاللاھتىن تۇغۇلغان ھەرقانداق كىشى گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئۇنىڭدا سابىت قالىدۇ ۋە ئاللاھتىن تۇغۇلغىنى ئۈچۈن ئۇ گۇناھ قىلالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ئىبلىسنىڭ ئوغۇللىرىدىن پەرقلىنىدۇ.» (ئىنجىل «يۇھەننا1» 3 : 8~10)

«ئەي يارانلار بىر - بىرىمىزنى دوست تۇتايلى. چۈنكى مۇھەببەت ئاللاھتىندۇر. سۆيگەن ھەر كىشى ئاللاھتىن تۇغۇلغان بولىدۇ ۋە ئۇ ئاللاھنى تونۇيدۇ.» (ئىنجىل «يۇھەننا1» 4 : 7) «ئىسانىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ھەرقانداق كىشى ئاللاھتىن تۇغۇلغان بولىدۇ. تۇغقانىنى سۆيگەن ھەرقانداق كىشى تۇغۇلغانىنىمۇ سۆيىدۇ. شۇڭا بىز ئاللاھنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلساق، ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىنى سۆيگەنلىكىمىزنى شۇنىڭدىن بىلىمىز.» (ئىنجىل «يۇھەننا1» 5 : 1 ـ 2)

«ئەيىبسىز، ساپ بولۇپ، بۇزۇق بىر نەسىل ئارىسىدا ئاسماندىكى نۇرلاردەك پارقىراپ، ئاللاھنىڭ داغسىز ئوغۇللىرىدىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن تىرىشىمەستىن،

جېدەل ـ ماجىرا قىلماستىن ھەر ئىشنى قىلىڭلار.» (ئىنجىل «فىلىپپىلىكلەر» 2 : 14 ـ 15)

«چۈنكى ئاللاھنىڭ روھى بىلەن ئىش كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرىدۇر.» (ئىنجىل «رىملىقلار» 8 : 14)

شۈبھىسىزكى يۇقىرىدىكى تېكىستلەردە تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ھېچبىرى ھەقىقىي مەنىدە ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ئەمەستۇر. بۇنداق سۆزلەر ئىككى ئەھدە كىتابلىرىدا كۆپ تېپىلىدۇ. مەسىلەن، ئىنجىل «لۇقا» 3 : 38 ـ تېكىستتە «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆز ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قوللىنىلغان.

تەۋرات «چىقىش» 4 : 22 ـ تېكىستتە «ئاللاھنىڭ بىرىنچى ئوغلى» دېگەن سۆز ئىسرائىل (يەنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام) ئۈچۈن قوللىنىلغان.

تەۋرات «ئىرمىيا» 31 : 9 ـ تېكىستتە «ئاللاھنىڭ بىرىنچى ئوغلى» دېگەن سۆز ئەفرام ئۈچۈن ۋە «ئىسرائىلنىڭ ئاتىسى» دېگەن سۆز ئاللاھ ئۈچۈن قوللىنىلغان.

تەۋرات «زەبۇر» 89 : 26 ـ، 27 ـ تېكىستلەردە داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن «ئاللاھنىڭ بىرىنچى ئوغلى» دېگەن سۆز ۋە ئاللاھ ئۈچۈن «ئۇنىڭ ئاتىسى» دېگەن سۆز قوللىنىلغان.

تەۋرات «سەمۇئىل2» 31 : 9 ـ تېكىستتە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن «ئاللاھنىڭ ئوغلى» ۋە ئاللاھ ئۈچۈن «سۇلەيماننىڭ ئاتىسى» دېگەن سۆزلەر قوللىنىلغان.

ئەگەر «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قوللىنىلغانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭ ئوغلى ۋە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى لازىم قىلىدىغان بولسا، ئادەم، ئىسرائىل، ئەفرام، داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملار ئىلاھ بولۇشقا ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن ھەقلىقتۇر. چۈنكى ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادلىرىدۇر. چۈنكى ئۇلاردىن ئۈچىگە «ئاللاھنىڭ بىرىنچى ئوغلى» ئىبارىسى قوللىنىلغان. «ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى» دېگەن سۆز ئىسرائىل سۇلالىسىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن قوللىنىلىپ، تەۋراتنىڭ كۆپ ئورۇنلىرىدا كەلگەن. مەسىلەن: تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 14 : 1، 32 : 19، «ئىشئىيا» 1 : 2، 30 : 1، 64 : 8، «يارىتىلىش» 6 : 2~4، «يۇشەئ» 1 : 10 ـ تېكىستلەردە «ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى» دېگەن سۆز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن قوللىنىلىپ كەلگەن. تەۋرات «ئىشئىيا» 63 : 16، 64 : 8 ـ تېكىستلەردە ئاللاھ ئۈچۈن «پۈتۈن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئاتىسى» دېگەن سۆز قوللىنىلغان. تەۋرات «ئەييۇب» 38 : 7 ـ تېكىستتە «ئاللاھ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى ۋارقىرىدى» دەپ قەيت قىلىنغان. تەۋرات «زەبۇر» 68 : 5 ـ تېكىستتە «يېتىملەرنىڭ ئاتىسى ۋە تۇللارنىڭ قارىسى ئاللاھتۇر» دەپ قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى تېكىستلەرنىڭ ھەممىسى مەجازىي مەنىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئەھلى كىتابلاردىن ھېچبىر كىشى مەزكۇر تېكىستلەردىكى قوللىنىشلارنى ھەقىقىي مەنىدە قوللىنىلغان، دەپ ئېتىقاد قىلمايدۇ ۋە داۋامۇ قىلالمايدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى، ئەفرامنى، داۋۇد ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملارنى، يېتىملەرنى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ئۇلارنى مەجازىي مەنىدە ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى دېيىلگەنلىك سەۋەبتىن ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرا بولمىغاندەك، ئىسا

ئەلەيھىسسالامنىمۇ ھەقىقىي مەنىسى مەقسەت قىلىنمىغان «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنىڭ ئۇنىڭغا قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىلاھ دەپ داۋا قىلىش جائىز ئەمەستۇر.

ئۇلارنىڭ ئىككىنچى دەلىلى:

ئۇلارنىڭ ئىككىنچى دەلىلى، ئىسا يۇقىرى ئالەمدىندۇر، ئۇ بۇ ئالەمدىن ئەمەس، دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىنجىللاردا كەلگەنلىكى بولۇپ، ئىنجىل «يۇھەننا» 8 : 23 ـ تېكىستتە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى قەيت قىلىنغان: «ئىسا ئۇلارغا: سىلەر تۆۋەندىن، مەن يۇقىرىدىنمەن. سىلەر بۇ ئالەمدىن سىلەر، ئەمما مەن بۇ ئالەمدىن ئەمەسمەن.»

ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تېكىستتىكى سۆزى ئۇنىڭ بۇ ئالەملەرگە ئائىت بولمىغان ئاتا ئىلاھتىن (يەنى ئاللاھتىن) چۈشكەن بالا ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بۇ پىكىر شەكسىز خاتا ۋە ھەقىقەتكە زىتتۇر. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتتە بۇ ئالەمدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى خاتا پىكىرىگە ئىككى جەھەتتىن مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ:

1 ـ بۇ تەۋىل ئەقلىي دەلىللەرگە ۋە ساماۋى كىتابلارنىڭ ئوچۇق تېكىستلىرىگە زىتتۇر.

2 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى مۇرىتلىرى ئۈچۈنمۇ ئېيتقان. مەسىلەن: «ئەگەر سىلەر بۇ ئالەمدىن بولغان بولساڭلار ئىدى، ئەلۋەتتە

بۇ ئالەم ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كىشىلىرىنى سۆيگەن بولاتتى. لېكىن سىلەر بۇ ئالەمدىن ئەمەسسىلەر، بەلكى مەن سىلەرنى بۇ ئالەمدىن تاللىدىم، شۇڭا بۇ ئالەم سىلەرگە ئاداۋەت قىلىدۇ.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 15 : 19)

ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇرىتلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئالەم ئۇلارنى يامان كۆردى، چۈنكى مەنمۇ بۇ ئالەمدىن بولمىغاندەك، ئۇلارمۇ بۇ ئالەمدىن ئەمەس. مەن بۇ ئالەمگە ئائىت بولمىغاندەك، ئۇلارمۇ بۇ ئالەمگە ئائىت ئەمەستۇر.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 17 : 14~16)

ئىسا ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى ۋە باشقىمۇ تېكىستلەردە ئۆزى بىلەن مۇرىتلىرىنى بۇ ئالەمدىن ئەمەسلىكتە ئوخشاش قىلىپ ئىپادىلىگەن. ئۇلار گۇمان قىلغاندەك، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بولسا، ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭمۇ ھەممىسى ئىلاھ بولۇشقا تېگىشلىك بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىمۇ بۇ ئالەمدىن ئەمەس، دېگەن. ھالبۇكى خىرىستىيانلار ئىسا مۇرىتلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلمايدۇ. بۇنداق بولغانىكەن خىرىستىيانلارنىڭ بۇ پىكىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى تېكىستلەردىكى سۆزلىرىنىڭ ئەڭ توغرا تەۋىلى مۇنداقتۇر: ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەيدىغانلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاخىرەتنى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئالىي مۇكاپاتلارنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلەرنى كۆزلەيدىغان كىشىلەردۇر. بۇنداق مەجازلار دۇنيادىكى ھەرقايسى تىللاردا مەشھۇردۇر. مەسىلەن، ئاخىرەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتىۋەتكەن تەركى دۇنيا كىشىلەرنى «ئۇلار بۇ دۇنيادىن ئەمەس» دېيىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى دەلىلى:

ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى دەلىلى، ئىنجىللاردا كەلگەن «مەسىھ بىلەن ئاتا بىردۇر» دېگەن سۆزلەر بولۇپ، ئىنجىل «يۇھەننا» 10 : 30 ـ تېكىستتە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن ۋە ئاتا بىرمىز» دېگەن سۆزى قەيت قىلىنغان. بۇ سۆز - ئۇلارنىڭ گۇمانىغا كۆرە - ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاللاھ بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭمۇ ئاللاھقا ئوخشاش ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەرمىش. بۇ تەۋىلمۇ ئىككى جەھەتتىن خاتادۇر:

1 ـ خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لاھۇت (ئىلاھ) ۋە ناسۇت (ئىنسان) دېگەن ئىككى تەبىئىتى (خۇسۇسىيىتى) باردۇر. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتى ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتى ئېتىبارى بىلەن ئىلاھ يەنى ئاللاھ بىلەن بىردۇر، دەيدۇ. مەسىھ دېگەن ئىسىم ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لاھۇتلىقىغا ۋە ناسۇتلىقىغا ئوخشاش قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى تەۋىلى شەكسىز خاتادۇر.

2 ـ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر مۇرىتلار ھەققىدىمۇ سۆزلەنگەن. مەسىلەن، «سېنىڭ مېنى ئەۋەتكىنىڭگە ئالەم ئىشەنسۇن ئۈچۈن ئەي ئاتا! سەن مەندە ۋە مەن سەندە بىر بولغىنىمىزدەك، ئۇلارمۇ بىزدە بولغاي. بىز بىر بولغاندەك ئۇلارمۇ بىزدە بىر بولسۇن ئۈچۈن، سەن ماڭا ئاتا قىلغان ئۇلۇغلۇقنى ئۇلارغا بەردىم. دۇنيا سېنىڭ مېنى ئەۋەتىپ، مېنى سۆيگىنىڭدەك، ئۇلارنى سۆيگىنىڭنى بىلسۇن ئۈچۈن، مەن ئۇلاردا ۋە سەن مەندە بولغاندەك ئۇلار بىرلىكنى تولۇقلىغاي!» (ئىنجىل «يۇھەننا» 17 : 21~23)

بۇ تېكىستتە كەلگەن سۆزلەر مۇرىتلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئاللاھ بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن بىر بولغانلىقىغا ئوخشاش قىلىپ ئىپادىلىگەن. شۇ ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارىلىرىدىكى بىر - بىرى بىلەن بولغان بىرلىكى ھەقىقىي مەنىدىكى بىرلىك ئەمەس، يەنى بىرلىشىپ بىر نەرسىنى تەشكىل قىلغان مەنىدە ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك، ئىسا ئەلەيھىسسالامۇ ئاللاھ بىلەن ھەقىقىي مەنىدە بىر ئەمەس، يەنى ئىككىسى بىرلىشىپ مۇرەككەپ بولغان ئەمەس. بەلكى «ئاللاھ بىلەن بىر» دېگەن سۆزنىڭ توغرا مەنىسى: ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش دېمەكتۇر. بۇ مەنىدە ئىسا ئەلەيھىسسالام بارلىق مۇرىتلىرى بىلەن ۋە پۈتۈن ئەھلى ئىمان كىشىلەر بىلەن بىردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرلا پەرق قۇۋۋەت ۋە ئاجىزلىق پەرقىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىتائەتچانلىقى ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىتائەتچانلىقىدىن كۈچلۈكتۇر، ئەلۋەتتە. بۇ تېكىستلەردىكى بىرلىكتىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ مۇددىئالىرىنىڭ ۋە ئىشلىرىنىڭ بىرلىكىدۇر. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنى سۆيۈشتە ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتا ھەممىسى بىردۇر. بۇنىڭدىن مۇرىتلارنىڭ زاتىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ئىكەنلىكى تەسەۋۋۇر قىلىنمىغاندەك، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ زاتىنىڭ ئاللاھ بىلەن بىر ئىكەنلىكى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ.

ئۇلارنىڭ تۆتىنچى دەلىلى:

خرىستىيانلارنىڭ ئىسانى كۆرۈش ئاللاھنى كۆرگەنلىكتۇر، چۈنكى ئىسا ئاتىدا (يەنى ئاللاھتا)، ئاللاھ ئىسادىدۇر، دەيدىغان باتىل داۋاسى بولۇپ، ئىنجىل «يۇھەننا» 14 : 9 ـ، 10 ـ تېكىستلەردە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: «يەسۇئ ئۇنىڭغا ئېيتتى ئەي فىلىپپۇس! شۇنچە ۋاقىت سىلەر بىلەن بىرگە بولدۇم، سەن مېنى تېخىچە تونۇمىدىڭمۇ؟، مېنى كۆرگەن كىشى ئاتىنى كۆرگەن بولىدۇ. سەن ئاتىنى بىزگە كۆرسەتكىن دەپ قانداق ئېيتىسەن؟، سەن مېنىڭ ئاتىدا، ئاتىنىڭ مەندە ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنمەمسەن؟، سىلەرگە ئېيتىپ بەرگەن سۆزلىرىمنى مەن ئۆز خاھىشىمدىن ئېيتقىنىم يوق. لېكىن مېنىڭدە ئورۇن ئالغان ئاتا ئىشلارنى قىلىدۇ.» يۇقىرىدىكى تېكىستلەر ئۇلارنىڭ گۇمانىغا كۆرە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنى كۆرۈش ئاللاھنى كۆرگەنلىكتۇر ۋە ئاللاھ ئۇنىڭدىدۇر. بۇ دەلىلمۇ ئىككى جەھەتتىن خاتادۇر:

1 ـ ئۇلارنىڭ ئىنجىللىرىنىڭ دەلىللىرىگە ئاساسەن ئاللاھنى بۇ دۇنيادا كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ۋە ئىسانى كۆرگەنلىك ھەقىقەتتە ئاللاھنى كۆرگەنلىك ئەمەس. ئۇلار بۇ ئورۇندىكى «كۆرۈش»نى «تونۇش»قا تەۋىل قىلىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ جىسمى ئېتىبارى بىلەن تونۇشمۇ ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئەڭ توغرىسى شۇكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام قىلىۋاتقان ئىشلارنى كۆرگەن كىشى گويا ئاللاھنىڭ ئىشلىرىنى كۆرگەن بولىدۇ. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام قىلغان بۇ ئىشلار ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

2 ـ بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر مۇرتلار ھەققىدىمۇ كەلگەن. مەسىلەن، «ئۇ كۈندە مەن ئاتىدا، سىلەر مەندە ۋە مەنمۇ سىلەردە بولغىنىمىزنى بىلىسىلەر.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 14 : 20)

«ئەي ئاتا سەن مەندە ۋە مەن سەندە بولغاندەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدە بىر بولغاي.» (ئىنجىل «يۇھەننا» 17 : 21)

«بەدىنىڭلارنىڭ ئاللاھتىن سىلەرگە بېرىلگەن مۇقەددەس روھنىڭ ھەيكىلى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟، شۇڭا سىلەر ئۆزۈڭلارغا ئائىت ئەمەسسىلەر.» (ئىنجىل «كۈرنىتلىكلەر1» 6 : 19)

«ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنىڭ جانلىق ھەيكىلىسىلەر.» (ئىنجىل «كۈرنىتلىكلەر2» 6 : 16)

«ھەممىنىڭ ئاتىسى بولغان ئاللاھ بىردۇر. ئۇ ھەممىنىڭ ئۈستىدە، ھەممە بىلەن بىللە ۋە ھەممىدىدۇر.» (ئىنجىل «ئېفۇسۇسلۇقلار» 4 : 6)

يۇقىرىدىكى تېكىستلەر ئاللاھنىڭ ھەقىقىي مەنىدە ئىنسانلاردا ئورۇن ئالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلار بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئاللاھ بىلەن بىر بولغان ياكى ئاللاھ ئۇنىڭدا بولغان كىشىلەرنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بولسا، مۇرتلار، كۈرنىتلىكلەر ۋە ئېفۇسۇسلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھ بولۇشقا تېگىشلىك بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئىلاھ ئەمەس. بۇنداق بولغانىكەن، يۇقىرىدىكى تېكىستلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسى: ئاللاھنىڭ بىرەر كىشىدە ياكى ئۇنىڭ ئاللاھتا بولغانلىقى، شۇنىڭدەك، بىرەر كىشىنىڭ ئىسادا ياكى ئىسانىڭ ئۇنىڭدا بولغانلىقى ھەقىقىي مەنىدىكى ئورۇن ئالغانلىق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلغانلىق، دېمەكتۇر. ئىسا

ئەلەيھىسسالامنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھنى تونۇغانلىقنىڭ ۋە ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانلىقنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىدىكى تېكىستلەرنى خىرىستىيانلارنىڭ چۈشەنگىنى بويىچە تىوغرا دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، بىز مۇسۇلمانلار بۇ ئىنجىللاردا كەلگەن سۆزلەرنى ھەقىقەتتە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياكى مۇرىتلارنىڭ سۆزلىرى، دەپ ئېتىقاد قىلمايمىز. چۈنكى بىز باشتا بايان قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ئىككى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھېچبىرى يېتىپ كېلىشتە ئىشەنچلىك ۋاستىلىرى بىلەن كەلگەن ئەمەس. شۇڭا بۇ كىتابلارنىڭ شۈبھىلىك بولۇپ قالغانلىقى ئىسپاتلانغان ۋە ئۇلارمۇ ئىقرار قىلغان. بىزنىڭ ئېتىقادىمىز بويىچە دېيمىزكى، ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ سادىق مۇرىتلىرى بۇنداق كۇفرى ئېتىقادلاردىن پاكتۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان بۇنداق خاتا سۆزلەرنى ئېيتمىغان، پەقەت كېيىنكىلەر بۇ سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ نامىغا توقۇپ چىقارغان. بىز ئاللاھنىڭ شېرىكسىز، بالىسىز، تەڭداشسىز بىر ئىكەنلىكىگە، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ۋە ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىگە ۋە مۇرىتلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقايسى جايلارغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز ۋە گۇۋاھلىق بېرىمىز.

ئۈچىنچى باب

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە مۆجىزە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر

«قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى ئەڭ ئۈستۈن بالاغەت ۋە پاساھەت بىلەن كەلگەندىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئۈستۈنلۈكلىرى ئۇنىڭ بالاغىتى ئالدىدا تىز چۆكۈشكە مەجبۇر بولغان.

بالاغەت: مەقسەت قىلىنغان ماۋزۇنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ مەنىدە كەم ـ زىيادە قىلماستىن، ئەڭ ئاجايىپ تەبىرلەر بىلەن ئىپادىلەش دېمەكتۇر. پاساھەت: ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنىنى ئەڭ چۈشىنىشلىك ۋە ئەڭ بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن تەبىرلەش دېمەكتۇر. مۆجىزە: ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان خارىقى ئادەت (ئادەتتىن تاشقىرى) ئىشلار دېمەكتۇر (ت).

قۇرئانىنىڭ بالاغەت ۋە پاساھەت جەھەتتىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىلىمىز:

1 ـ ئەرەب، ئەجەم (ئەرەب بولمىغان) ھەر قانداق خەلقنىڭ ئەدەبىي پاساھىتى مەيلى ئۇلار شائىر بولسۇن، مەيلى يازغۇچى بولسۇن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلگەن ۋە كۆرگەنلىرىنى تەسۋىرلەشلىرى بىلەن بولىدۇ. بەزىدە بىرەر شائىر ياكى يازغۇچىدا يېڭى بىر ئۇسلۇب، ياكى ئايرىم بىر ئالاھىدىلىك كۆرۈلىدۇ. كېيىنكىلەر كۆپىنچە ھاللاردا بۇرۇنقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئەگىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بۇنداق نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسى بايانىدا بولمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا بۇرۇنقى ئەرەبلەردە كۆرۈلۈپ باقمىغان پاساھەت ۋە بالاغەتلەر بار.

2 ـ ئەرەبلەرنىڭ پاساھىتى يالغانچىلىقتىن خالى بولالمىغان تۈرلۈك غەرەزلەر ۋە ھەر خىل ماۋزۇلاردا كەلگەن، ھەتتا ئۇلاردا «شېئىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى

ئەڭ يالغىنىدۇر» دەيدىغان گەپ مەشھۇر ئىدى. ئەمما «قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ماۋزۇلىرىدا ئەڭ چېكىگە يەتكەن پاساھەت ۋە راستچىللىق بىلەن كەلگەن.

3 - ھەر قانداق شائىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن شېئىرلىرى پاساھەتلىك بولمىسىمۇ پاساھەتلىك بولغان بىر ياكى ئىككى بېيىت شېئىرى بىلەن پاساھەتلىك شائىر، دەپ تونۇلىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدىكى پاساھەتتى ۋە بالاغەتتى بىلەن كەلگەن. مەسىلەن: يۇسۇف سۈرىسىنى ئوبدان تەپەككۇر قىلغان كىشى ئۇنىڭ شۇ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىدە پاساھەت بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ.

4 - شائىر ياكى ئاپتور بىرەر ماۋزۇنى تەكرارلىغاندا، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىمقى تەكرارلىشى بىرىنچىسىگە ئوخشاش چىقماسلىقى مۇمكىن. ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى، يارىتىلىش ۋە قايتىش ئەھۋاللىرى، شەرىئەت ئەھكاملىرى، ئېتىقاد مەسىلىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە تەكرارلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئۈستۈن پاساھەت ۋە بالاغەت بىلەن كەلگەن، تەكرارلار ئارىسىدا بىرەر ئىختىلاپ ياكى زىتلىق قەتئىي كۆرۈلمىگەن.

5 - قۇرئاندا بايان قىلىنغان بۇيرۇقلار، چەكلىمىلەر، پەرز، ۋاجىپلار، ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرى، يامان ئىشلارنىڭ گۇناھلىقى، ياخشى ئىشلارغا كىشىلەرنى ئۈندەشنىڭ پەزىلىتى، ئاخىرەت ئىشلىرىنى دۇنيا ئىشلىرىدىن ئىلگىرى قىلىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئۈستۈن بالاغەت ۋە پاساھەت بىلەن كەلگەن. مەلۇمكى، ئادەتتە بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ بايانى پاساھەتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق شائىر ياكى

يازغۇچى بەزى ئېتىقاد ۋە فىقھى مەسىلىلىرىنى بالاغەتلىك ھەم پاساھەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ.

6 ـ ھەر قانداق شائىر سۆزىنى بىر پەندە بالاغەتلىك ئۇسلۇبتا يازالىسا، باشقا پەنلەردە ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا تەرغىب قىلىش، يامان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، نەسىھەت قىلىش ۋە باشقا پۈتۈن ماۋزۇلاردا ئەڭ يۇقىرى پاساھەت ۋە بالاغەت بىلەن كەلگەن. بۇنىڭغا بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز:

ئاللاھ تائالا تەرغىب ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَّا أُخْفِيَ لَهُم مِّن قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.» [سۈرە سەجدە 17 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرۇش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ جَبَّارٍ عَنِيدٍ، مِّن وَرَائِهِ جَهَنَّمُ وَيُسْقَىٰ مِن مَّاءٍ صَدِيدٍ ، يَتَجَرَّعُهُ وَلَا يَكَادُ يُسِيغُهُ وَيَأْتِيهِ الْمَوْتُ مِن كُلِّ مَكَانٍ وَمَا هُوَ بِمَيِّتٍ ۖ وَمِن وَرَائِهِ عَذَابٌ غَلِيظٌ﴾ تەرجىمىسى: «ھەر بىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز ھالاك بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا جەھەننەم تۇرىدۇ، جەھەننەمدە ئۇ يىرىڭ ئارىلاش سۇ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. (ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن) ئۇنى يۇتۇملاپ ئىچىپ تەسلىكتە يۇتىدۇ، ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» [سۈرە ئىبراھىم 15ـ16ـ17ـ ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا كايىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَكُلًّا أَخَذْنَا بِذَنبِهِ ۖ فَمِنْهُم مَّنْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِ حَاصِبًا وَمِنْهُم مَّنْ أَخَذَتْهُ الصَّيْحَةُ وَمِنْهُم مَّنْ خَسَفْنَا بِهِ الْأَرْضَ وَمِنْهُم مَّنْ أَغْرَقْنَا ۚ وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَٰكِن كَانُوا أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ تەرجىمىسى: «(بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەربىرىنى

گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (مال ـ مۈلكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق، ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.» [سۈرە ئەنكەبۇت 40 ـ ئايەت].

ئاللاھ تائالا ۋەز ـ نەسىھەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَبِعَذَابِنَا يَسْتَعْجِلُونَ ، أَفَرَأَيْتَ إِن مَّتَّعْنَاهُمْ سِنِينَ، ثُمَّ جَاءَهُم مَّا كَانُوا يُوعَدُونَ ، مَا أَغْنَىٰ عَنْهُم مَّا كَانُوا يُمَتَّعُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ بۇرۇنراق كېلىشىنى تىلەمدۇ؟ ئېيتىپ باققىنا! ئەگەر ئۇلارنى (ئۇزغۇن) يىللار (نېمەتلىرىمىزدىن) بەھرىمەن قىلساق، ئاندىن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب كەلسە، ئۇلارنىڭ بەھرىمەن بولغان نېمەتلىرى (ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىشتا) ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.» [سۈرە شۇئەرا 204ـ205ـ206ـ207ـ ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اللَّهُ يَعْلَمُ مَا تَحْمِلُ كُلُّ أُنثَىٰ وَمَا تَغِيضُ الْأَرْحَامُ وَمَا تَزْدَادُ ۖ وَكُلُّ شَيْءٍ عِندَهُ بِمِقْدَارٍ﴾ تەرجىمىسى: «ھەر بىر (ھامىلىدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ (يەنى ئوغۇلمۇ ـ قىزمۇ، بىرمۇ، كۆپمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ، كەمتۈكمۇ، ساقمۇ، ئۆمرى ئۇزۇنمۇ، قىسقىمۇ ـ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ). بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ياكى يوغىناپ كەتكەنلىكىنىمۇ (يەنى بالىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇلىدىغانلىقىنى، ياكى مۇددىتى ئېشىپ كېتىپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى) (ئاللاھ) بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر.» [سۈرە رەئد 8ـ ئايەت].

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە مەقسەت قىلىنغان مەنىلەر ئەڭ ئىنچىكە، چۈشىنىشلىك ۋە ئەڭ بەدىئىي ئۇسلۇبتا كەم - زىيادە قىلىنماستىن ئىپادىلەنگەن (ت).

7 - بىر ماۋزۇدىن يەنە بىر ماۋزۇغا يۆتكىلىشنىڭ ماۋزۇنىڭ ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ بايانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى ئادەتتە ماۋزۇلار ئارىسىدىكى ئەدەبىي باغلىنىشىنى يوقىتىدۇ ۋە بالاغەتكە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى بىر ماۋزۇدىن يەنە باشقا بىر ماۋزۇغا يۆتكىلىشىدە ئۇ بۇيرۇق، چەكلەش، خۇشخەۋەر، ئاگاھلاندۇرۇش، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى بايان قىلىش، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى تەرىپلەش، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاش، ياخشى ئىشلارغا تەرغىب قىلىش، ئۆتمۈشتىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن مىساللارنى بايان قىلىش ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئەرەبلەرنىڭ ئەدىبلىرى ۋە شائىرلىرى زادى كۆرۈپ باقمىغان، ھەيران قالارلىق ئەدەبىي باغلىنىشلار، يۇقىرى بالاغەتلىك ئالىي ئۇسلۇبلار مەۋجۇتتۇر. ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا ئەرەبلەرنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتلىك ئەدىبلىرى، شائىرلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ مۆجىزىسىگە قايىل بولغان.

8 - «قۇرئان كەرىم» لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول ئىبارىلەر بىلەن كەلگەن. مەسىلەن: ساد سۈرىسىدە بايان قىلىنغان كافىرلارنىڭ قىلمىشلىرى، ئۇلارنى ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەن ھالاكەتلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان دۈشمەنلىكلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ چۈشكەنلىكىگە ئەجەبلەنگەنلىكلىرى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۇفۇرلۇقتا ئوخشاش ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان ھەسەتخورلۇقلار ۋە كۆرەلمەسلىكلەرنىڭ

بايانلىرى، ئۇلارنىڭ ئەگەر ھەقىقەتكە قايتمىسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە قالىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقى، بۇرۇنقى شەقى ئۈممەتلەرمۇ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى سەۋەبتىن ھالاك بولغانلىقى، قۇرەيش ئەرەبلىرىنىمۇ بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاكەتلىرىگە ئوخشاش ھالاكەتلەرنىڭ باشلىرىغا كېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ئازارلىرىغا سەۋرلىك بولۇشقا ئۈندەش، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ تارتقان ئەزىيەتلىرىنى ئەسلىتىش بىلەن، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش قاتارلىق بايانلارنىڭ ھەممىسى لەۋزى قىسقا، مەنىسى مول ئىبارىلەر بىلەن كەلگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ بەقەرە سۈرىسىدىكى: ﴿وَلَكُمْ فِي الْقِصَاصِ حَيَاةٌ﴾ تەرجىمىسى: «سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار» دېگەن بۇ سۆزنىڭ لەۋزى شۇنچىلىك قىسقا، ئەمما مەنىسى ناھايىتى مولدۇر. بۇ ئايەت ئۆزىنىڭ يۇقىرى بالاغىتى ۋە پاساھىتى بىلەن قىساس ۋە ھاياتلىقتىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى مەنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە باغلىنىشنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. بۇ ئايەت قاتىللىقنى مەنئى قىلىش ھەققىدە ئەرەبلەردە مەشھۇر بولغان بارلىق ئەدەبىي سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن بالاغەتكە ۋە پاساھەتكە ئىگىدۇر. چۈنكى ئۇلار بۇ مەنىنى «بەزىلەرنى (يەنى قاتىللارنى) ئۆلتۈرۈش ھەممە كىشىنىڭ ھاياتىنى ساقلىغانلىقتۇر، قاتىللىقنىڭ ئازىيىشى ئۈچۈن، قاتىللارنى كۆپ ئۆلتۈرۈڭلار ۋە قاتىللارنى ئۆلتۈرۈش ئۇلارنىڭ يەنە باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» قاتارلىق قىسقا لەۋزىلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. ئاخىرقى سۆز ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ ئەدەبىي سۆز بولۇپ تاللانغان. لېكىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ماۋزۇنى ئىپادىلىگەن ئايىتى ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى پۈتۈن

سۆزلىرىدىن پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئەڭ ئەدەبىي ھەم ئەڭ ئىخچام ئايەت ئىدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ قىسقىچە بايانى كېلىدۇ:

1 ـ «قۇرئان كەرىم»دىكى بۇ قىساس ئايىتى ئۇلارنىڭ ئىخچام ھېسابلانغان بارلىق سۆزلىرىدىن ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئىخچام ھەم مەزمۇنلۇقتۇر.

2 ـ ئەرەبلەرنىڭ تاللانغان ئاخىرقى سۆزى بىر نەرسىنىڭ يوق قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ قىساس ئايىتى ئۆلتۈرۈشنىڭ تورلىرىدىن بولغان قىساسنىڭ ھاياتلىقنى (يەنى باشقىلارنىڭ ھايات قېلىشىغا) سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

3 ـ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ ئەدەبىي سانالغان ئاخىرقى سۆزىدە «**القتل**» يەنى (ئۆلتۈرۈش) سۆزى تەكرارلانغان. چۈنكى ھەر قانداق ئەسەردىكى زىيادە تەكرارلىق ئۇنىڭ ئەدەبىيلىكىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم»دىكى بۇ ئايەتتە تەكرار بولمىغان.

4 ـ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئەڭ ئىخچام ۋە ئەدەبىي ھېسابلانغان سۆزى پەقەت قاتىللىقتىن مەنئى قىلىشنىلا ئىپادىلىگەن. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ قىساس ئايىتى قاتىللىقتىن ۋە يارىدار قىلىشتىن كىشىلەرنى مەنئى قىلىشنى ئىپادىلىگەن. چۈنكى قىساس؛ ئۆلتۈرگەننى ئۆلتۈرۈش ۋە يارىدار قىلغاننى يارىدار قىلىش دېمەكتۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ ئايەتتىكى قىساس سۆزى ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

5 ـ ئۇلارنىڭ بۇ ئەڭ ئىخچام ۋە ئەدەبىي سانالغان ئاخىرقى سۆزى بۇ ماۋزۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بولغان ھاياتلىقنى قاتىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا

ياندىشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايىتى قاتىلىنى ئۆلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان ۋە ماۋزۇنىڭ ئەسلى مەقسىتى بولغان ھاياتلىقنى ئەسلى مەقسەت قىلىپ ئۇچۇق بايان قىلغان.

6 ـ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ ئەدەبىي سانالغان ئاخىرقى سۆزىدىكى «ئۆلتۈرۈش» سۆزى قاتىلنىلا ئۆلتۈرۈشنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئومۇمىي مەنىسى بىلەن ھەقسىز ھالدا ئۆلتۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى قىساس مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايىتى ھەقسىز ئۆلتۈرۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماستىن، بەلكى قاتىلنىلا ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت قىساسنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا قىساس سۆزى بۇ ئايەتتە ئۇچۇق ئىپتىلغان. بۇنداق بولغان ئىكەن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ قىساس ئايىتى ئۇلارنىڭ بارلىق سۆزلىرىدىن ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ ئەدەبىي شەكىلدە، مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئەڭ توغرا ئىپادىلىگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ سۆزلىرى مەقسەت قىلىنغان مەنىنى توغرا ئىپادىلەشتە ۋە پاساھەت، بالاغەت جەھەتتە خېلى كۆپ يېتەرسىزدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ «ئۆلتۈرۈش» دېگەن سۆزى قىساسنى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ئۆلتۈرۈشنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مۇددىئاسى قىساس ئىدى.

9 ـ بالاغەتتىكى «جەزالە ۋە ئەزۇبە» ئىككىسى بىر ـ بىرىگە زىت سۈپەتلەردۇر. بۇ سۈپەتلەرنىڭ جۈملىلەردە ئىككىسى بىرگە كېلىشى مەزكۇر جۈملىلەرنىڭ پاساھىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. بۇنداق كېلىش بالاغەتشۇناسلارنىڭ ئادىتىگىمۇ خىلاپ ئىشتۇر. ئەمما بۇ ئىككى سۈپەتنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر بىر ماۋزۇلىرىدا بىرگە كەلگەنلىكى ۋە قۇرئاننىڭ

پاساھەتتىنى ھېچ بوزمىغانلىقى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ھالدا پاساھەت ۋە بالاغەتلىك بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

10 ـ «قۇرئان كەرىم» بالاغەت پەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەرەبلەردىن چىققان ئەڭ ئاتاقلىق ئەدىبلەر، شائىرلار ۋە بالاغەتشۇناسلارمۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى بالاغەت پەنلىرىدىن پەقەت بىر ياكى ئىككى تۈرىنىلا كەلتۈرەلەيدۇ. باشقىسىنى كەلتۈرۈشكە ئورۇنغىنىدا سۆزىنىڭ بالاغەت ئۇسلۇبى نۇقسانغا ئۇچرايدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم» بالاغەت پەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ كامىل ۋە ئەڭ ئەدەبىي شەكىلدە ئۆز ئىچىگە ئالغان.

يۇقىرىدىكى 10 مەسىلە قۇرئاننىڭ بالاغەت ۋە پاساھەت جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى ھالدا يۇقىرى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلماقتا. ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ بالاغەت، پاساھەت پەنلىرىنى قانچىلىك ياخشى بىلگەن كىشى «قۇرئان كەرىم»نىڭ خارىقى ئادەت (ئادەتتىن تاشقىرى) ئەدەبىي ئۇستۇنلۇكىنى ۋە ھەقىقىي مۆجىزە ئىكەنلىكىنى شۇنچىلىك ياخشى چۈشىنەلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ تەركىبلىنىشىدىكى ئاجايىپلىقى، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى، ئىنچىكە بايانلىرى ۋە باشقىلار ئەرەبلەرنىڭ ئاتاقلىق ئەدىب ۋە شائىرلىرىنى ھەيران قالدۇردى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىغا ئوخشىمىغانلىقىنىڭ ھېكمىتى شۇكى، مۇتەئەسسىپ ئەرەبلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى تەقلىد ياكى ئىنسان سۆزى دەپ گۇمان قىلماسلىقى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ۋە ئۈستۈن مۆجىزە ئىكەنلىكىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ھەر قانداق شائىر ياكى ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۆزىنى

كۆرسىتىشىكە ۋە ئەسىرىنى ئەڭ كامىل دەرىجىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ماختانسا، يەنە باشقا يەرلىرىدە تەنقىدلەرگە ئۇچرايدۇ. ھەر قانداق شائىر ياكى يازغۇچى بەزى ماۋزۇلارنى ئەڭ ياخشى ئىپادە قىلالىسىمۇ، يەنە باشقا ماۋزۇلارنى شۇنداق ئىپادە قىلالمىغانلىقى، ياكى باشقىلارنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىۋالغانلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گاھىدا ئەيىبلىنىشكە ئۇچرايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ئاتاقلىق ئەدىبلىرى ئۆزلىرىنىڭ بالاغەت، پاساھەت ئىلىملىرىدىكى ئۇستۇنلىكى ۋە ئىسلام دىنىغا شۇنچىلىك قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تۇرۇپ، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن بىرەر كەمچىلىك ياكى نۇقسان تاپالمىغان. بەلكى ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ شائىر سۆزى ياكى، ئەدىبنىڭ ئەسىرى، ياكى ناتىقنىڭ نۇتقى ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەدەبىيلىكىگە ھەيران قالغانلىقتىن ئۇنى گاھ سېھىر، گاھ جىنلارنىڭ ياردىمى بىلەن يېزىلغان كىتاب، دەپ تۆھمەت قىلىشقا باشلايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَا تَسْمَعُوا لِهَٰذَا الْقُرْآنِ وَالْغَوْا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ﴾ تەرجىمىسى: «كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن، دەيدۇ». [سۈرە فۇسسىلەت 26- ئايەت].

مانا بۇ ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ئالدىدا يېڭىلغانلىقىنىڭ جانلىق ئىپادىسىدۇر. ئۇلار«قۇرئان كەرىم»گە تەڭ كېلەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، باشقىلارنى ئۇنى ئاڭلاشتىن مەنئى قىلىشقا تىرىشقان. چۈنكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ ئۇسلۇبى ھەممىنى قايىل قىلغان ۋە جەلپ قىلغان.

ئەربلەرنىڭ بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئالاھىدە تونۇلغان مەشھۇر كىشىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇددىستلىق ئەقىدىسىنى قوغداش ۋە قەبىلىۋازلىق قىلىش غايىسى بىلەن ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىشىش، پەخىرلىنىش ۋە ئۇنىدىن باشقا جەمەتىنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈش مۇددىئالىرىنى ھەمىشە ئەدەبىي مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇلار ئەدەبىياتقا شۇنچىلىك كۆپ ئەھمىيەت بېرەتتىكى، قەبىلىلەر ئارىسىدا شۆھرەت تېپىش ياكى ئەيىبلىنىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن قىياسلىناتتى. قىسقىسى ئۇلارنىڭ ئابرۇيى ئەدەبىيات بىلەن كۆتۈرۈلەتتى ۋە ئەدەبىيات بىلەن چۈشەتتى. ئۇلار ئەدەبىياتتا باشقىلارنى يېڭىشقا شۇنچىلىك ھېرىسمەن تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا رەددىيە بېرىشتە ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى بىرەر سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت جان كەتمەيدىغان ئىشنى قويۇپ ئۇرۇشنى، جان ۋە مالنى پىدا قىلىشنى تاللىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە «قۇرئان كەرىم» ئالدىدا ئاجىز قالغانلىقىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوخشىشىنى ئىجاد قىلىپ بېقىشقا چاقىرىپ، ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا مۇنداق دۇئېل ئېلان قىلغان: ﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُم مِّن دُونِ اللَّهِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ، فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا وَلَن تَفْعَلُوا فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ ۖ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾ تەرجىمىسى: «بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى، دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار- ھەرگىزغۇ قىلالمايسىلەر- كافىرلار

ئۆچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.» [سۈرە بەقەرە 23-24- ئايەتلەر].

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ ۖ قُلْ فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّثْلِهِ وَادْعُوا مَنِ اسْتَطَعْتُم مِّن دُونِ اللَّهِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلار: قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان، دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.» [سۈرە يۇنۇس 38- ئايەت].

ئەگەر ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان كەرىم»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا باشقىسىدىن ياردەم ئالغان، دەپ گۇمان قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش ۋە ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، باشقىلاردىن ياردەم سوراشقا تىرىشاتتى، چۈنكى ئۇلار ئەرەب تىلىنىڭ ئەدەبىياتىنى بىلىشتە ۋە ياردەم سوراشقا جۈرئەت قىلىشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»گە ئۇنىڭ بىرەر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن، تىل بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا تىغ بىلەن يەنى قىلىچ ۋە نەيزىلەر بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تاللىدى. بۇنىڭدىن ئىسپاتلاندىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بالاغىتى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىمۇ مىسلىسىز دەرىجىدە يۇقىرى ۋە ئۈستۈن ئىدى. نەتىجىدە ئەرەبلەر ئىككى چوڭ گۇرۇھقا ئايرىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇسۇلمانلار، يەنە بىرى: «قۇرئان كەرىم»نىڭ

مۆجىزىسىگە ھەيران قالغان تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ باتىل دىنلىرىدىن ۋاز كېچەلمىگەن تەرسا مۇشرىكلار ئىدى.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلار توغرىلىق بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ كېيىنچە خەۋەر بېرىلگەن بويىچە ئەمەلگە ئاشقانلىقىنىڭ دەلىللىرى كۆپ.

1 - ﴿لَّقَدْ صَدَقَ اللَّهُ رَسُولَهُ الرُّؤْيَا بِالْحَقِّ ۖ لَتَدْخُلُنَّ الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ إِن شَاءَ اللَّهُ آمِنِينَ مُحَلِّقِينَ رُءُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ لَا تَخَافُونَ ۖ فَعَلِمَ مَا لَمْ تَعْلَمُوا فَجَعَلَ مِن دُونِ ذَٰلِكَ فَتْحًا قَرِيبًا﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ پەيغەمبىرىگە، ھەق رەۋىشتە، ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا (دۈشمەندىن) ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر.» [سۈرە فەتھ 27- ئايەت].

بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە خەۋەر بەرگەن بويىچە ئەمەلگە ئاشقان، ھەممىگە مەلۇم بىر ھەقىقەتتۇر.

2 - ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا ۚ يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا ۚ وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى.» [سۈرە نۇر 55 - ئايەت].

ئاللاھ بۇ ۋەدىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بۇ ۋەدىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى نەتىجىسىدە بەزى شەھەرلەر فەتھى قىلىنىپ، ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ھاكىمىيەت دائىرىسى ئىچىگە كىردى، كېيىن ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ دەۋرىدە بۇ فەتھەلەر تېخىمۇ كېڭەيدى، ئاندىن ئۈچىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئوسمانىنىڭ دەۋرىدە فەتھى كېڭىيىپ شەرق ۋە غەرب مەملىكەتلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ نۇرى رەسمىي رەۋىشتە پارلاشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن چارەك ئەسىر ئۆتمەستىنلا، ئاللاھنىڭ بۇ ھەق دىنى پۈتۈن دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. مۇسۇلمانلارمۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى بويىچە قورقۇنچىسىز ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولدى.

3 ـ ﴿سَتُدْعَوْنَ إِلَىٰ قَوْمٍ أُولِي بَأْسٍ شَدِيدٍ تُقَاتِلُونَهُمْ أَوْ يُسْلِمُونَ ﴾ تەرجىمىسى: «سىلەر جەڭگىۋار بىر قەۋم بىلەن (ئۇرۇشۇشقا) چاقىرىلىسىلەر، ياكى ئۇلار (ئۇرۇشسىزلا) مۇسۇلمان بولىدۇ.» [سۈرە فەتھ 16ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]. بۇ ئىشمۇ خەۋەر بېرىلگەن بويىچە ئەمەلگە ئاشقان.

4 ـ ﴿إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ . وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا ، فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ ۚ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە، رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمد ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن.» [سۈرە نەسر 1ـ2ـ3ـ ئايەتلەر].

بۇ خۇشخەۋەر ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئېشىپ، مۇسۇلمانلار ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى مەككىنى فەتھى قىلدى. بۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىردى.

5 ـ ﴿ وَاللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ﴾ تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ.» (5ـ سۈرە مائىدە 67ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

بۇ ۋەدىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەست قىلماقچى بولغانلار شۇنچىلىك كۆپ بولغان بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ساقلىدى ۋە ھېچبىر سۇيىقەستكە ئۇچرىماستىن، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا ئۇلاشتى.

6 ـ ﴿غُلِبَتِ الرُّومُ ، فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُم مِّن بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ ، فِي بِضْعِ سِنِينَ ۗ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِن قَبْلُ وَمِن بَعْدُ ۚ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ ، بِنَصْرِ اللَّهِ ۚ يَنصُرُ مَن يَشَاءُ ۖ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ ، وَعْدَ اللَّهِ ۖ لَا يُخْلِفُ اللَّهُ وَعْدَهُ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ تەرجىمىسى: «رۇملۇقلار يېقىن بىر

جايدا يېڭىلدى، ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ، ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر، بۇ كۈندە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ غالىبتۇر، (مۆمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئاللاھ (ئۇلارنى غالىب قىلىدىغانلىقىنى) ۋەدە قىلدى. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.» [سۈرە رۇم 2-3-4-5-6-ئايەتلەر].

بۇ ۋەدە خۇددى خەۋەر بېرىلگەن بويىچە ئەمەلگە ئاشتى، رۇملۇقلار ئىرانلىقلارغا يېڭىلىپ يەتتە يىلدىن كېيىن، ئۇلارنى يەڭدى.

7 - ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ﴾ تەرجىمىسى: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز چۈشۈردۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.» [سۈرە ھىجر 9 - ئايەت].

بۇ ئايەتتە ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»نى قىيامەتكە قەدەر كىشىلەرنىڭ بۇزۇشىدىن، ئۆزگەرتىشىدىن ۋە كەم - زىيادە قىلىۋېلىشىدىن ساقلايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ بۇ ۋەدىسى تا بۈگۈنگىچە ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيا ئىقراردۇر.

8 ـ ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلار توغرىلىق مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ إِن كَانَتْ لَكُمُ الدَّارُ الْآخِرَةُ عِندَ اللَّهِ خَالِصَةً مِّن دُونِ النَّاسِ فَتَمَنَّوُا الْمَوْتَ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ . وَلَن يَتَمَنَّوْهُ أَبَدًا بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ۗ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلارغا: ئەگەر ئاخىرەت يۇرتى (يەنى جەننەت) ئاللاھنىڭ قېشىدا (سىلەر گۇمان قىلغاندەك) باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا، (سىلەرنى جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار! (جەننەت بىزگىلا خاس دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل

بولساڭلار، دېگىن. ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.» [سۈرە بەقەرە 94- 95- ئايەتلەر].

يەنە بىر ئايەتتىمۇ يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئوخشىشى بايان قىلىنىدۇ: ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ هَادُوا إِن زَعَمْتُمْ أَنَّكُمْ أَوْلِيَاءُ لِلَّهِ مِن دُونِ النَّاسِ فَتَمَنَّوُا الْمَوْتَ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ . وَلَا يَتَمَنَّوْنَهُ أَبَدًا بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ۚ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئى يەھۇدىيلار! ئەگەر سىلەر باشقىلارنى ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭلارنىلا ئاللاھنىڭ دوستلىرى دەپ دەۋا قىلىدىغان بولساڭلار، (ئاخىرەتنىڭ راھىتىگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار، ئەگەر (بۇ دەۋايىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئۇلار قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمايدۇ، ئاللاھ زالىملارنى بىلگۈچىدۇر.» [سۈرە جۇمۇئە 6ـ7ـئايەتلەر].

شۈبھىسىزكى، يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ دۈشمەن بولغان مەخلۇقلار ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشتا باشقا كافىرلاردىن بەك ھېرىس ۋە بەك جىددىي ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇلاردىن بىرەر كىشى ئۇنى يالغانغا چىقىرىش يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئەمەس. چۈنكى بۇ ئايەت ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا چاقىرغان ئىدى.

9 - ﴿وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُم مِّن دُونِ اللَّهِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ . فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا وَلَن تَفْعَلُوا فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِي وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ ۖ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِينَ﴾ تەرجىمىسى: «بەندىمىز (مۇھەممەد)كە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى

(ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار ـ ھەرگىزغۇ قىلالمايسىلەرـ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار.» [بەقەرە سۈرىسى 23ـ24ـ ئايەتلەر].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ كۈنىمىزگىچە كاپىر ئەرەبلەر ئىسلام دەۋىتىنى يوق قىلىشقا ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن بىرەر كەمچىلىك تېپىپ، ئۆزلىرىنى ھەقلىق كۆرسىتىشكە شۇنچىلىك ھېرىسلىق تۇرۇپ، ئۇلاردىن بىرەرسى «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش بىرەر سۈرە ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن «قۇرئان كەرىم»گە تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىغىنى يوق. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ باشقىمۇ خەۋەرلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئۈچۈق دالالەت قىلماقتا. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنى ئەزەلدىن شۇنداق جارى بولۇپ كەلگەنكى، يالغاندىن پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغانلارنىڭ ئاللاھنىڭ نامىدىن ئېيتقان يالغان خەۋەرلىرى ھېچبىر زامان توغرا چىققان ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى خەلقى ئالەمگە پاش قىلغان.

«قۇرئان كەرىم»دە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ئىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھالاكەتلىرى بايان قىلىنغان. شۇ ھەقىقەت ھەممىگە مەلۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېزىشنى ياكى ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن، ئالىملار بىلەنمۇ ھەمسۆھبەتتە بولمىغان ساۋاتسىز پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتتىن يىراق بولغان، ھەتتا بىرەر كىتابنىمۇ تونۇمايدىغان ۋە ئەقلىي ئىلىملەردىن بىرەر ئىلىمگىمۇ ئىگە بولمىغان جاھىل قەۋمنىڭ ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ ئىلگىرىكى ھاياتىدا باشقىلاردىن تەلىم ئالغۇچىلىك ۋاقىت، قەۋمىدىن

ئايرىلغانمۇ ئەمەس. ئەھلى كىتابنىڭ كىتابلىرىدىكى بەزى قىسسىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە خىلاپ كېلىشى بولسا، ئەھلى كىتابلارنىڭ ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز كىتابلىرىنى قەستەن ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكى سەۋەبتىن ئىدى. چۈنكى ئۇلار بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، ئۇ كىتابلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئاللىبۇرۇن يوقىتىپ قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھازىرقى ئىككى ئەھدە كىتابلىرى ئۆزلىرىنىڭ چىن يېتىپ كېلىشتىكى ۋاسىتىلىرىنى يوقاتقاچقا، بۇ كىتابلار ۋەھيىلىك، ياكى ئىلھامىيلىق سۈپەتلەردىن يىراقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ هَـٰذَا الْقُرْآنَ يَقُصُّ عَلَىٰ بَنِي إِسْرَائِيلَ أَكْثَرَ الَّذِي هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ﴾ تەرجىمىسى: «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرىنىڭ كۆپىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.» [سۈرە نەمل 76- ئايەت].

«قۇرئان كەرىم»دە مۇناپىقلار (تىلىدا ئىمان ئېيتىپ، دىلىدا ئىشەنمىگۈچىلەر)نىڭ تۈرلۈك سىرلىرى پاش قىلىنغان. ئۇلار مەخپىي ھالدا ھەر تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا ئىش ئېلىپ باراتتى. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋاللىرىنى بىر - بىرلەپ بىلدۈرۈپ تۇراتتى. مۇناپىقلارمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ خەۋەرلىرىنى ئېتىراپ قىلاتتى. «قۇرئان كەرىم» يەنە يەھۇدىيلارنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋاللىرىدىنمۇ خەۋەر بېرىپ تۇراتتى، ئۇلارمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ خەۋەرلىرىنى ئىنكار قىلالمىغان.

«قۇرئان كەرىم»دە ئەرەبلەر كۆرۈپ باقمىغان ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي ئىلىملەر كەلگەن. ئۇنىڭدا: شەرىئەت ئىلىملىرى، ئەقلىيات ئىلىملىرى، ئازغۇنلارغا رەددىيە، تارىخ، ۋەز - نەسىھەت، ھېكمەتلەر، ئاخىرەت ئالەمىگە مۇناسىۋەتلىك

خەۋەرلەر، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە باشقىلار بار بولۇپ، ھازىرقى كۆپلىگەن ئەھمىيەتلىك ئىلىملەر «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىنغان، ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى ئەقىدە، شەرىئەت ئەھكاملىرى، ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە باشقىلاردۇر.

«قۇرئان كەرىم» كۆپلىگەن ئىلىملەرنى ۋە مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ بىر كىتاب تۇرۇپ، ھەرخىل ئىختىلاپلاردىن ۋە زىتلىقلاردىن پۈتۈنلەي خالىدۇر. ئەگەر ئۇ ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ سۆزى بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا كۆپلىگەن زىتلىقلار ۋە خاتالىقلار تېپىلغان بولاتتى. چۈنكى چوڭ ھەجىملىك كىتابلار ئادەتتە بۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئازراقمۇ ئىختىلاپ كۆرۈلمىگەچكە، ئۇنىڭ چوقۇم ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ھېچ شۈبھىسىز يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ الْقُرْآنَ ۚ وَلَوْ كَانَ مِنْ عِندِ غَيْرِ اللَّـهِ لَوَجَدُوا فِيـهِ اخْتِلَافًـا كَثِيرًا﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) ئاللاھتىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى.» [سۈرە نىسا 82- ئايەت].

ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇ ئالامەتكە «قۇرئان كەرىم»نىڭ فۇرقان سۈرىسىدە مۇنداق ئىشارەت قىلىدۇ: ﴿قُلْ أَنزَلَهُ الَّذِي يَعْلَمُ السِّرَّ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۚ إِنَّهُ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ تەرجىمىسى: «ئېيتقىنكى، ئۇنى ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرنى بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ چۈشۈردى.» [سۈرە فۇرقان 6- ئايەت].

چۈنكى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئۇسلۇبى، ھەممىدىن ئۈستۈن بالاغىتى ۋە پاساھىتى، غەيبلەردىن خەۋەر بېرىشى، كۆپلىگەن ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى ۋە ئىختىلاپلاردىن، زىتلىقلاردىن خالىي بولۇشى بىلەن،

ئىنسانلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان بۇنداق چوڭ ھەجىملىك بىر كىتاب، پەقەت ھەممىنى ئوبدان بىلگۈچى، قۇدرەتلىك بىر زات (ئاللاھ) تەرىپىدىنلا كېلىدۇ!.

«قۇرئان كەرىم» مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدىغان مۆجىزىدۇر. ئۇنىڭ مۆجىزىسى دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا جارى بولغۇچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ ئەكسىچە «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزى ساقلاشقا كېپىللىك قىلغان. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا جارى بولىدىغان، ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن توختايدىغان ۋاقىتلىق مۆجىزىلەر ئىدى. لېكىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسى ئاللاھتىن چۈشكەن ۋاقىتتىن تا ھازىرغىچە بىر خىل داۋام قىلىپ كەلگەن، ئۆزگەرمەس ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر. ئۇنىڭ ئېلان قىلغان دۇئېلى ھازىرغىچە كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرى خۇداسىزلار ۋە ھەر خىل دىن ۋە مەزھەپلەردىن بولغان ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن تولغان مۇشۇ دەۋرىمىزدىمۇ ئۇلارنىڭ ھېچبىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوخشىشىدىن بىرەر سۈرە ئىجاد قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ دۇئېلىغا تاقابىل تۇرۇشقا ۋە شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى مات قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلمەكتە. بۇندىن كېيىنمۇ ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى بۇ مۆجىزە ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇغان كىشى قەتئىي چارچاش ھېس قىلمايدۇ. ئۇنى تىڭشىغان كىشىمۇ ئۇنىڭدىن زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ. بەلكى «قۇرئان كەرىم»نى قايتا - قايتا، تەكرار ئوقۇش ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت ۋە ئىخلاسنى ئاشۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا ئادەتتىكى ئەسەرلەر قانچىلىك ئەدەبىي ۋە قانچىلىك قىزىقارلىق بولسىمۇ ئۇنى قايتىلاپ ئوقۇش كىشىدە زېرىكىش پەيدا

قىلىدۇ. ئەمما «قۇرئان كەرىم» ئۇنى ئوقۇغۇچىنى ۋە ئاڭلىغۇچىنى ھۇزۇر، ھالاۋەت بىلەن ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە تارتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغان، بەلكى ئەرەب تىلىدىن ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان كىشىلەرمۇ ھېس قىلىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئىلاھىي كالام ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. (مەسىلەن: يېقىنقى زاماندا قەشقەردە ياشىغان دىنى ئۆلىما ئابدۇرېشىت قارىھاجى «قۇرئان كەرىم»نى 10 مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇپ تاماملىغان. [جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلىدىن ئېلىندى].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى يادلاش ناھايىتى ئاساندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى 54- سۈرە قەمەرنىڭ 17-، 22-، 32-، 40- ئايەتلىرىدە (بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟) دېگەن سۆزى بىلەن ئېلان قىلغان. «قۇرئان كەرىم»نى يادلاش كىچىك بالىلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوڭايدۇر. ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنى يادلاپ بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادلىغان قارىيلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆپ تېپىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ ئىبارە ۋە ھەرىكەلىرىنىڭ ھېچبىرىدە خاتالىقسىز، كامىل ھالدا يېزىپ چىقىشقا ئىقتىدارلىقتۇر. ئەمما خىرىستىيانلار دۇنياسىدا ئىككى ئەھدە كىتابلىرىنىڭ ھەممىنى ئەمەس، بەلكى ئىنجىللاردىن بىرەرسىنى يادلىغان بىرەر كىشى ئەسلا تېپىلمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇنداق يادلاشقا ئوڭاي بولغانلىقى ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى ئۈچۈن ئاتا قىلغان كاتتا نېمىتى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزگەرتىشلەردىن ساقلىنىپ قېلىشىنىڭ بىر ۋاسىتىسى ئىدى.

ئۈچ سوئال ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى

بىرىنچى سوئال: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنىڭ بالاغەت نۇقتىسىدىن بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟.

جاۋاب: بەزى مۆجىزىلەر ھەرقاچان شۇ زامان كىشىلىرىدە دەۋر سۈرگەن ۋە مەشھۇر بولۇپ ئۇچىغا چىققان نەرسىلەرنىڭ جىنسىدىن كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار شۇ نەرسىلەردە ئەڭ بىرىنچى سانالغان بولۇپ، شۇ زاماندىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىقتىدارى يەتكەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تاقەت، ئىقتىدارىنىڭ سىرتىدا بولغان ئىشلارنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ چوقۇم ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن خارىقى ئادەت ئىش ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى پىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئايلانغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ سېھىر دائىرىسى ئىچىدىكى بىر ئىش ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزە ئىكەنلىكىنى شۇ ھامان بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا تىبابەت ئىلمى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىدى. بۇ زامان ئەھلىلىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەنلىكىنى، كورلارنىڭ كۆزلىرىنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ

ئىشلارنىڭ دوختۇرلۇق ئىلمىگە ئائىت ئىلمىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىنى بىلدۇ ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بولسا، ئىلمى بالاغەت ساھەسى دەۋر سۈرۈپ، ئۇ ئەڭ چېكىگە يەتكەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ «قۇرئان كەرىم» بىلەن كەلگەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئاتاقلىق ئەدىب ۋە شائىرلىرىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى ۋە تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن مۆجىزە ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلەر مۇسۇلمان بولۇپ، بەختكە ئېرىشتى. ئۇنىڭغا پەقەت تەرسا، مۇتەكەببىر ۋە جاھىللار ئىمان ئېيتمىدى.

ئىككىنچى سوئال: «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىراقلا چۈشۈرۈلمەستىن پارچە-پارچە چۈشۈرۈلگەنلىكىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟.

جاۋاب: «قۇرئان كەرىم»نىڭ پارچە-پارچە چۈشۈرۈلگەنلىكىنىڭ ھېكمەتلىرى كۆپتۇر:

1 - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىن چىققان پەيغەمبەردۇر. «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭغا بىراقلا چۈشۈرۈلگەن بولسا، ئۇلارغا ئۇنى يادلاش قېيىن بولغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئاز-ئازدىن، پارچە-پارچە چۈشۈرۈلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى مۇناسىپ ئىدى. چۈنكى ساھابىلەر «قۇرئان كەرىم»نى تەدرىجىي ھالدا ئۆگەنگەن ۋە يادلىغان. «قۇرئان كەرىم»نى يادلاش ئىشى بۇ ئۇممەتتە شۇ بويىچە جارى بولۇپ كەلمەكتە.

2 ـ «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپ ئايەتلىرى مۇئەييەن ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر ھەققىدە بىرەر مۇشكۇلنى ھەل قىلىش، ياكى سوئالغا جاۋاب بېرىش، ياكى بىرەر ھۆكۈمنى ئوچۇقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە چۈشكەن. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىرلا ۋاقىتتا بىراقلا چۈشكەن بولسا، ئۇنىڭ چۈشۈشىدىكى مەقسەت ئوچۇقلاشمىغان بولاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ پارچە-پارچە چۈشۈرۈلگەنلىكى قەلبلەردە ئەڭ تەسىرلىك ۋە مەقسەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئەڭ كۈچلۈك بولغان.

3 ـ ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى بىر قېتىمدىلا چۈشۈرگەن بولسا، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە باشقا بۇيرۇقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارغا بىرلا ۋاقىتتا چۈشكەن بولاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىراقلا ئەمەل قىلىشنى باشلاش قىيىن كەلگەن بولاتتى. لېكىن «قۇرئان كەرىم» ئاز-ئازدىن، پارچە ـ پارچە چۈشۈرۈلگەچكە، ئەھكاملار ۋە بۇيرۇق-كۆرسەتمىلەر تەدرىجىي ھالدا ئاز ـ ئازدىن بۇيرۇلغان بولدى، نەتىجىدە ئۇلارنى قوبۇل قىلىشمۇ كىشىلەرگە ناھايىتى يېنىك تۇيۇلدى.

4 ـ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاز ـ ئازدىن چۈشۈرۈلۈشى پەيغەمبەرنىڭ جىبرىئىلنى ئارقا ـ ئارقىدىن كۆرۈپ تۇرۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ قەلبى جىبرىئىل پەرىشتىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بەرگەن روھى مەدەتلىرى ئارقىلىق، دىننى دەۋەت قىلىش ۋە قەۋمىنىڭ ئازارلىرىغا سەۋرلىك بولۇشقا كۈچلىنىپ تۇراتتى.

ئۈچىنچى سوئال: تەۋھىد مەسىلىسىنىڭ، قىيامەت ئەھۋالىنىڭ، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: «قۇرئان كەرىم»دىكى تەكرارلارنىڭ كۆپلىگەن پايدىلىرى بار:

1 ـ تەكرار تەكىتنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى بىر مەسىلىنىڭ كۆپ قېتىم بايان قىلىنىشى بۇ مەسىلىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

2 ـ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۇنىڭ بالاغىتى ئېتىبارى بىلەن بولغاچقا، «قۇرئان كەرىم» ئەرەبلەرگە بۇ ئېتىبار بىلەن دۇئېل ئېلان قىلغان. قىسسىلەرنىڭ ۋە باشقا مەسىلىلەرنىڭ تەكرارلىنىپ كېلىشى ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ھەر قېتىمدا ئوخشاش بولمىغان بىلدۈرۈش ئۇچۇن ئىدى. چۈنكى بالاغەتشۇناسلار ئۇنىڭ خارىقى ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى قەۋمىنىڭ ئازارلىرىدىن ھەمىشە سىقىلاتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ نَعْلَمُ أَنَّكَ يَضِيقُ صَدْرُكَ بِمَا يَقُولُونَ﴾ تەرجىمىسى: «بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز.» [سۈرە ھىجر 97ـ ئايەت].

ئاللاھ ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ۋە شارائىتىغا ماسلاشقان ھالدا، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن بايان قىلىپ بىرىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلًّا نَّقُصُّ عَلَيْكَ مِنْ أَنبَاءِ الرُّسُلِ مَا نُثَبِّتُ بِهِ فُؤَادَكَ ۚ وَجَاءَكَ فِي هَـٰذِهِ الْحَقُّ وَمَوْعِظَةٌ وَذِكْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ﴾ تەرجىمىسى: «كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆئمىنلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» [سۈرە ھۇد 120ـئايەت].

4 ـ كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىغان ۋاقىتلاردا، مۇسۇلمانلارغا كافىرلار تەرىپىدىن ھەمىشە ئەزىيەتلەر كېلىپ تۇراتتى. ئاللاھ ئۇلارنى

سەۋرچانلىقتا يېتەكلەش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دىن ھەر بىر ئەھۋالغا مۇناسىپ ھالدا قىسسەلەرنى چۈشۈرۈپ تۇراتتى. چۈنكى بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ باشلىرىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كۈلپەتلەر ئالدىدا تىز پۈكمەستىن، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغانلىقى كېيىنكىلەرنىڭ مۇستەھكەم بولۇشلىرى ئۈچۈن چوڭ ئىبرەت ئىدى.

توققۇزىنچى باب

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر

ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئالتە ھەقىقەتنىڭ بايانى

بىرىنچى ھەقىقەت:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا مەيدانغا چىققان مۆجىزىلەر بولۇپ، بۇلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى تۈرى: ئۆتمۈش ۋە كېلەچەككە ئائىت بولغان ئىشلار ھەققىدە بېرىلگەن خەۋەر بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتمۈشتە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىكلەردىن بەرگەن خەۋەرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇ بىرەر كىتاب ئوقۇماستىن، ياكى بىرەر كىشىدىن تەلىم ئالماستىن تۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى ئۈممەتلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى، ئۇ زامانلاردا بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىلەر، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە ئىبرەتلىك بايانلارنى قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تِلْكَ مِنْ أَنبَاءِ الْغَيْبِ نُوحِيهَا إِلَيْكَ ۖ مَا كُنتَ تَعْلَمُهَا أَنتَ وَلَا قَوْمُكَ مِن قَبْلِ هَٰذَا﴾ تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد!) ئەنە شۇ (قىسسە) غەيبكە ئائىت خەۋەرلەردىندۇر، ساڭا ئۇنى ۋەھيي قىلدۇق، سەن ۋە سېنىڭ قەۋمىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى بىلمەيتتى.» [سۈرە ھۇد 49- ئايەت].

بەزى قىسسىلەرنىڭ بايانىدا «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئەھلى كىتابلارنىڭ كىتابلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئوخشاشماسلىقلار، ئۇلارنىڭ ئۆز كىتابلىرىنى ھەر زامان قەستەن ئۆزگەرتىپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلاردىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ هَٰذَا الْقُرْآنَ يَقُصُّ

عَلَىٰ بَنِي إِسْرَائِيلَ أَكْثَرَ الَّذِي هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ﴾ تەرجىمىسى: «بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئىسرائىل ئەۋلادىغا ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ كۆپىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.» [سۇرە نەمل 76- ئايەت].

كېلەچەكتە ئائىت بولغان خەۋەرلەر ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرمۇ ناھايىتى كۆپتۇر:

1 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا مەككىنىڭ، قۇددۇسنىڭ، يەمەننىڭ، شام ۋە ئىراقنىڭ فەتھى قىلىنىدىغانلىقى، خەيبەرنىڭ ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن فەتھى قىلىنىدىغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرانلىقلار (پارسلار) بىلەن رۇملۇقلارنىڭ بايلىقلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ ئۈلۈشىدىغانلىقى، ئىرانلىقلارنىڭ قىزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەتچى بولىدىغانلىقى، ئىرانلىقلارنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى، رۇملۇقلار (يەنى رىملىق پىرەنكلەر ۋە باشقا خىرىستىيانلار)نىڭ ئارقا ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ ھالاك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن خەۋەر بەرگەن، بۇ ئىشلار ئەمەلىيەتتە شۇ بويىچە ساھابىلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئەمەلگە ئاشقان.

2 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتنىنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلانىڭ بۆلۈنىشىنىڭ) ھەزرىتى ئۆمەر ئۆلمەستىن باش كۆتۈرمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بەرگەن. ئەمەلىيەتتە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا پىتنە باشلانغان.

3 ـ ھەزرىتى ئوسماننىڭ «قۇرئان كەرىم» ئوقۇپ ئولتۇرغان يېرىدە شەھىد قىلىنىدىغانلىقى، ھەزرىتى ئەلىنى شەقىيلەردىن بىرى ئۆلتۈرىدىغانلىقى، ئەممارنى ئىسيانكار گۇرۇھلارنىڭ ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىن خەۋەر بەرگەن بولۇپ، بۇ ئۈچ ساھابە خەۋەر بېرىلگەن بويىچە شەھىد قىلىنغان.

4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف قەبىلىسىدىن بىر ئالدامچىنىڭ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىقىدىغانلىقى ۋە ھالاكەتلىك بىر ئادەمنىڭ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بەرگەن. ئەمەلىيەتتە سەقىف قەبىلىسىدىن بۇ قەبىلىنىڭ كاتتىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىقىپ، كىشىلەرنى ئازدۇرۇشقا تىرىشقاندا ئۇنى بەسرە شەھىرىنىڭ ئەمىرى مۇسئەب ئىبنى زۇبەيىر ھىجرىيەنىڭ 67 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 687 ـ يىلى) كۇفە شەھىرىدە ئۆلتۈردۇ. ئەمما ھالاكەتلىك ئادەم بولسا، ھىجرىيەنىڭ 95 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 714 ـ يىلى) ئۆلگەن ھەججاج ئىبنى يۇسۇف ئەسسەقەفي ئىدى. (بۇ ئادەم مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن چىققان زالىم ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇ ئىراققا ۋالىي بولغان ۋاقتىدا ناھەق ھالدا كۆپ قان تۆككەن. شۇڭا ئۇ تارىختا «زالىم ھەججاج» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ـ ت)

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇددۇس فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ۋابا كېسەلى تارقىلىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە قۇددۇس فەتھى قىلىنىدۇ ۋە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇددۇس شەھىرىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغان ئەمۋاس يېزىسىدا ۋابا كېسەلى تارقىلىپ 70 مىڭ ئادەم ھالاك بولىدۇ. بۇ ئىسلام تارىخىدا بىرىنچى قېتىم تارقالغان ۋابا ئىدى.

6 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەلھان ئەنسارنىڭ قىزى ئۇممۇ ھەرامنىڭ، باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن كېمىدە يۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ جورىسى ئۇبادە ئىبنى سامىت ۋە مۇسۇلمانلاردىن كۆپ كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە قىبرىس ئارىلىنى فەتھى قىلىش يولىدا دېڭىزغا كىرىدۇ. ئۇ دېڭىزدىن چىقىپ ئۇلاغقا مىنىش ئالدىدا ۋاپات بولۇپ، شۇ جايغا دەفنە قىلىنىدۇ. بۇ ۋەقە ھىجرىيەنىڭ 27 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 647 ـ يىلى) ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مۇئاۋىيەنىڭ باشچىلىقىدا بولغان ئىدى.

7 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئاۋۋال يېتىشىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. دېگەندەك ئۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن 6 ئاي كېيىن يەنى ھىجرىيەنىڭ 11 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 632 ـ يىلى) رامىزان ئېيىدا ۋاپات بولغان.

8 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى)نىڭ ۋاستىسى بىلەن، ئاللاھ ئىككى چوڭ گۇرۇھنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەزرىتى ھەسەن ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھىجرىيەنىڭ 40 ـ يىلى خەلىپە بولۇپ سايلىنىدۇ. ئۇ خەلىپە بولۇپ 7 ئايدىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرىنى ياقتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن خەلىپىلىكتىن ئىستىپا بېرىپ، ئورنىنى مۇئاۋىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شام ۋە ئىراق ئەھلىنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىرىنى ئاللاھ ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇ يىل «بىرلىك» يىلى دەپ ئاتىلىپ، تارىخقا يېزىلىدۇ.

9 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۆزىنىڭ نەۋرىسى) ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەففى (فۇرات دەرياسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ۋە كۇفە شەھىرىنىڭ بىر ناھىيەسى، ھازىر كەربالا دەپ ئاتىلىدىغان جاي)دا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئىش خەۋەر بېرىلگەن بويىچە بولغان.

10 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجاز (مەككە) زېمىنىدىن بىر ئوتنىڭ چىقىدىغانلىقى ۋە بۇ ئوتنىڭ شولىسى بەسرە شەھىرىدىكى تۆگىلەرنىڭ بويۇنلىرىنى يورۇتىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. ھىجرىيەنىڭ 654 ـ يىلى جامادىيەلئاخىر (قەمەرىيە 6ـ ئاي)دا مەدىنىگە يېقىن بولغان بىر جايدا چوڭ كۆلەملىك بىر ئوت يانىدۇ. بۇ ئوتنىڭ چوڭلۇقىدىن مەدىنە خەلقى ئۆزلىرىنى ھالاك بولىدۇق، دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. بۇ ئوت ئاخىرى رەجەب (قەمەرىيە 7ـ ئاي)نىڭ 27 ـ كۈنى ئۆچىدۇ. بۇ ئوتنىڭ ۋەقەلىكى تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغاندۇر. بۇ ماۋزۇدا مەخسۇس كىتابلارمۇ يېزىلغان. بۇخارى ۋە مۇسلىملار بۇ ۋەقە بولۇشتىن 400 يىل بۇرۇن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە ئاساسلىنىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە قەيت قىلغان.

ئىككىنچى تۈرى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئەمەلگە ئاشقان مۆجىزىلەر (خارىقى ئادەت ئىشلار) بولۇپ، ئىسلام تارىخىدا بۇ ئىشلارنىڭ سانىنى 100 دىن ئارتۇق، دەپ قەيت قىلغان. تۆۋەندە ئۇنىڭ بەزىسىنى بايان قىلىمىز:

1 ـ ئىسرا ۋە مىئراج:

ئىسرا: ئاللاھنىڭ كېچىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسجىدى ھەرامدىن مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بارغانلىقى، مىئراج: رەسۇلۇللاھنى ئۇ يەردىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، يەنە قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى دېمەكتۇر. (ت)

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَىٰ بِعَبْدِهِ لَيْلًا مِّنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى الَّذِي بَارَكْنَا حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَا﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى.» [سۈرە ئىسرا 1-ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

شۈبھىسىزكى، ئىسرا ۋە مىئراجدىن ئىبارەت بۇ ۋەقەلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويغاق ھالىتىدە جىسمى ۋە روھى بىلەن بىرلىكتە ئەمەلگە ئاشقان. چۈنكى ئايەتتىكى «بەندىمىز» سۆزى جىسىم ۋە روھ ئىككىسىنىڭ بىرلەشكىنىگە قوللىنىلىدۇ. شۇڭا كافىرلار بۇ ئىشنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغانلىقتىن ئۇنى ئىنكار قىلغان. ئەگەر بۇ ئىش جىسىم بىلەن روھنىڭ بىرلىكتە ۋە ئۇنىڭ ئويغاق ھالىتىدە بولمىغان بولسا، كافىرلارنىڭ ئېھتىمالدىن يىراق سانىشىغا سەۋەب بولمىغان بولاتتى. چۈنكى چۈشتە كۆرگەن ئىشلار يىراق سانالمايدۇ ۋە ئىنكار قىلىنمايدۇ. ئادەتتە بىر كىشى چۈشىدە شەرق بىلەن غەربلەردە ئۇچقانلىقىنى داۋا قىلسا ئۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. ئىسرا ۋە مىئراجنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويغاقلىقىدا ئۇنىڭ جىسمى ۋە روھى بىلەن بىرلىكتە بولغانلىقى ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان مەسىلىدۇر. ئەقلىي جەھەتتىن شۇڭا ئۇنى مۆجىزە دەيمىز. چۈنكى مۆجىزە ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە خىلاپ ھالدا ئىشقا

ئاشقان ئاجايىپ ئىشلاردۇر. ئاللاھ بۇنداق مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئەمما نەقلىي جەھەتتىن، جىسمىنىڭ ئاسمانغا چىقىشى يىراق سانىلىدىغان ئىش ئەمەس، چۈنكى ئەھلى كىتابلارنىڭ كىتابلىرىدىمۇ بۇنداق خەۋەرلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ئەخنۇخ (يەنى ئىدرىس پەيغەمبەر) ئاللاھ بىلەن يۈردى، ئاندىن ئۇ كۆرۈنمىدى، چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ئېلىپ كەتكەن.» (تەۋرات «يارىتىلىش» 5 : 24) بۇ تېكىست ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسمانغا تىرىك ھالىتىدە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. خىرىستىيانلارمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە، ئىسا ئۆلتۈرۈلۈپ دەفنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قەبرىسىدىن تىرىلىپ تۇردى، ئاندىن ئاسمانغا چىقىپ ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئورۇن ئالدى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسرا ۋە مىئراجىغا ئەقلىي ۋە نەقلىي جەھەتتىن ھېچبىر ئىنكار قىلىشىغا ھەرگىزمۇ ئورۇن يوقتۇر.

2 ـ ئاينىڭ يېرىلغانلىق مۆجىزىسى:

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانشَقَّ الْقَمَرُ﴾ تەرجىمىسى: «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى.» [سۈرە قەمەر 1 ـ ئايەت].

سەھىھ ھەدىسلەرمۇ ئاينىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن، يېرىلغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. دېمەك؛ بۇ ھادىسىنىڭ بولغانلىقى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەر ئارقىلىق ئىسپاتلانغان. خىرىستىيان ئالىملىرىنىڭ بۇ ھادىسە توغرىلىق قىلغان ئەڭ كۈچلۈك شۈبھىسى شۇكى، ئەگەر بۇ ھادىسە ئەمەلىيەتتە بولغان بولسا، ئۇنىڭ بولغانلىقىنى يەر شارى ئەھلى بىلگەن بولاتتى ۋە دۇنيادىكى ئاجايىپ ئىشلار تارىخىغا كىرگەن بولاتتى. بۇ ئىش بىزنىڭ

نەزىرىمىزدە ھېچقانداق كۆچكە ئىگە بولمىغان بىر شۈبھەدۇر، دەيدۇ. ئۇنىڭ جاۋابى مۇنداق:

1 ـ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن توپان بالاسىمۇ ئالاھىدە مەشھۇر ۋە چوڭ بىر ۋەقەلىك ئىدى. توپان بالاسى دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا ئورتاق بولغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بايانىدىن بۇرۇنمۇ تەۋرات «يارىتىلىش» 71~81ـ بابلىرىدا توپان بالاسى بايان قىلىنغان. لېكىن ھىندىستان، پارس، خىتاي ۋە كالكۇتتا بۇددىستلىرى بۇ ھادىسىنىڭ بولغانلىقىنى پۈتۈن جېنى بىلەن ئىنكار قىلىدۇ. غەرب خىرىستىيانلىرىمۇ بۇ ھادىسىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇنى بايان قىلغانلارغا مەسخىرە بىلەن كۈلىدۇ. خىرىستىيان ئالىملىرى شەرق بۇددىستلىرىنىڭ توپان بالاسىنى ئىنكار قىلىشلىرىغا، ئۆز دىنداشلىرىدىن بولغان غەرب خىرىستىيانلىرىنىڭ بۇ ۋەقەلىككە مەسخىرە بىلەن قاراشلىرىغا رازى بولامدۇ؟.

2 ـ يۇشەئ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن كۈن تۇتۇلغانلىقى تەۋرات «يۇشەئ» 10 : 12 ـ، 13 ـ تېكىستلەردە قەيت قىلىنغان. ئەھلى كىتاب تارىخچىلىرى ۋە مۇپەسسىرلىرى يۇشەئ ئۈچۈن 24 سائەت كۈن تۇتۇلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ چوڭ ھادىسە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1450 ـ يىلى بولغان. بۇنداق چوڭ ھادىسىنى پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ كۆرۈشى كېرەك ئىدى. چۈنكى كۈن تۇتۇلغاندا كۈندۈز بولغان بەلۋاغلاردا ئاسماننىڭ بۇلۇتلۇق بولۇشىمۇ كىشىلەرنى بۇ ھادىسىنى كۆرۈشتىن توسالمايدۇ. شۇنىڭدەك، كۈن تۇتۇلغان ۋاقىتتا كېچە بولغان بەلۋاغلاردىكى كىشىلەرمۇ كېچىنىڭ 24 سائەت ئۇزارغىنىدىن بۇ ھادىسىنى بىلمەي قالمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپ ھىندىستان، پارس ۋە خىتاي بۇددىستلىرى بۇ ھادىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تارىخلىرىمۇ بۇنى بايان

قىلمايدۇ. ياۋروپالىقلار بولسا بۇ ۋەقەلىكنى بولغان دەپ ئىشەنگۈچىلەرگە مەسخىرە بىلەن كۈلىدۇ. خىرىستىيانلار ئۆز كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان بۇ ھادىسىگە شەرق بۇددىستلىرىنىڭ ئىنكار قىلىشىغا ۋە ئۆز قەۋملىرىنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىشىغا رازى بولۇپ تۇرامدۇ؟.

3 ـ ئىنجىل «مەتتا» 27 : 51~53ـ تېكىستلەردە ئۆلۈلەرنىڭ گۇمانىغا كۆرە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىستا ئۆلتۈرۈلگىنىدىن كېيىنلا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى بايان قىلغان. بۇ ھادىسىلەردىن ئىبادەتخانىنىڭ يىرىلغانلىقى، يەر تەۋرىگەنلىكى، تاشلارنىڭ پارچىلانغانلىقى، قەبرىلەرنىڭ ئېچىلغانلىقى، ئۆلۈغلارنىڭ قەبرىلىرىدىن چىققانلىقى، ئۆلۈلەرنىڭ قۇددۇسقا كىرگەنلىكى، ئۆلۈلەرنى كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆرگەنلىكى قاتارلىق (بۇ ھادىسىلەرنىڭغۇ ھەممىسى يالغان) ھادىسىلەر رىملىقلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ كىتابلىرىدا يوق. بەلكى ئىنجىل «يۇھەننا»دىمۇ يوق. ئەمما ئىنجىل «ماركوس» ۋە«لۇقا»لاردا پەقەت ئىبادەتخانىنىڭ يىرىلغانلىقىلا قەيت قىلىنغان. شۇڭا بەزى خىرىستىيانلار بۇ ۋەقەلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ «بەلكى مەتتا چۈشىدە شۇنداق كۆرگەن بولۇشى كېرەك» دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلغان. «لۇقا»دىكى تېكىستتىن ئىبادەتخانىنىڭ يىرىلغانلىقىنىڭ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمىدىن بۇرۇن بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئەمما «مەتتا» ۋە «ماركوس»نىڭ تېكىستلىرىدىن بۇ ھادىسىنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. خىرىستىيان ئالىملىرى بۇ زىتلىقلارنى قانداق يول بىلەن ھەل قىلالايدۇ؟!.

4 ـ ئىنجىل «مەتتا» 3 : 16 ـ، 17، «ماركوس» 1 : 10 ـ، 11، «لۇقا» 3 : 21 ـ، 22 ـ تېكىستلىرىدە چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا، ئىسانى ئىوردۇن دەرياسىدا

چۈمۈلدۈردى. ئىسا سۈدىن چىققان ۋاقىتىدا ئاسمان يېرىلدى ۋە ئېچىلدى، ئۇنىڭغا مۇقەددەس روھ كەپتەر سۈرىتىدە كېلىپ قوندى. ئاندىن ئاسماندىن بىر ئاۋاز كېلىپ «بۇ مېنى شاھ قىلغان ئۇلۇغ زاتىنىڭ ئوغلى» دېيىلدى، دەپ قەيت قىلىنغان. ئاسماننىڭ يېرىلغانلىقى ۋە ئېچىلغانلىقى كۆندۈزدە بولغان ئىكەن، ئۇنى پۈتۈن دۇنيا ئەھلى كۆرۈشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭدەك، ئاسماندىن كەلگەن ئاۋازنى ئاڭلاش ئۇ يەردىكى كىشىلەردىن بىرسىگە خاس بولماستىن، بەلكى كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىشى مۇمكىن ئىدى ۋە تارىخلاردا يېزىلىشى زۆرۈر ئىدى. ھالبۇكى شۇ زاماننىڭ تارىخچىلىرىدىن ھېچبىر كىشى بۇ ۋەقەنى يازمىغان. پەقەت ئۆچ ئىنجىلدىلا بۇ ۋەقە يېزىلغان. شۇڭا بۇ ئىش ياۋروپالىقلارنىڭ كۆلكىسىگە قالغان، ئۇلار: ئاسماندىن چۈشكەن كەپتەر يەنە ئاسمانغا قايتىپ كەتكەنمۇ؟ ياكى ئۇنى بىرسى تۇتۇۋالغانمۇ؟، ئاسماننىڭ يېرىلغانلىقى قانچە ۋاقىت داۋام قىلغان؟، بۇ ئىشنى پۈتۈن ئىنسانلار كۆرگەنمۇ؟، نېمە ئۈچۈن «مەتتا» بۇ ئىشنى بايان قىلمىغان؟ دېگەن سوئاللارنى قويغان. خىرىستىيان ئالىملىرى بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەلەيدۇ؟، بۇنداق بولغان ئىكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئائىت يېرىلغانلىق مۆجىزىسىنى ئىنكار قىلىش ھەقسىزلىقتۇر.

3 ـ ئاز سۇنىڭ كۆپەيگەنلىك مۆجىزىسى:

ئاز سۇنىڭ كۆپىيىشىدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ قېتىم سادىر بولغان. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىز مەدىنىنىڭ بازارلىرىدا ئىدۇق، نامازئەسىرنىڭ ۋاقتى كىردى، كىشىلەر تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ ئىزدەپ تاپالمىدى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىدە ئازراق سۇ بولغان بىر قاچىغا قولىنى

تىقىۋىدى، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ئاندىن كىشىلەر بۇ سۇدىن ئارقا ـ ئارقىدىن تاھارەت ئېلىشتى.» [بۇخارى رىۋايىتى]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «كىشىلەر ھۇدەيبىيە كۈنى قاتتىق ئۇسساپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ يېنىدا سۇ يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا كىچىك بىر قاچىدا ئازراق سۇ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى تىقىۋىدى، سۇلار ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن بولاقتەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ھەممە كىشى شۇ سۇدىن ئىچىشتى، ئۇلارنىڭ سانى 1400 كىشى ئىدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بەۋات غازىتىدا كىشىلەر سۇسىز قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قاچا كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قولىنى سېلىپ تۇرۇپ ھەممىمىزنى ئۇنىڭدىن تاھارەت ئېلىشقا ۋە ئىچىشكە بۇيرىدى، ئۇنىڭدىن چىققان سۇدىن ھەممە كىشى پايدىلاندى، ھەتتا بىرمۇ كىشى سۇسىز قالمىدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى قاچىدىن تارتىۋىدى، قاچا يەنە تولغان ھالدا قالدى.» [بۇخارى رىۋايىتى].

ئۇنىڭدىن باشقا مۇئاز، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارمۇ بۇ ماۋزۇدا ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان.

4 ـ ئاز تاماقنىڭ كۆپ كىشىنى تويغۇزغانلىق مۆجىزىسى:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قانچە تال ئارپىنى ئېلىپ كېلىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن 80 كىشىنى تويغۇزدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «خەندەك غازىتى بولغان كۈنى مەن بىرسا (يەنى 3 كىلو) ئارپىنى ئەزدىم ۋە كىچىك بىر قوزىنى سويۇپ بىر قازاندا پۇشۇردۇم، ئاندىن ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىۋىدىم، ئۇ ئارپىغا ۋە قازانغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن مىڭدىن كۆپ كىشى ئۇنىڭدىن تويۇنۇپ غىزالاندى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپكە ئۆيلەنگەن كۈنى مېنىڭ كىشىلەرنى زىياپەتكە چاقىرىشىمنى بۇيرىدى، ھەتتا بۇ ئۆي ئادەمگە لىق تولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كىچىك بىر قاچىنى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئازراق خورما بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قاچىنىڭ ئاغزىنى ئۈچ بارمىقى بىلەن تۇتۇپ تۇردى ۋە كىشىلەر ئۇنىڭدىن تويغۇچە غىزالاندى، ئاندىن قولىنى قاچىدىن تارتىۋىدى، قاچا بۇرۇنقى ھالىتى بويىچە قالدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرىگە يەتكۇدەك تاماق تەييارلاپ بۇ ئىككىسىنى چاقىرغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلارنىڭ كاتتىلىرىدىن 30 كىشىنى بىرگە چاقىرىشىمنى بۇيرىدى، ئۇلار كېلىپ غىزالىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە ئاتمىش كىشىنى چاقىرىشىمنى ئېيتتى، ئۇلارنىمۇ چاقىردىم، ئۇلارمۇ كېلىپ غىزالىنىپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن يەنە يەتمىش ئادەمنى چاقىردۇق، ئۇلارمۇ غىزالىنىپ كەتتى. يەنە بىر قانچە كىشىنى چاقىردۇق، ئۇلارمۇ غىزالىنىپ چىقىپ كەتتى، نەتىجىدە مېنىڭ بۇ

ئىككى كىشىلىك تامىقىمىدىن 180 كىشى غىزالاندى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ماۋزۇدا سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب، ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى، سەلمە ئىبنى ئەكۋان، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىنمۇ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

5 ـ دەرەخلەرنىڭ سۆزلىگەنلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى مۆجىزىسى:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر ئەرابى ئىمانغا دەۋەت قىلىنغاندا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "سىنىڭ دىگەنلىرىڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە كىم گۇۋاھ بولالايدۇ؟" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "بۇ دەرەخ گۇۋاھ بولىدۇ" دىيۋىدى، ھىلىقى دەرەخ ئەرابىنىڭ يىنىغا يۆتكىلىپ كىلىپ، "مەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىمەن" دەپ ئۈچ قىتىم قايتىلاپ گۇۋاھلىق بەردى ۋە ئاندىن قايتىپ يەنە ئۆز ئورنىغا كىلىپ تۇردى.» [بۇخارى رىۋايىتى].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ھاجىتى ئۈچۈن بىر خالى جايغا باردى ۋە ئۆزىنى دالدا قىلىشقا بىر نەرسە تاپالمىدى، بۇ ۋاقىتتا ۋادىنىڭ بويىدىكى ئىككى دەرەخنىڭ شىخىنى تۇتۇپ تۇرۇپ "ماڭا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بويسۇنۇڭلار!" دىيۋىدى، بۇ دەرەخلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى تۆگە ئۆز ئىگىسىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەندەك مىڭىپ كەلدى، باشقا بىرىمۇ شۇنداق كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا "ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مىنى دالدىغا ئىلىڭلار" دىدى ۋە

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالدى. ئۇ ھاجىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بۇ ئىككى دەرەخ قايتىپ ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئورۇن ئالدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئون ساھابىنىڭ بىردەك رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن، «مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ ئۈستى خورما ياغاچلىرى بىلەن تۇرغۇزۇلغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇغاندا بۇ ياغاچلاردىن بىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى، مەسجىدكە مۇنبەر ياسالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيدىغان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋاتقان بىر كۈنى، بۇ ياغاچتىن خۇددى تۆگىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل يىغا ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. بۇ ياغاچ ئەمەلىيەتتە يىغلىغان ئىدى. مەسجىدتىكى ساھابىلەرمۇ بۇنى ئاڭلاش بىلەن قاتتىق يىغا-زارە قىلىشىپ كەتتى. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ياغاچقا قولىنى قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يىغىسى توختىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى: بۇ ياغاچ ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئوقۇلىدىغان ئاللاھنىڭ زىكرىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلىدى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن ئۇنى تۇتمىغان بولسام، ئۇ تا قىيامەتكىچە يىغلايتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ياغاچنى مۇنبەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈشكە بۇيرۇق قىلدى ۋە شۇنداق قىلىندى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

6 ـ بۇتلارنىڭ ئۆرۈلگەنلىك مۆجىزىسى:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، «كەبىنىڭ ئىچىدە تاشتىن ياسالغان 360 بۇت بار ئىدى، مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىگە كىرىپ، قولىدىكى ھاسىسى بىلەن ئىشارەت قىلغان ھالدا: "ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ." دېگەن ئايەتنى ئوقۇشقا باشلىدى، ھاسا قايسى بۇتقا قارىتىلسا شۇ بۇت دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئاخىرى شۇنداق قىلىپ ھەممە بۇتلار يۈزىچە يەرگە چۈشۈپ تۈگىدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بۇتلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ئەمرى قىلدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

7 ـ كېسەللەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا شىپا تاپقانلىقى:

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «قەتادە ئىبنى نەمانىنىڭ كۆزى ئۇھۇد غازىتىدا يارىلانغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆزىنى مۇبارەك قولى بىلەن سىلىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئەسلىگە كەلدى ۋە ئۇ، بۇ كۆزىنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولغانلىقىنى ئېيتتى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئۇسمان ئىبنى جۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر ئەما كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، "يا رەسۇلۇللاھ! ئاللاھقا دۇئا قىل، مېنىڭ كۆزۈم ئېچىلسۇن" دەپ يالۋۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قىلىنىدىغان دۇئالارنى ئۆگەتتى ۋە ئۇ ئادەم قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى]

كۆپ ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە «خەسئەم قەبىلىسىدىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا تىلسىز بىر بالىسىنى ئېلىپ

كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بالىنىڭ ئېغىزىنى ۋە ئىككى قولىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ، بۇ سۇدىن ئانىسىغا بەردى، ئانىسى سۇنى بالىسىغا ئىچكۈزۈۋىدى، ئۇنىڭ تىلى سۆزگە كەلدى ۋە ئەقلىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەقلىدىن ئالاھىدە ئاشتى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

8 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ھامان ئىجابەت بولغانلىقى:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مال-مۈلكۈمنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىمنىڭ كۆپ بولۇشىغا دۇئا قىلغان ئىدى، ئەمەلىيەتتە مال دۇنيالىرىم ھەسسىلەپ كۆپەيدى، بالىلىرىم ۋە نەۋرىلىرىم بولۇپ، ھەممىسى ھازىر يۈزدىن ئاشىدۇ.» [بۇخارى رىۋايىتى].

كىسرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلغان مەكتۇپىنى يىرتقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋال تېپىشىغا دۇئا قىلغان ئىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ قولى بىلەن يەر يۈزىدىن ئۇزۇل-كېسىل يوقالدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «بىر جۈمە كۈنلۈكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى، بىر ئەرابى مەسجىدكە كىرىپ قۇرغاقچىلىقتىن شىكايەت قىلدى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامغۇر تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە شۇ ھامان قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى، ھەتتا بۇ جۈمەدىن كېلىدىغان جۈمەگىچە يامغۇر توختىمىغانلىقتىن كۈننى كۆرگىلىمۇ بولمىدى، كېيىنكى جۈمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە خۇتبىگە چىققاندا ھېلىقى ئەرابى يامغۇرنىڭ كۆپلىكىدىن شىكايەت قىلىۋىدى،

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن تەڭ يامغۇر توختىدى.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

يەنە كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە كۆرە: نابىغە ئەلجەئدى ئىسىملىك بىر شائىر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىدا شېئىر ئوقۇۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ شېئىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، «ئاللاھ سېنىڭ ئاغزىڭغا دەرد بەرمىسۇن!» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى، بۇ ئادەم 120 ياشتا ئۆلگەن ۋە شۇ ۋاقىتقىچە بىر تالمۇ چىشى چۈشمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر كۈنى سول قولى بىلەن بىر نەرسە يەۋاتقان بىر ئادەمگە: «ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن!» دېۋىدى، ئۇ ئادەم ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ: "مەن ئوڭ قولۇم بىلەن يېيەلمەيمەن" دېدى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «يېيەلمىگەيسەن» دېدى ۋە ئۇ ئادەم قولىنى ئاغزىغا ھېچ ئاپىرالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىدىن باشقا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قولىدا مەيدانغا كەلگەن مۆجىزىلەر ناھايىتى كۆپتۇر. بۇ ئەسەر بۇ ھەقتە بولمىغاچقا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ئىزدەنگۈچىلەر بولسا مۆجىزە ھەققىدە يېزىلغان مەخسۇس كىتابلارغا، تارىخ ۋە ھەدىس كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلسۇن.

ئىككىنچى ھەقىقەت:

مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامدا ئېسىل سۈپەتلەر، گۈزەل ئەخلاقلارنى ئىلمىي ۋە ئەمەلىي كامالەتلەر ۋە ئۇنىدىن باشقا پەيغەمبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى بولغانلىقى بولۇپ، بۇلار مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولۇۋاتقانلارمۇ ئۇنىڭ بۇ پەزىلەتلىرىگە ئىقرار قىلماي قالمىغان.

ئۈچىنچى ھەقىقەت:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام شەرىئىتى ئېتىقاد، ئىبادەت، مۇئامىلە، سىياسەت، جازا ۋە مۇكاپات، ئەخلاق ۋە ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ شەرىئەتتىكى كامالەت ۋە گۈزەللىكلەرگە نەزەر سالغان كىشى، بۇنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق ئەلچى ئىكەنلىكىگە قانائەتلەنمەي تۇرالمايدۇ.

تۆتىنچى ھەقىقەت:

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىتابتىن، ياكى ھېكمەتتىن ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغان، ياكى ئۆگەنمىگەن جاھىل بىر قەۋمنىڭ ئىچىدىن چىقتى ۋە ئۇلارغا نۇرلۇق كىتاب (قۇرئان)نى، ھېكمەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلارنى ئىمان ۋە ئەمەلگە چاقىردى، ئۇ ياردەمچىلىرىنىڭ ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ يېتەرسىزلىكىگە قارىماي، پۈتۈن دۇنيانىڭ زالىملىرىغا قارشى ھالدا ئۆز دىنىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۈچلىرى، ھاكىمىيەتلىرى تارمار قىلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ دىنى دۇنيانىڭ شەرق ۋە غەرب ھەممىلا جايلىرىدا نۇر چېچىشقا باشلىدى. بۇ دىن بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. زامانىنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە گۈللىنىشى تېزلەشتى. ئەھلى كىتابتىن، مۇشرىكلاردىن، بۇددىستلاردىن ۋە خۇداسىزلاردىن بولۇپ، بىر يۈرۈش دۈشمەنلىنىڭ بۇ دىنى يەر شارىدىن يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە مېھنەتلىرى پۈتۈنلەي پايدىسىز بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ

ئەكسىچە، ئىسلام دىنى ئەقلى ساغلام كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ نۇرى بارغانسېرى پارلىماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ؟، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى ئەمەسمۇ؟!.

يەھۇدىي، خىرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچىدۇر. مەسىلەن: تەۋرات «زەبۇر» 6 : 1 تېكىستتە «چۈنكى رەب ياخشىلارنىڭ يولىنى بىلىدۇ، ئەمما يامانلارنىڭ يولى ھامان ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ.» دەپ قەيت قىلىنغان. تەۋرات «زەبۇر» 6 : 5- تېكىستتە «يالغاندىن داۋا قىلغۇچىلار ھالاك بولىدۇ. قانخور، ئالدامچى كىشىنى رەب ياقتۇرمايدۇ.»، تەۋرات «زەبۇر» 37 : 17~20 - تېكىستلەردە «چۈنكى ئالدامچىلارنىڭ داۋاسى ھامان تۈگىشىدۇ، رەب راستچىللارنىڭ ياردەمچىسىدۇر. چۈنكى يالغانچىلار ھالاك بولىدۇ. رەبنىڭ دۈشمەنلىرى تۈتۈندەكلا يوقىلىپ كېتىدۇ.» دەپ قەيت قىلىنغان. تەۋرات «زەبۇر» 16 : 34- تېكىستتە «رەب يامان ئىش قىلغۇچىلارنىڭ تەسىرىنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە تەيياردۇر.» دەپ قەيت قىلىنغان.

ئىنجىل «ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرى»5 : 35~39 - تېكىستلەردە «ئاندىن ئۇلارغا دېدىكى: ئەي ئىسرائىللىقلار! شۇ ئىنسانلارغا ئالدىنىپ كېتىشتىن ئۆزۈڭلارغا دىققەت قىلىڭلار، چۈنكى بۇندىن بۇرۇن سۇداس دېگەن بىرسى يالغان داۋا بىلەن، مەيدانغا چىققان ۋە ئۇنىڭغا 400 گە يېقىن ئادەم ئەگەشكەن ئىدى، ئاندىن ئۇ ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرمۇ يەر يۈزىدىن يوق بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەھۇزا يالغان داۋا بىلەن ئۆزىنى ئېلان قىلىپ چىقىۋىدى، ئۇنىڭغا كۆپ كىشىلەر ئەگەشتى، ئاندىن ئۇمۇ ھالاك بولدى، ئەگەشكۈچىلىرىمۇ

تورۇپ كەتتى. ھازىر مەن سىلەرگە دەيمەنكى، سىلەر ئۇنداق كىشىلەردىن يىراق تۇرۇڭلار، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ داۋا قىلغان نەرسىسى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان پىكىرلەر بولغان بولسا، ئۇ ھامان ئۆزلۈكىدىن تۈگىشىدۇ، ئەگەر ئۇ ئاللاھتىن كەلگەن بولسا سىلەرمۇ ئۇنى يوق قىلالمايسىلەر».

يۇقىرىدىكى تېكىستلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغاندىن ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ داۋا قىلغان بولسا، رەب (يەنى ئاللاھ) ھامان ئۇنى ھالاك قىلغان بولاتتى، ئۇنىڭ تەسىرىنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋەتكەن بولاتتى، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئاللىبۇرۇن تۈگەشكەن بولاتتى ۋە ئۇنىڭ دىنى خۇددى بىر ئازدىن كېيىن يوقىلىپ كەتكەن تۈتۈنگەكلا يەر يۈزىدىن يوقالغان بولاتتى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنىڭ ياردىمىنى ھېچبىر زامان ئايىمىدى، ئۇنىڭ دىنىنى كۈچلەندۈردى، دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەدھىيەلىنىدىغان، ئۇنىڭ نامى، شۆھرىتى ۋە ھەق دىنى تا قىيامەتكىچە ئەزىزلىنىدىغان، ھېچ زاۋاللىققا يۈز تۇتمايدىغان قىلدى. شۇنىڭدىن ئىسپاتلاندىكى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشلىرى، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىغا ئىنكار قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زاماندا چىققانلىقى ھەقىقەتتە ئاللاھقا قارشى چىققانلىقى ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُونَ لِيُطْفِئُوا نُورَ اللَّهِ بِأَفْوَاهِهِمْ وَاللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئاللاھنىڭ نۇرلۇق دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كافىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ

نۇرنى مۇكەممەل (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارا) قىلغۇچىدۇر.» [سۈرە سەف 8-ئايەت].

بەشىنچى ھەقىقەت:

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنى توغرا يولغا باشلايدىغان، ھەق دىنغا چاقىرىدىغان بىرەر كىشىگە قاتتىق ئېھتىياجلىق بولغان بىر ۋەزىيەتتە ئەۋەتىلدى. ئەرەبلەر بۇتلارغا، پارسلار ئىككى ئىلاھقا، ھىندىستانلىقلار كالىغا ۋە دەرەخكە، يەھۇدىيلار يەھۇدىي دىنىنى بۇزغان ماددىزمچىلارغا، خىرىستىيانلار ئۈچ ئىلاھقا چوقۇناتتى. ئۇندىن باشقا خەلقلەرمۇ ھەرخىل زالالەتلەرنىڭ پاتقاقلىرىدا ئىدى. ئاللاھنىڭ چەكسىز ھېكمىتى ۋە ئىلمى بۇ ۋاقىتتا بىرەر پەيغەمبەر ئەۋەتىش ئارقىلىق يەر شارى ئەھلىنى ئۆز رەھمىتىدىن بەھرىمەن قىلىشنى تەقەززا قىلدى. كىشىلەرنى ئازغۇنلۇقلاردىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى توغرا دىنغا يېتەكلەشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرسى ئورۇنلىغان ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ياردىمى بىلەن كۇفرىنىڭ ۋە شېرىكنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنى تەۋھىد نۇرى بىلەن يورۇتتى، يەر شارىغا ھەقىقەت مەشئىلىنى ياقتى. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَهْلَ الْكِتَابِ قَدْ جَاءَكُمْ رَسُولُنَا يُبَيِّنُ لَكُمْ عَلَىٰ فَتْرَةٍ مِّنَ الرُّسُلِ أَن تَقُولُوا مَا جَاءَنَا مِن بَشِيرٍ وَلَا نَذِيرٍ ۖ فَقَدْ جَاءَكُم بَشِيرٌ وَنَذِيرٌ﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئەھلى كىتاب! بىزگە (ساۋاب بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئازابتىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلمىدى دېمەسلىكىڭلار ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان بىر زاماندا سىلەرگە (شەرىئەتنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدىغان رەسۇلىمىز كەلدى، ھەقىقەتەن

سىلەرگە خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى، ئەمدى سىلەرگە ئۆزرە قالمىدى.» [سۈرە مائىدە 19 ـ ئايەت].

ئالتىنچى ھەقىقەت:

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتابلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەتلەر بېرىلگەن. بىز بۇ بېشارەتلەرنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكى ئىشلار ئەسكەرتىلىدۇ:

1 ـ ئىسرائىل سۇلالىسىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر بۇختەنەسسەر، قۇرىيش، ئالېكساندىر ھادىسىلىرى، ئەدۇەم زېمىنىدا، مىسىردا بولىدىغان ۋەقەلىكلەر، بابىل ئەسىرلىكى ۋە باشقىلار قاتارلىق كۆپلىگەن ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلىكلەردىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن. يۇقىرىدىكى پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئوچۇق بىر بېشارەت بەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ دىنى دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ دىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەرق ۋە غەرب ئەللىرىگە تېز سۈرئەتتە تارقالغاندىن كېيىن، ئۇ جايلاردىكى بارلىق دىنلار زاۋاللىققا يۈزلەندى. ئۇنىڭ دىنى تارقالغاندىن كېيىن دۇنيانى تىترىتىپ تۇرىدىغان پارس ۋە رۇم ئىمپېراتورلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىمپېراتورلۇق تەختتىن چۈشتى. ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ دىيارلىرىدا نۇر چاچتى. بۇنداق بىر چوڭ ھادىسە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئالدىن خەۋەر بەرگەن بارلىق ھادىسىلەردىن ۋە ۋەقەلىكلەردىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىك بىر ھادىسىدۇر.

ئۇلار بۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك ۋە چوڭ بولمىغان ئاددى ھادىسىلەردىن خەۋەر بېرىپ، پۈتۈن دۇنياغا ئومۇم بولغان بۇنداق چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىك بىر ھادىسىدىن نېمىشقا خەۋەر بەرمەيدۇ؟!.

2 ـ بۇرۇنقى پەيغەمبەرنىڭ كېيىن كېلىدىغان بىر پەيغەمبەر ھەققىدە بېشارەت بېرىشى ئۇچۇن، ئۇنىڭ تەپسىلىي سۆزلىشى شەرت ئەمەس، بەلكى بۇنداق بېشارەتلەر كۆپىنچە ئىجمالىي بولۇپ، ئاۋام خەلقلەر ئۇچۇن مەخپىي ۋە ئالىملار ئۇچۇن ئېنىق بولىدۇ. گاھىدا بۇنداق بېشارەتلەرنى ھەر قانداق ئالىم چۈشىنەلمەيدۇ، ئەمما بېشارەت بېرىلگەن پەيغەمبەر كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەر ۋە ئالامەتلەر، بۇ بېشارەتلەرنى تەستىقلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي ئالىملىرىغا كايىپ مۇنداق دېگەن: «ۋاي! سىلەرگە ئەي دىن ئىگىلىرى، چۈنكى سىلەر مەرىپەتنىڭ ئاچقۇچىنى ئالدىڭلار، ئەمما ئۆزۈڭلار كىرمىدىڭلار ۋە كىرىدىغانلارنىمۇ ئۇنىڭدىن توستۇڭلار.» (ئىنجىل «لۇقا» 11 : 52)

ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەتسىز كەلگەن ئەمەس، بۇ بېشارەتلەر ئاۋام خەلقلەر ئۇچۇن تەپسىلىي بولغان بولسا ئىدى، ئەھلى كىتاب ئالىملىرى ئۇنى يوشۇرالمىغان بولاتتى ۋە ئۇلارمۇ ھەقىقەتنى يوشۇرغانلىق گۇناھى بىلەن ئەيىبلەنمىگەن بولاتتى.

3 ـ يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. «يەھۇدىي ئالىملىرى يەھيا پەيغەمبەردىن: سەن مەسىھمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ ياق، دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، سەن ئىلىيامۇ؟ دەپ سورىدى، يەھيا يەنە: ياق، دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، سەن ئۇنداقتا مۇسا بېشارەت

بەرگەن شۇ پەيغەمبەرمۇ؟ دەپ سورىدى.» (ئىنجىل «يۇھەننا1» 19 : 25) بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلار كۈتۈۋاتقان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىدى. كۈتۈلگەن بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن كەلمىگەنلىكى ئىسپاتلانغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدە ھېچ شۇبھە قالمىدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۆرۈنۈشى قوي سۈرىتىدە، ئىچى بۆرە سۈرەتلىك بولغان يالغانچى پەيغەمبەرلەردىن ھەزەر قىلىڭلار.» (ئىنجىل «مەتتا» 7 : 15) بۇ تېكىستنى تۈتقا قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش قەتئىي خاتادۇر. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىققان ھەر قانداق كىشىدىن ھەزەر قىلىڭلار دېگەن ئەمەس، بەلكى يالغانچى پەيغەمبەرلەردىن ھەزەر قىلىڭلار، دېگەن. بۇ تېكىست راستچىل پەيغەمبەرلەردىنمۇ ھەزەر قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى تونۇش ئۈچۈن باشقا يالغانچىلاردىن ھەزەر قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئىچىدىن يالغاندىن پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىقىدىغان كاززاپلارنىڭ چىقىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەمەلىيەتتىمۇ مىلادىيەنىڭ 1 ـ ئەسىردە كۆپلىگەن يالغانچىلار پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ مەيدانغا چىققان. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئەنە ئاشۇ يالغانچىلاردىن ھەزەر قىلىشقا بۇيرۇغان .

ئۇ يۇقىرىدىكى سۆزىگە ئۇلاپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ مېۋىلىرى ئارقىلىق تونۇيسىلەر. ئۇلار يانتاقتىن ئۈزۈم، تىكەندىن ئەنجۈر ئالامدۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر قانداق ياخشى دەرەخ ياخشى مېۋىلەرنى بېرىدۇ، لېكىن يامان دەرەخ يامان

مېۋىلەرنى بېرىدۇ. ياخشى دەرەخ يامان مېۋە بەرمىگەندەك، يامان دەرەخمۇ ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ. ياخشى مېۋىلەرنى بەرمەيدىغان ھەر قانداق دەرەخ كېسىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارنى سىلەر مېۋىلىرى ئارقىلىق تونۇيسىلەر.» (ئىنجىل «مەتتا» 7 : 16~20)

شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام -ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ مېۋىلىرى دالالەت قىلغاندەك- ھەقىقىي راستچىل پەيغەمبەرلەردىن ئىدى. كاپىرلارنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلىشلىرى ئىناۋەتسىزدۇر. چۈنكى يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. يەھۇدىيلار ئۇچۇن دۇنيادا ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن يامان ئادەم يوقتۇر. شۇنىڭدەك، ياۋروپانىڭ دىنسىزلىرىمۇ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ قىسسىلىرىنى ئاڭلىغانلىرىدا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە كۆپ كىتابلارنى نەشر قىلىپ دۇنياغا تارقاتقان. يەھۇدىيلارنىڭ ۋە ياۋروپالىق دىنسىزلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشلىرى خىرىستىيانلارنىڭ نەزىرىدە ئىناۋەتسىز بولغاندەك، خىرىستىيانلار ۋە باشقىلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلىشلىرىمۇ، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىناۋەتسىزدۇر.

4 ـ ئەھلى كىتابلارنىڭ ئەزەلدىن تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئادىتى شۇكى، ئۇلار مۇقەددەس كىتابلىرىنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلغاندا ئىسىملارنىمۇ تەرجىمە قىلىپ، بۇ ئىسىملارنىڭ شۇ تىلدىكى مەنىلىرىنىلا يازىدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ تېكىستلىرىنى تەپسىر يوللىرى بىلەن گاھ زىيادە، گاھ كەم قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىدۇ. بۇلارنىڭ گۇمانلىرىغا كۆرە ئاللاھ سۆزلىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئىشلار ئۇلاردا ئادەتتىكى ئىشلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەر قايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلىرىنى ئوقۇپ كۆرگەن كىشى بۇنى ھامان

پەرق ئېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن ئوچۇق بېشارەتلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ياكى ئوچۇق بېشارەتنى مەجھۇل قىلىپ قويغان دېسەكمۇ ھەقلىقمىز. چۈنكى بۇنداق ئىشلارنىڭ ئۇلاردىن سادىر بولۇشى تەبىئىي ھالەتتۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىلىرىدىن «مۇھەممەد» ياكى «ئەھمەد» دېگەن ئىسىملارنىڭ ئوچۇق لەۋزى بىلەن بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئادىتى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولغان.

تەۋراتنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى بېشارەتلىرى

تۆۋەندە تەۋراتتىكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بېرىلگەن بېشارەتلەرنى نەقىل قىلىمىز:

بىرىنچى بېشارەت:

تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 17 : 18~20- تېكىستلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى قەيت قىلىنغان: «رەب ماڭا دېدىكى، سۆزلىگەنلىرىڭلارنى ياخشى بىجىرىڭلار! مەن ئۇلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ساڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىمەن. سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قويىمەن، ئۇ ئۇلارغا مېنىڭ تەۋسىيەلىرىم بويىچە سۆزلەيدۇ. ئۇ مېنىڭ نامىمدىن سۆزلىگەندە، مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىغان كىشىدىن مەن ئىنتىقام ئالىمەن.» بۇ بېشارەتتە ۋەدە قىلىنغان پەيغەمبەر يەھۇدىيلار گۇمان قىلغاندەك، يۇشەئ (يۇشەئ) ئەلەيھىسسالاممۇ ئەمەس، ياكى خىرىستىيانلار گۇمان قىلغاندەك ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىيلار تەۋراتتا بېشارەت بېرىلگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ كۈتۈشى بېشارەت بېرىلگەن بۇ پەيغەمبەرنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۆتكەن يۇشەئ ياكى ئۇلار بىلەن زامانداش بولۇپ تۇرغان ئىسا ئەلەيھىسسالام ئەمەسلىكىگە قەتئىي دەلىلدۇر.

2 ـ بۇ بېشارەتتە «ساڭا ئوخشاش» دېگەن سۆز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشارەتتۇر. چۈنكى تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 10: 34 ـ تېكىستتىكى «رەب مۇساغا ئوخشاش بىر پەيغەمبەرنى ئىسرائىل سۇلالىسىدىن چىقارمىدى» دېگەن ھۆكۈمگە كۆرە، ئىسرائىل سۇلالىسىدىن چىققان يۇشەئ بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى يۇشەئ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىدا بولغان ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەگەشىدىغان بىر پەيغەمبەر ئىدى. ئۇنىڭغا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كەلگەندەك، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى، ھالال-ھارامنىڭ چەك ـ چېگرالىرىنى، جازا ۋە مۇكاپاتنى، تاھارەت ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەقىل بىر شەرىئەت كەلگەن ئەمەس. ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەر بولۇپ، ئۇنىڭغا كەلگەن ئىنجىلمۇ يۇقىرىدىكى شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن پۈتۈنلەي خالىدۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن بۇ ئىككى پەيغەمبەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىمايدۇ ۋە بۇلارنىڭ ھېچبىرى بېشارەتتە مەقسەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەمەستۇر.

3 ـ بۇ بېشارەتتىكى «ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن» دېگەن سۆز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشارەتتۇر. چۈنكى ئىسرائىل سۇلالىسىنىڭ 12 قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە مەۋجۇت ئىدى. بېشارەتتىن مەقسەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەگەر ئىسرائىل سۇلالىسىدىن بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ تېكىستتىكى «ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن» دېگەن ئىبارىنىڭ ئورنىغا «ئۇلاردىن» ياكى «ئۇلارنىڭ ئىچىدىن» ياكى «ئۇلارنىڭ كەينىدىن» ياكى «ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن» دېگەن ئىبارىلەردىن بىرەرسى كەلگەن بولاتتى. يۇشەئ بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ

نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياقۇپ (يەنى ئىسرائىل) ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. يۇشەئ بىلەن ئىسا ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن چىققان پەيغەمبەرلەر بولغاچقا بۇ بېشارەتتىن ئۇلار مەقسەت قىلىنمايدۇ. بەلكى بۇ بېشارەتتىن مەقسەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ۋە ئىسھاقنىڭ قېرىندىشى بولغان ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدۇر. تەۋراتتىمۇ ئىسھاق بىلەن ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇچۇن قېرىنداش لەۋزى قوللىنىلغان. مەسىلەن: «يارىتىلىش» 16 : 12 ـ تېكىستتە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام توغرىلىق «ئۇ بارلىق قېرىنداشلىرى ئالدىدا...» دەپ قەيت قىلىنغان. ئىسمائىل ئوغۇللىرى ئىسھاق ئوغۇللىرىنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر. ئىسمائىل ئوغۇللىرى ئىچىدىن يالغۇز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچ پەيغەمبەر كەلمىگەن. ئەمدى بۇ ماۋزۇدا مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ قېرىنداشلىرى يالغۇز ئىسمائىل ئوغۇللىرى بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ، چۈنكى ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئىسەۋ ئوغۇللىرىمۇ ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ قېرىنداشلىرى ئەمەسمۇ؟.

جاۋاب: ئىسەۋ ئوغۇللىرى ئىچىدىن پەيغەمبەر كەلگەن ئەمەس ھەمدە ئاللاھمۇ ئىسھاق ئوغلى ئىسەۋ ھەققىدە ۋەدە قىلغان ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەۋراتنىڭ كۆپ ئورۇنلىرىدا ئىبراھىم ئوغلى ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ سۇلالىسى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن.

4 ـ بۇ بېشارەتتىكى «سۆزلىرىمنى ئۇنىڭ ئاغزىغا قويىمەن» دېگەن ئىبارە، بېشارەتتە مەقسەت قىلىنغان پەيغەمبەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن كىتاب بېرىلىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئوقۇشنى ياكى يېزىشنى بىلمەيدىغان، پەقەت ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىگە چۈشۈرگەن سۆزلەرنىلا سۆزلەيدىغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە

ئىشارەت قىلىدۇ. بۇ ئىبارە ئىسا ۋە يۇشەئ پەيغەمبەرلەرگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلەتتى، شۇڭا بۇ ئىشارە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

5 ـ بۇ بېشارەتتىكى «ئەۋەتىمەن» دېگەن كېلىدىغان زامان پېئىلى يۇشەئ ئەلەيھىسسالامغا ماسلاشمايدۇ، چۈنكى يۇشەئ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ يېنىدا بار ئىدى.

6 ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىي ئالىملىرىدىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ تېكىستتىكى بېشارەتتە ۋەدە قىلىنغان پەيغەمبەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ مۇسۇلمان بولغان. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرىدىن مەخيەرىق، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، كەئب ئىبنى ئەھبار ۋە باشقىلاردۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى سۇرىيا، ھەيىيە ئىبنى ئەختەب ۋە قېرىندىشى ياسىر ئىبنى ئەختەب قاتارلىق يەھۇدىيلار بۇ بېشارەتتىكى پەيغەمبەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ئەمما مۇسۇلمان بولمىغان. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى يەھۇدىي ئالىملىرىمۇ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىدىن ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى كافىرلىقتا ھۆكۈم قىلغان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن. (ئىنجىل «يۇھەننا» 11 : 45~75، 18 : 1~24)

ئەسكەرتىش: مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بەزى ئوخشاشلىقلار مەۋجۇد:

ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، مۇستەقىل شەرىئەت ساھىبى، ئۆيلەنگەن ۋە پەرزەنتلىك بولغان، جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلغان

ۋە مۇشرىكلارنى، بۇددىستلارنى ئۆلتۈرگەن، زىنا قىلغاننى جازالاشقا بۇيرۇلغان، شەرىئەتنى ئىجرا قىلىشتا كۈچلۈك، شەرىئىتى تاھارەتنى، بەدەننىڭ ۋە كىيىمنىڭ پاك بولۇشىنى، جازانىنى ھارام قىلىشنى، شەرىئەت بويىچە بوغۇزلانمىغان مالنىڭ ھاراملىقىنى ۋە قىساسنىڭ بۇيرۇلغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋە نورمال ئۆلۈمدە ئۆلگەن ۋە دەپنە قىلىنغان.

ئىككىنچى بېشارەت:

تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 33 : 1 ـ، 2 ـ تېكىستلەردە «مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئادىمى بولغان مۇسا ئۆلۈشىدىن بۇرۇن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىغا تەۋەررۇك قىلىپ كەتكەن سۆزلەردۇر. ئۇ مۇنداق دېگەن: رەب سىنادىن كەلدى، ئۇلارغا سائىردىن كۆرۈندى ۋە فاران تاغلىرىدا پارلىدى. ئۇ مىڭلارچە مۇقەددەسلەر ئىچىدە كەلدى ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوتلۇق پەرمانا بار ئىدى» رەبنىڭ سىنادىن كەلگەنلىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۇ جايدا تەۋراتنى بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ سائىردىن كۆرۈنگەنلىكى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىلنى ئاتا قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ فاران تاغلىرىدا پارلىغانلىقى «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەنلىكىدۇر. چۈنكى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مىسىردىكى تۇرسىنا تېغىدا بېرىلگەن. سائىر ئىسا ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن ناسىرا شەھىرىگە قاراشلىق بىر يېزىدىكى تاغنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ پەلەستىندىدۇر. فاران تېغى مەككىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى بولۇپ، مەككە تاغلىرى فاران تاغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. فاران تېغىنىڭ مەككىدە ئىكەنلىكىنى تەۋراتمۇ سۆزلەيدۇ، تەۋراتتا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام توغرىلىق مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ بۇ بالىغا ھەمراھ ئىدى، ئۇ چوڭ بولدى، ئۇ

چۆلگە يەرلەشتى، ئوقيا ئىبتىشنى ئۆگەندى، ئۇ فاران چۆلىدە ياشىدى، ئاندىن ئۇنى ئانىسى مىسىردىن ئۆيلەندۈردى.» (تەۋرات «يارىتىلىش» 21 : 20 ـ 21) بۇ تېكىستنىڭ 1851 ـ يىلى نەشر قىلىنغان سامىرىيە نۇسخىسىدا، فاراننىڭ ھىجاز (يەنى مەككە)دە ئىكەنلىكى ئوچۇق لەۋزى بىلەن بايان قىلىنىپ مۇنداق قەيت قىلىنغان: «ئىسمائىل ھىجازدىكى فاران چۆلىدە مۇقىملاشتى.»

شۈبھىسىزكى، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرلەشكەن جايى مەككە ئىدى، مەككىدە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەر كەلمىگەن. بۇنىڭدىن ئاشكارىلاندىكى، ئاللاھنىڭ فاران تاغلىرىدا پارلىغانلىقى مەككىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنىڭ يەنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ چۈشۈشكە باشلىغانلىقىدۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋرات مىسىردىكى تۇرسىنا تېغىدا بېرىلگەندەك، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىل پەلەستىندىكى سائىر تېغىدا بېرىلگەندەك، «قۇرئان كەرىم»مۇ مەككىدىكى فاران تېغىدا ۋەھيي قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ ئاۋۋال چۈشكەن ئايەت فاران تېغىنىڭ ئەڭ چوققىسىغا ئورۇنلاشقان ھىرا غارىدا چۈشكەن. يۇقىرىدىكى تەۋرات تېكىستىدىكى «ئۇ مىڭلارچە ئىچىدە كەلدى ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوتلۇق پەرمان بار ئىدى» دېگەن ئىبارە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىسلام دىنىنى قانات يايدۇرۇشتا ياردەمدە بولغان، جىھاد يولىنى ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان ساھابىلىرىغا كەسكىن ئىشارەت قىلىدۇ. تېكىستتىكى "ئوتلۇق پارمان" ئىسلام دىنىدا پەرز قىلىنغان جىھاتدۇر. ھەر قانداق ئاقىل ئادەم بۇ تېكىستنى تەپەككۇر قىلىدىكەن، فاران تاغلىرىدىن ئەۋەتىلگەن مەزكۇر پەيغەمبەرنىڭ شۈبھىسىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يېنىدىكى مىڭلارچە مۇقەددەس (پاك ۋە ئۇلۇغ)لارنىڭ ساھابىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئوتلۇق

پەرمانىنىڭ ئىسلام دىنىدا پەرز قىلىنغان جىھاد ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە چۈشىنىدۇ. تەۋراتنىڭ بۇ تېكىستى 1844 - يىلىدىكى نەشرىدە «ئۇنىڭ يېنىدا مىڭلارچە ياخشىلار، ئۇنىڭ قولىدا ئوتلۇق كىتاب بار ئىدى»، دەپ قەيت قىلىنغان. كېيىنكى نەشرلەردە بولسا بۇ ئىبارىلەر تېكىستتىن چىقىرىپ تاشلانغان ھالدا نەشر قىلىنغان. ئەمما بۇرۇنقى نەشرلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ تېكىست تولۇق قەيت قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى بېشارەت مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق ئۈچ پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلارغا بۇ ئۈچ مۇبارەك جايدا (يەنى پەلەستىن، تۇرسىنا ۋە فاران تېغىدا) ۋەھيي قىلىنغان تەۋرات، ئىنجىل ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئۈچ كىتابقا ئوچۇق دالالەت قىلىدۇ. بۇ بېشارەت «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇنۇ ئايەتكە مۇجەسسەملەشكەن: ﴿وَالتِّينِ وَالزَّيْتُونِ ، وَطُورِ سِينِينَ ، وَهَـٰذَا الْبَلَدِ الْأَمِينِ﴾ تەرجىمىسى: «ئەنجۈر بىلەن، زەيتۇن بىلەن قەسەمكى، سىنا تېغى بىلەن قەسەمكى، بۇ تىنچ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) بىلەن قەسەمكى» [سۈرە تىن 1- 2- 3- ئايەتلەر].

بۇ ئايەت يۇقىرىدىكى ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىدىغان جايلىرىغا ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى پەلەستىندە ئەنجۈر بىلەن زەيتۇن كۆپ چىقىدۇ، شۇڭا ئىسا ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەلەستىن ئەنجۈر بىلەن زەيتۇن ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. سىنا تېغى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا تەۋرات بېرىلگەن جاي. مەككە بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن جاي. «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئىشارىتىدە تۆۋەندىن يۇقىرىغا تەدرىجىيلىك مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋۋال پەلەستىن، ئاندىن سىنا، ئاندىن مەككە بايان قىلىنغان. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن كاتتا بولغاندەك، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن كاتتىدۇر. شۇنىڭدەك، مەككە مۇكەررەمە پەلەستىن بىلەن سىنادىن ئۇلۇغ ۋە ئەڭ مۇقەددەستۇر. تەۋراتتىكى بۇ بېشارەتتىن مەقسەت تارىخىي ۋەقەلىكنىلا بايان قىلىشتىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنىڭدا بۇ ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىدىغان جايلىرى، ئۇلارنىڭ ئەۋەتىلىش زامانىغا كۆرە تەرتىپلەنگەن. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى تاڭنىڭ ئاقارغانلىقىغا، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى قۇياشنىڭ چىققانلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى قۇياشنىڭ ئاسماننىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا پارلىغانلىقىغا ئوخشىتىلغان. قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا پارلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇرى كىشىلەرگە ئومۇم بولىدۇ. دۇنيادا ھېچقانداق بىردىن ياكى بىرەر كىتاب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام بىلەن «قۇرئان كەرىم»دەك پارلاپ، نۇر چېچىپ شېرىك ۋە كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىنى بۇنداق تېز يورۇتقان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى بېشارەت:

تەۋرات «يارىتىلىش» 17 : 20 ـ تېكىستتە: «ئەمما سېنىڭ ئىسمائىل توغرىلىق قىلغان دۇئايىڭنى قوبۇل قىلدىم، ئۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلىمەن، ئۇنى كۆكلىتىمەن، ئۇنى ناھايىتى كۆپكە كۆپەيتىمەن. ئۇنىڭدىن ئون ئىككى رەئىس دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇنى چوڭ بىر ئۈممەتكە ئايلاندۇرىمەن.»

بۇ تېكىست 1844 ـ يىلىدىكى نەشرىدە «ئىسمائىل توغرىلىق دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلدىم، ئۇنىڭغا مەن بەرىكەت ئاتا قىلىمەن، ئۇنى چوڭايتىمەن، ئۇنى ناھايىتى كۆپكە كۆپەيتىمەن، ئۇنىڭدىن ئون ئىككى رەئىس چىقىدۇ. ئۇنى چوڭ بىر ئۈممەتنىڭ ئاتىسى قىلىمەن».

قازى ئىياز ئۆزىنىڭ «شىفا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: يۇقىرىدىكى تەۋرات تېكىستىدىكى «ئۇنى چوڭ بىر ئۈممەتكە ئايلاندۇرىمەن» دېگەن ئىبارە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بېرىلگەن بېشارەتتۇر. چۈنكى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇلالىسىدىن ئۇنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىرسى چوڭ ئۈممەتكە سەردار بولغان ئەمەس. مانا بۇ ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئاللاھقا قىلغان دۇئاسىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. «قۇرئان كەرىم» بۇ دۇئانى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ ۚ إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن.» [سۈرە بەقەرە 129- ئايەت].

ئىمام قۇرتۇبى ئۆزىنىڭ «خىرىستىيان دىنىدىكى پاساتچىلىقلارنىڭ بايانى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز ئارىلىرىدىكى ھەرپلەردىن سان چىقىرىش ئارقىلىق مەنا ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا كۆرە، يۇقىرىدىكى بېشارەت تېكىستلىرىدىكى ئىككى جايدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى چىقىدۇ. چۈنكى بۇ تېكىستتىكى «ئۇنى ناھايىتى كۆپكە كۆپەيتىمەن» دېگەن ئىبارىنىڭ ئەسلى ئىبرانى تىلىدىكى تېكىستى «بماد ماد»، «ئۇنى چوڭ بىر ئۇممەتكە ئايلاندۇرىمەن» دېگەن ئىبارىنىڭ ئەسلى ئىبرانى تىلىدىكى تېكىستى «لجوي جدول»دۇر. بۇ ئىبرانىيچە سۆزلەردىكى ھەرپلەرنىڭ تۈپلىمى ئۇلارنىڭ ھەرپلەردىن سان چىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە، «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىمدىكى ھەرپلەرنىڭ تۈپلىمىغا باراۋەردۇر. بۇ بولسىمۇ

توقسان ئىككى ھەرىپتۇر. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى ھېسابلاش ئۇسۇلىغا كۆرە بايانى مۇنداق:

م ح م د = (محمد)

40 + 8 + 40 + 4 = 92

ب م ا د م ا د = (بماد ماد)

2 + 40 + 1+ 4 + 40+ 1+ 4 = 92

ل ج و ي ج د و ل = (لجۋي جدول)

30 + 3+ 6+ 10+ 3+ 4 + 6+ 30 = 92

ھىجرىيە 10 ـ ئەسىردە (مىلادىيە 16 ـ ئەسىردە) مۇسۇلمان بولغان يەھۇدىي ئالىمى ئابدۇسسالام، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلغىنىدىن كېيىن، «ھىدايەت كىتابى» ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىقىدۇ، ئابدۇسسالام بۇ كىتابىدا يەھۇدىيلارنىڭ ھەرپلەردىن سان چىقىرىش ئارقىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئۇلارنىڭ ئادىتىدە سابىت بولغان بىر ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنى بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغانلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىغا بەلگە بولغان «بماد ماد» سۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەرپلەردىن سان چىقىرىش ئۇسۇلىغا تويپتوغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئادىتى ئەزەلدىن ئۆز كىتابلىرىدىكى ئۆزلىرىنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىق كەلمىگەن ھەقىقەتلەرنى ئۆزگەرتىش، تەۋىل قىلىش ۋە ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بۇ بېشارەتنى يوشۇرغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە ئۇلارغا كۈچلۈك رەددىيە بەرگەن.

ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن (ئۇنىڭ ئايالى) ھاجەرگە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىنى كۆپەيتىپ، چوڭ بىر ئۈممەتكە ئايلاندۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسى ھەقىقەتتە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنىدىغان مەڭگۈلۈك مەدھىيە ۋە شەرەپنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا كېلىدىغان شەرەپ ۋە مەدھىيە پەقەت ئۇنىڭ نەسلىنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەسلىنىڭ تەۋھىد ۋە ئىماننى ئاساس قىلغان بىر نەسىل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مەككىدە ئۇنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كىشىلەرنى تەۋھىد ۋە ئىمانغا چاقىرىدىغان بىرەر پەيغەمبەرنىڭ كەلمىگەنلىكى، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ بىر ئۈممەتنىڭ ئاتىسى بولغانلىقىنىڭ پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ بېشارەتنىڭ ھەقلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشى بىزگە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن باشقا چوڭ ئۈممەتنىڭ نەدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسۇن؟!.

تۆتىنچى بېشارەت:

تەۋرات «يارىلىش تەپسىلاتلىرى» 32 : 21 ـ تېكىستتە بىر زامانلاردا ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈپ، بۇتلارغا چوقۇنغان يەھۇدىيلار توغرىلىق مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلار ئىلاھ بولمىغان نەرسىلەرگە باش ئۇرۇش بىلەن مېنى قىزغاندۇردى، باتىللىرى بىلەن مېنى غەزەپلەندۇردى. مەنمۇ مىللەت سانالمايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇلارنى قىزغاندۇرىمەن. جاھىل بىر مىللەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىمەن.»

بۇ تېكىستنىڭ 1844 ـ يىلىدىكى نەشرىدە مۇنداق كەلگەن: «ئۇلار مېنى ئىلاھ بولمىغان نەرسىلەر بىلەن قىزغاندۇردى، باتىل ئىلاھلىرى بىلەن مېنى غەزەپلەندۇردى. مەنمۇ ئۇلارنى مىللەت بولمىغان بىرلىرى بىلەن قىزغاندۇرىمەن، جاھىل بىر مىللەت بىلەن غەزەپلەندۇرىمەن».

شۈبھىسىزكى، بۇ تېكىستتىكى جاھىل مىللەتتىن مەقسەت ئەرەبلەردۇر. چۈنكى ئۇلار جاھالەت ۋە زالالەتنىڭ پاتقاقلىرىغا پاتقان بىر مىللەت ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلار بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇقلاردىن ھېچبىر زامان يىراق بولالىغان ئەمەس. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ مَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا مِن قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى.» [سۈرە ئال ئىمران 164 ـ ئايەت].

يەھۇدىيلار ئەرەبلەرنى ئۇلارنىڭ ئاللاھنى تونۇمايدىغان ئازغۇن قەۋم ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چۆرىسى ھاجەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، تولىمۇ ھەقىر ۋە خار كۆرەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھۆر ئايال سارەنىڭ ئەۋلادلىرى بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىپ ئۆزلىرىنى ئەرەبلەردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇتاتتى. لېكىن ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئاللاھقا قىلغان ئىسيانلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈشلىرى، تەۋھىد ۋە ئىماندىن ئۇزاقلىشىپ، بۇتلارغا باش ئۇرغانلىقلىرى،

قۇربانلىقلىرىنى بۇتلارغا ئاتاپ قىلغانلىقلىرى ئاللاھنى غەزەپلەندۈرگەنلىكتىن، ئاللاھ پەيغەمبەرلىك نۇۋۇتىنى ئۇلاردىن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھەقىر ۋە ئەڭ جاھىل مىللەت سانىلىدىغان ئەرەبلەرگە بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى قىزغاندۇردى ۋە ئىچىنى ئېچىشتۇردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن ئەۋەتكەنلىكى، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولغان «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرگەنلىكى ۋە ئەرەبلەرنى ئىسلامنىڭ شەرىپى بىلەن ئەزىز قىلغانلىقى ھەقىقەتتە ئاللاھنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ئەڭ قاتتىق قىزغاندۇرغانلىقى ئىدى.

بىز يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، يەھۇدىيلار ئەڭ ياقتۇرمايدىغان مىللەت، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەندىن كېيىنكى ئەرەب مىللىتى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى پارسلىقلار بىلەن رۇملۇقلار بۇرۇن يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندىكى دۆلىتىنى گۇمران قىلىپ، ئۇلارنى ئەسىرگە ئالغان بولسىمۇ، پارسلىقلارنىڭ ياكى رۇملۇقلارنىڭ ئىچىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەڭ كېلىدىغان بىر پەيغەمبەر كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار ئۇلارغا ئەرەبلەرگە قىلغاندەك ھەسەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارنى ئەرەبلەرنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرمەيدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى يەھۇدىيلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. چۈنكى ئاللاھ پەيغەمبەرلىك نۇۋۇتىنى ئۇلاردىن ئېلىپ ئەرەبلەرگە بەردى ئەمەسمۇ!.

يۇقىرىدىكى بۇ بېشارەتنى ئىسا ئەلەيھىسسالام، دەپ تەپسىر قىلغان كىشى چوقۇم خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى بۇ بېشارەت ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھەرگىزمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ:

بىرىنچىدىن، ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل سۇلالىسىدىن كەلگەن پەيغەمبەردۇر. ئىنسان ئۆز ئەۋلادىغا ھەسەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن قىزغانمايدۇ. ھەسەت ۋە قىزغىنىش نورمال ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ياكى تاغىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىغا، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ھەقىر ۋە خار كۆرۈلگەن بىرسىگە كەلگەن ئامەت ئۈچۈن قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مىلادىيەنىڭ 6 ـ ئەسىرگىچە ئەرەبلەردىن باشقا ھېچقاندىاق بىر مىللەت جاھىل مىللەت، دەپ سۈپەتلەنگەن ئەمەس. چۈنكى ئۇ زامانلاردا ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇش، يېزىش ۋە باشقا مائارىپلار مەۋجۇت ئىدى. بۇنىڭدىن ئېنىقلاندىكى بۇ بېشارەتنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ قەۋمى ھەققىدە كەلگەنلىكى ھېچ شۈبھىسىز ھەقىقەتتۇر.

ئەھلى كىتابلارنىڭ كىتابلىرىدا كەلگەن بېشارەتلەر كۆپتۇر. ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرىلىق بولسا، بەزىسى ئۇنىڭ ئۈممىتى توغرىلىق ئىدى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ بۇ ھەقتە بەزى بېشارەتلەرنى بەرگەنلىكى ئىنجىللاردا قەيت قىلىنغان.

قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى (تەرجىماننىڭ ئىلاۋىسى)

يەھۇدىي دىنى

يەھۇد ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 ئوغلىنىڭ بىرى بولغان يەھۇزانىڭ ئىسمى بولۇپ، كېيىنچە يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇغا ئايلانغان. ياقۇپ (ئىسرائىل) ئەلەيھىسسالام كەنئان(ھازىرقى پەلەستىن) زېمىنىدىكى قورغاقچىلىق سەۋەبلىك مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 17-ئەسىردە، ئائىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ مىسىرغا كۆچۈپ بارغان. ئۇلارنى مىسىر پىرئەۋنى(پادشاھى)نىڭ ۋەزىرى بولۇپ تۇرغان ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام كۈتىۋالغان ۋە مىسىرنىڭ شەرقىيە رايونىدىكى «گاسان» دېگەن جايدا تۇرغۇزغان. ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا 70 كىشى ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.[2]

ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 بالىسىدىن كۆپەيگەن ئەۋلادلىرى مىسىردا تۆت ئەسىر تۇرۇش جەريانىدا، بۆلۈنۈپ 12 قەبىلىگە ئايرىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادى دەپ تونۇلغان. مىلادىيىدىن تەخمىنەن 13 ياكى 14 ئەسىر ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەيغەمبەر بولۇپ چىقىپ، ئۇلارنى ۋە مىسىر پىرئەۋنىنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندا، ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئازلا كىشى ئىمان ئېيتقان. شۇنداق قىلىپ يەھۇدىي دىنى مىسىردا يىلتىز تارتقان. بۇ سەۋەبلىك پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا جىددىي زىددىيەت پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبتىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى

(2) تەۋراتنىڭ تەكۋىن بۆلۈمى، 47-باب، 11-تېكىست.

1280-يىلى مىسىر پىرئەۋنى ئىككىنچى رەمسىس زامانىدا، ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.[3]

ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردىن سىنا چۆلىگە چىققاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇ چۆلدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولغان يۇشەنىڭ باشچىلىقىدا ئىسرائىل ئەۋلادى كەنئان زېمىنىغە بېسىپ كىرىپ يەرلىشىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 922-يىللىرىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 990-يىللاردا قۇرغان مەملىكىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ شىمالدا ئىسرائىل، جەنۇبتا يەھۇزا مەملىكىتى بارلىققا كېلىدۇ. كېيىنچە بابىل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى بۇختەنەسسەر[4] يەھۇدىيلارغا ھۇجۇم قىلغانغا قەدەر بۇ ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار داۋام قىلىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ قۇللۇق دەۋرى:

بۇختەنەسسەر پەلەستىنگە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 596-يىلى ۋە 587-يىلى ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ سانلىقىنى بابىلغا ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتكەن. يەھۇدىيلار بابىل ئەسىرلىكىدە 50 يىلدىن كۆپرەك تۇرغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 538-يىلى ئىران دۆلىتىنىڭ پادىشاھى كۇرش بابىل مەملىكىتىنى مەغلۇب قىلغاندا، بابىلدىكى يەھۇدىي ئەسىرلەر قويۇپ بېرىلگەن ۋە ئۇلار پەلەستىنگە قايتىپ كېلىپ، مۇستەقىل دۆلىتى

(3)بەقەرە سۈرىسىنىڭ 49-50-ئايەتلىرىدە، تاھا سۈرىسىنىڭ 77-ۋە 88-ئايەتلىرىدە، تەۋراتنىڭ چىقىش بۆلۈمى13-14-تېكىستلىرىدە بۇ ۋەقەلىك بايان قىلىنغان.

(4)بۇختەنەسسەر-مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 605- يىلىدىن 563-يىلىغا قەدەر بابىل(ھازىرقى ئىراق) مەملىكىتىنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتە دۇنيا تارىخىدا تونۇلغان ئەڭ مەشھۇر قوماندانلاردىن سانىلىدۇ. بۇختەنەسسەر شام رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىگە قارام قىلغان شەخس.

بولمىغان ھالدا ئىرانلىقلارغا قارام بولۇپ، كېيىنچە رىم ئىمپېرىيىسىگە بويسۇنۇپ ھايات كەچۈرگەن. بۇ ئەسنادا يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ سانلىقى پەلەستىندىن ئايرىلىپ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىگە تارقىلىپ كەتكەن. مىلادىيىنىڭ 135- يىلى رىملىقلار ئىمپېراتور ھەدريانىنىڭ زامانىسىدا، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندە قوزغىغان ئىنقىلابىنى باستۇرۇپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيكىلىنى چېقىپ تاشلىغان ۋە يەھۇدىيلارنى پەلەستىن زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغان. يەھۇدىيلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سانى تەخمىنەن 50 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يەھۇدىيلار بۆلۈنۈشكە باشلاپ، ياۋروپاغا بارغانلار شۇ جايلاردا يەرلەشكەن. ياۋروپالىق بۇددىستلار ئارىسىدا يەھۇدىي دىنىنى تارقىتىشقا كىرىشكەن. يەھۇدىيلارنىڭ بىر بۆلىكى كاۋكاز يولى بىلەن ئىران، ھىندىستان، تۈركىستان، خىتايغا قەدەر يەتكەن. يەنە بىر بۆلىكى ئىراق، مىسىر، شىمالىي ئافرىقا، ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە قارا ئافرىقا قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە يېتىپ بارغان. يەھۇدىيلار بارغان جايلىرىدا يەھۇدىي دىنىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىش نەتىجىسىدە، كۆپلىگەن مىللەتلەر يەھۇدىي دىنىغا كىرگەن.

يەھۇدىيلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشى:

يەھۇدىيلار يۇقىرىقى چوڭ بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، ياشىغان جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقە ئادەملىرى سۈپىتىدە، سىياسەتتىن، ھەر قانداق بىر مەنسەپتىن يىراق ھالدا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن. ئۇلار بارلىق ھىممىتىنى ئىقتىسادقا بېغىشلاپ، بازار سودىسىنى قولىغا ئېلىشقا تىرىشىپ كەلگەن.

19-ئەسىرگە كەلگەندە، ياۋروپادىكى يەھۇدىيلاردا ئۆزلىرىگە خاس بىر دۆلەت قۇرۇش پىكرى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سىياسەتتىن يىراق ھاياتتىن، سىياسىي ھاياتقا كۆچۈش ئارزۇسى كۈچىيىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار 1897-يىلى شۋېتسارىيىدە چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپ بۇ ئارزۇنى قارارلاشتۇرىدۇ. غەرپ ئەللىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا 1948-يىلى پەلەستىننى بېسىۋېلىپ، ئۇ جايدا ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي مەنبەلىرى:

يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر كىتابى «تەۋرات (ئەھدە قەدىم)» بولۇپ، «يارىتىلىش»،«چىقىش»، «مەدھىيە» ۋە«سانلار»دىن ئىبارەت 4 بۆلۈم ۋە 39 بابتىن تەركىب تاپقان. «يارىتىلىش»بۆلۈمىدە دۇنيا تارىخى، «چىقىش»بۆلۈمىدە يەھۇدىيلارنىڭ مىسىردىكى ھاياتى ۋە مىسىردىن چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋالى،«مەدھىيە»بۆلۈمىدە يەھۇدىي شەرىئىتىدىكى ئىبادەت سىستېمىلىرى، «سانلار»بۆلۈمىدە يەھۇدىي قەبىلىلىرىنىڭ، ئەسكەرلىرىنىڭ ۋە مال-دۇنياسىنىڭ سانى سۆزلىنىدۇ.

ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ «تەلمۇد» ناملىق كىتابى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن يېتىپ كەلگەن ئاغزاكى رىۋايەتلەرنىڭ شەرھلىرىدىن توپلانغان ئەسەر بولۇپ، ئىككى قىسىمدىن ئىبارەت. بىرى پەلەستىندە، يەنە بىرى بابىلدا يېزىلغان. يەھۇدىيلار كۆپلىگەن مەزھەپ ۋە پىرقىلارغا بۆلۈنىدۇ[5].

(5) مىسىر ۋەقىپ ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ «ئىسلامىي ئىشلار ئالىي كېڭىشى»تەرىپىدىن ھازىرلانغان«ئومۇمىي ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»دىن.

خىرىستىيان دىنى

خىرىستىيان دىنى مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى بولغان خىرىستىيانلارغا قويۇلغان ئىسىم. خىرىستىيانلار ئەرەب تىلىدا «نصارى (ناسارا)» دەپ ئاتىلىدۇ.

خىرىستىيانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام پادىشاھ ھىرودۇسنىڭ زامانىدا، ھازىرقى پەلەستىنىنىڭ بەيتلەھەم شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كېيىنچە ئانىسى ھەزرىتى مەريەم خەلىل شەھىرىنىڭ ناسىرە يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان.

بۇ ۋاقىتتا يەھۇدىيلا يەر يۈزىدە سۈرگۈنلۈك ھاياتىدا ياشايتتى، ئۇلار رىم ئىمپېراتورلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولۇپ، ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي دەۋىتى مەيدانغا كەلگەندە، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىيلارنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەسلىدىكى پادىشاھلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بىردىنبىر شەخس دېگەن ئېتىقاد بىلەن، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 نەپەر مۇرىدى بولۇپ، ئۇلارنى يەھۇدىيلار ئىچىدە دىن تارقىتىشقا ئەۋەتكەن.

ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلانىڭ دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھ ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ دىن دەۋىتى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئېتىقاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە يەھۇدىيلاغا مەخسۇس دەۋەت ئىدى. قۇرئان كەرىم ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ يَا بَنِي

إِسْرَائِيلَ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُم﴾ تەرجىمىسى: «مەريەم ئوغلى ئىسا ئۆز ۋاقتىدا" ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن» دېدى [6]

خرىستىيانلارنىڭ دىنىي مەنبەلىرى:

خرىستىيانلارنىڭ دىنىي مەنبەلىرى تەۋرات بىلەن ئىنجىل بولۇپ، ئىنجىل «مۇقەددەس كىتاب»دەپ ئاتىلىدۇ ۋە «كونا ئەھدە»،«يېڭى ئەھدە»دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ھازىرقى خرىستىيانلارنىڭ قولىدىكى ئىنجىل «مەتتا ئىنجىلى»،«ماركۇس ئىنجىلى»، لۇقا ئىنجىلى» ۋە «يۇھەننا ئىنجىلى»دەپ تۆت ئىنجىلدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ھەر بىرى ئاپتورلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن شۇنداق ئاتالغان. ئۇلارنىڭ يەنە بۇ ئىنجىللاردىن باشقا «پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرى»، «دەۋەت رىسالىسى» دەپ ئاتىلىدىغان كىتابلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلارنى پاۋلۇس[7] يېزىپ چىققان.

---

(6) سەف سۈرىسى6۔ئايەت

(7) پاۋلۇس- خرىستىئان دىنى تارىخىدا ئىككىنچى چوڭ شەخسىيەت بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن قالسا ئەڭ مۆتىۋەر دىن ئادىمى سانىلىدۇ. پاۋلۇس مىلادىيىنىڭ 5۔يىلى بىلەن 10۔يىللىرى ئارىسىدا ھازىرقى تۈركىيىنىڭ تارسۇس دېگەن يېرىدە بىر يەھۇدى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، چېدىر تىكىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، يەھۇدىي شەرىئىتىنى ئۆگىنىشكە زور ئەھمىيەت بېرەتتى. پاۋلۇس كېيىنچە، ئېرۇسالىمغا بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ كاتتا ئۇستازى گامالائىل دېگەن كىشىدە ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرمىگەنلىكى مەلۇم. پاۋلۇس ئۆزى يازغان«پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشلىرى»دېگەن كىتابىنىڭ 22۔باب، 6۔11۔تېكىستلىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئۇ چۈشىدە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندىن كېيىن، خرىستىئان دىنىغا كىرىپ، بۇ دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىدۇ. پاۋلۇس شۇنىڭدىن كېيىن خرىستىئان دىنىنى ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدە تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىدىن كۆپلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن.

خىرىستىيانلارنىڭ مەزھەپلىرى:

خىرىستىيانلارنىڭ دەۋتى «تەۋھىد زامانى» ۋە «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش زامانى»دەپ ئىككى چوڭ زامانغا بۆلۈنىدۇ.

(1) ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن مىلادىيە 325-يىلىغا قەدەر ئۆتكەن زامان تەۋھىد زامانى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار 325-يىلى چاقىرىلغان «نىقىيە»قۇرۇلتىيىغا قەدەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى، ئاللاھ تائالانى بىر دەپ ئېتىقاد قىلاتتى.

(2) ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش دەۋتى بولۇپ، خىرىستىيانلار ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن كېيىن، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى، ئۇ ئاللاھ، ئىسا ۋە مۇقەددەس روھتىن تەركىب تاپقان ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ئۆتكەن.

خىرىستىيانلارنىڭ ھازىرقى مەشھۇر مەزھەپلىرى: كاتولىك، ئورتودوكس ۋە پروتىستانت مەزھەپلىرىدۇر.

(1)كاتولىك مەزھىبى- رىم چىركاۋلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان مەزھەپ بولۇپ، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلىق ۋە ئىلاھلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەبىئىتى بار ئېتىقاد قىلىدۇ.

(2) ئورتودوكس مەزھىبى- بۆلاە شەرق چېركاۋلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان مەزھەپ بولۇپ، ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرلا تەبىئىتى بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

(3) پېروتېستانت مەزھىبى- ئۇلار چېركاۋلىرىنى «ئىنجىل چېركاۋلىرى»دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىنجىلغىلا ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ﴿قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا إِلَىٰ كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلَّا نَعْبُدَ إِلَّا اللَّـهَ وَلَا نُشْرِكَ بِهِ شَيْئًا وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا أَرْبَابًا مِّن دُونِ اللَّـهِ ۚ فَإِن تَوَلَّوْا فَقُولُوا اشْهَدُوا بِأَنَّا مُسْلِمُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى ئەھلى كىتاب! كېلىڭلار! پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىرخىل ئەقىدىگە كېلەيلى!» دېگىن، [8] دېگەن چاقىرىقىغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىيانلار ۋە يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا دىنىي مۇنازىرە باشلانغان.

ئىسلام، خرىستىيان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىدىن ئىبارەت ساماۋىي دىنلارنىڭ ئەسلىدىكى ئەقىدىسى بىر خىل بولۇپ، پەقەت شەرىئەت ئەھكاملىرىلا پەرقلىق بولغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَرَعَ لَكُم مِّنَ الدِّينِ مَا وَصَّىٰ بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَىٰ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيي قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى. [9]

خرىستىيان دىنىنىڭ مەنبەلىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەتلەر بېرىلگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ إِنِّي رَسُولُ اللَّـهِ إِلَيْكُم مُّصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَمُبَشِّرًا بِرَسُولٍ يَأْتِي مِن بَعْدِي اسْمُهُ أَحْمَدُ﴾ تەرجىمىسى: ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى،

---

(8) ئال ئىمران سۈرىسى 64-ئايەت

(9) شۇرا سۈرىسى 13-ئايەت

مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى.[10]

مۇقەددەس كىتابلار

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدىكى بۇزۇلغان تەرەپلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەت يوللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەردۇر. ئاللاھنىڭ مەزكۇر پەيغەمبەرلىرى ھېچ ۋاقىت ئۆز خاھىشلىرىغا كۆرە ئىش كۆرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىنسانلارغا شۇ بويىچە تولۇق يەتكۈزەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىلەر ئارقىلىق مۇقەددەس كىتابلار

(10) سەف سۈرىسى6-ئايەت

ئوتتۇرىغا چىقتى. بەزى پەيغەمبەرلەرگە كىچىك ھەجىملىك كىتابلار چۈشۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرىگە چوڭ ھەجىملىك كىتابلار چۈشۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1.تەۋرات(كونا ئەھدە)، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

2. ئىنجىل(يېڭى ئەھدە)، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

3. زەبۇر(دۇئا كىتابى بولۇپ تەۋراتتىن ئورۇن ئالغان)، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

4. قۇرئان كەرىم، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئون بۇيرۇق ۋە تەۋرات:

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۈچۈن پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن. ئىسرائىل ئەۋلادلىرىمۇ ئاۋۋالقى زامانلاردا تەۋراتقا ئەمەل قىلاتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ بىرگە بىلدۈرگىنىگە كۆرە، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مىسىردىكى "تۇر تېغى" دا ئون بۇيرۇق چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت: بىز ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن:

1.ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار.

2.ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.

3.ئۇرۇق- تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار.

4. يېتىملارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.

5.كەمبەغەل، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىڭلار.

6.ئىنسانلارغا ياخشى سۆز قىلىڭلار، ئادىل مۇئامىلىدە بولۇڭلار.

7.نامازنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلار.

8.زاكاتنى ئادا قىلىدىغانلار.

9.بىر ـ بىرىگىلارنىڭ قېنىنى تۆكمەيدىغانلار.

10.بىر ـ بىرىگىلارنى ئۆز مەملىكىتىدىن قوغلاپ چىقارماسلىقلار، دەپ ئەھدە ئالغان ئىدۇق. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لَا تَعْبُدُونَ إِلَّا اللَّـهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَذِي الْقُرْبَىٰ وَالْيَتَامَىٰ وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُوا لِلنَّاسِ حُسْنًا وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ ثُمَّ تَوَلَّيْتُمْ إِلَّا قَلِيلًا مِّنكُمْ وَأَنتُم مُّعْرِضُونَ ، وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ لَا تَسْفِكُونَ دِمَاءَكُمْ وَلَا تُخْرِجُونَ أَنفُسَكُم مِّن دِيَارِكُمْ ثُمَّ أَقْرَرْتُمْ وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ﴾
تەرجىمىسى: «ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق. ئاراڭلاردىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقىڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىڭلار، سىلەر ھەمىشە (ئەھدەڭلاردىن) يېنىۋالىسىلەر. ئۆز ۋاقتىدا بىر-بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر-بىرىڭلارنى يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا، سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار، بۇنىڭغا ئۆزۈڭلار گۇۋاھسىلەر». [بەقەرە سۈرىسى 83 ـ84 ـ ئايەتلەر].

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ سەۋەبتىن تەۋراتنى ئوقۇشنى بىلىدىغانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەۋرات بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك كىتاب بولغانلىقتىن، ئۇنى يادلىۋېلىشقا ئەسلا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. مۇسا

ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كۆپلىگەن ئۆرۈشلار بولۇپ ئۆتتى. ھەتتا ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئەسىرلەر بويى باشقا مەملىكەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئۆمۈر سۈردى. ئۇلار بۇ ئاسارەت دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان تەۋراتنى قوغداپ قالالمىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى تەۋرات ئاللىبۇرۇنلا يەر يۈزىدىن يوقىلىپ بولغان ئىدى. زامانىمىزدىكى يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىئانلارنىڭ قوللىرىدىكى تەۋرات مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 622- يىلى يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن 750 يىل كېيىن يېزىلغان بولۇپ، رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۇنىڭ ئاپتورى ئەزرا ئىسىملىك بىر كاھىن ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئەسلى تەۋرات مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بولغان ئىبرانىيە تىلىدا چۈشكەن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن ھەر پەيغەمبەرگە شۇ پەيغەمبەرنىڭ تىلىدا كىتاب چۈشۈرگەن. زامانىمىزدىكى تەۋرات نۇسخىلىرى بولسا، ئەسلىسى ئارامىيە تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، كېيىنچە ئىبرانىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسىدۇر.

ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئىنجىل:

ئىنجىل ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن ئىلاھىي كىتابتۇر. ئىنجىلمۇ خۇددى تەۋراتقا ئوخشاش ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئەسلى بويىچە قوغدىنالمىغان. خىرىستىئانلارنىڭ بېشىغىمۇ، بۇرۇنقى يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ئەينىسى كەلگەن بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى خىرىستىئان دىنىنى رىملىقلار ئارىسىدا تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، خىرىستىئان دىندارلىرى بارغانلا يېرىدە قەتلىئاملارغا ئۇچراپ كەلگەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان

ئەسلىي ئىنجىلنى ساقلاپ قالالمىغان. پەقەت مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرقىي رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن (Konstantin)نىڭ خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بۇ دىن راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ ۋە خىرىستىئان دىنى رىمدا تۈنجى قېتىم دۆلەت دىنى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. كېيىنچە بۇ دىنىنىڭ كىتابلىرىنى تەتقىق قىلغاندا 100دىن كۆپرەك ئىنجىلنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن مىلادىيەنىڭ 325 ـ يىلى ھازىرقى تۈركىيەنىڭ «ئىزنىك» دېگەن يېرىدە مىڭدىن كۆپرەك خىرىستىئان دىنى ئالىمىنى يىغىپ بىر چوڭ قۇرۇلتاي ئاچىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ قارارى بويىچە، بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان ۋە ھېچ يېقىنلاشمايدىغان مەزكۇر ئىنجىللارنىڭ ئىچىدىن ئاپتورلىرى مەشھۇرراق بولغان 4 ئىنجىلنى مۇقەددەس كىتاب دەپ تونۇپ ئېلان قىلىدۇ ۋە «يېڭى ئەھدە» دەپ ئاتايدۇ. بۈگۈن خىرىستىئانلارنىڭ قوللىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزكۇر 4 ئىنجىل ئايرىم 4 ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن چۈشكەن ئەسلىي ئىنجىل ئەمەستۇر. مەزكۇر ئىنجىللار ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن يىراق ئەسىر كېيىن يېزىلغان كىتابلاردۇر.

تۆت ئىنجىل:

1.مەتتا ئىنجىلى: مەتتا ئىسىملىك بىر كىشى تەرىپىدىن تەخمىنەن مىلادىيەنىڭ 41 ـ يىلى پەلەستىندە بىر ئىنجىل يېزىلىپ، ئۇنىڭ «مەتتا ئىنجىلى» دەپ ئاتالغانلىقى ئېنىق. ئەمما شۇ ئىنجىلنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقالغان بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ گرېكچە تەرجىمە نۇسخىسى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، بۇ تەرجىمىنىڭ قاچان ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى تا ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.

2. ماركوس ئىنجىلى: ماركوس ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرتلىرىدىن پېتروسنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ماركوس ئىنجىلىنىڭ قاچان يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ كىتابتا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى قىسقىچە سۆزلەنگەن ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئادەتلىرىمۇ سۆزلەنگەن.

3. لۇقا ئىنجىلى: لۇقا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرتى پاۋلۇسنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بۇ كىتاب ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن يېرىم ئەسىر كېيىن يېزىلغان. بۇ كىتابتا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى كۆپرەك سۆزلىنىدۇ.

4.يۇھەننا ئىنجىلى: يۇھەننانىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرتلىرىدىن ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. ئەمما خىرىستىئان ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇنداق ئەمەسلىكىنى، بەلكى پاۋلۇسنىڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. يۇھەننا ئىنجىلى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن 80 يىل كېيىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدىغان دەۋا كۆپرەك سۆزلىنىدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە قۇرئان كەرىم

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىم، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، جىبرىل ئىسىملىك پەرىشتىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ۋەھيى يولى ئارقىلىق تولۇق 23 يىلدا ئاز - ئازدىن تەدرىجىي چۈشۈرۈلگەن.

پارچە - پارچە چۈشۈرۈلگەن ئايەت ۋە سۈرىلەر داۋام قىلىۋاتقان ھاياتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تۇرغان يېڭى - يېڭى مەسىلىلىرى ۋە مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلغان، ۋەقەلىكلەر ۋە ھادىسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا جاۋابلاندۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىدى. ئەگەر قۇرئان كەرىم -

بۇرۇنقى ساماۋىي كىتابلارغا ئوخشاش ـ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا چۈشۈرۈلگەن بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلارنى بىر ئاندا چوڭ بىر مەسئۇلىيەتكە كىرگۈزۈش ئىشى، ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر كېلەتتى. ئىسلام دىنىنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى ئاز ـ ئازدىن تەدرىجىي بۇيرۇلغانلىقتىن، بۇلار مۇسۇلمانلارنى پىسخىكىي تەرەپتىنمۇ ياخشى تەييارلىغان.

ۋەھيى يولى بىلەن پارچە ـ پارچە، ئاز ـ ئازدىن كەلگەن ئايەت ۋە سۈرىلەرنى يادلاش ۋە مۇھاپىزە قىلىش ئىشى ئۇڭاي بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاۋۋالقى رەتلىنىشى ۋە توپلىنىشى:

قۇرئان كەرىم ھازىرقى شەكلى بويىچە رەتلىنىشتە بۇرۇنقى ساماۋىي كىتابلار ئېرىشەلمىگەن ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا رەتلىنىپ بولغان. ئۇ مۇنداق بولغان:

1. ۋەھيى يولى بىلەن چۈشكەن ئايەت ۋە سۈرىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىششىق يادلىۋالاتتى. ئۇ يادلىغانلىرىنى قەتئىي ئۇنۇتمايتتى.

2. ھەر قېتىم ۋەھيى چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يېنىدىكى كۆتتابۇلۋەھيى (ۋەھيى كاتىپلىرى)غا ھامان يازدۇراتتى. ۋەھيىلەرنى يېزىشقا تەيىنلەنگەن 40تىن ئارتۇق مەخسۇس ۋەھيى كاتىپلىرى بار ئىدى.

3. كاتىپلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئايەت ۋە سۈرىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئۆيىدە مەخسۇس جايدا ساقلىناتتى.

4. ۋەھىيلەر يېزىلىپ ساقلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ساھابىيلار، خۇسۇسەن ئۆسمۈر باللار يادقا ئالدۇرىلاتتى. قۇرئاننى تولۇق يادلىغان قارىيلارنىڭ سانى شۇنچىلىك كۆپ بولغانكى، پەقەت بىرلا يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان قارىيلارنىڭ سانى 70تىن كۆپ بولغانلىقى، بىزگە شۇ ۋاقىتلاردا قۇرئاننى تولۇق يادقا ئالغان قارىيلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

5. ھەر يىلى رامازان ئېيىدا پەرىشتە جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، شۇ چاغقىچە چۈشۈپ بولغان بارلىق سۈرىلەرنى ئۇنىڭدىن بىر ـ بىرلەپ تىڭشايتتى.

قۇرئاننىڭ رەتلىنىشىدە قوللىنىلغان يۇقىرىقى پىرىنسىپلار قۇرئاندىن ئەڭ ئاخىرى چۈشكەن ئايەتكە قەدەر شۇنداق داۋام قىلغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ توپلىنىشى:

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا قۇرئان كەرىم ھازىرقى تەرتىپى بويىچە رەتلىنىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ تېخى كىتاب شەكلىدە توپلىنىپ بولمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى چۈشۈپ تۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمرى بىلەن «قۇرئاننى توپلاش كومىتېتى» قۇرۇلىدۇ. بۇ كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى يازغان كۆتتابۇلۋەھىيلەرنىڭ ئۆزى ئىدى. كومىتېتنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. كومىتېت ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق ۋە ھوشيارلىق بىلەن، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى يېزىلغان ۋە ئىشەنچلىك ئورۇندا ساقلانغان قۇرئان كەرىم ۋاراقلىرىنى توپلايدۇ. توپلانغان بۇ ئايەت ۋە سۈرىلەر قارىيلارنىڭ

يادلىغانلىرىغا سىڭدۈرۈلمىگەن سىلىنشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن تەرتىپ بويىچە توپلىنىپ خەلىپە ئەبۇ بەكرىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپەيتىلىشى:

ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان زامانىدا ئىسلام دىنى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەر قايسى مەملىكەتلەرگە ئوقتەك تېز تارقىلىشقا باشلايدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەملىكەت ۋە شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدىمۇ قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرىدىن بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. چۈنكى يادقا ئوقۇلغان ئايەت ۋە سۈرىلەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدىغان ئاز تولا خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ئەسلىسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئېھتىياج يۈزىسىدىن، قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرىنى كۆپەيتىشكە قارار بېرىلىدۇ. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قۇرۇلغان «قۇرئاننى نۇسخىلارغا كۆپەيتىش كومىتېتى» نىڭ رەئىسى يەنە زەيد ئىبنى سابىت ئىدى. كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قۇرئان سۈرىلىرىنى ئەسلىي نۇسخىدىن كۆچۈرۈپ يېزىش ئىشىدا ئالاھىدە يېتىشكەن مۇتەخەسسىسلەر ئىدى. كومىتېتنىڭ ئەمگىكى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ 6 نۇسخىسى كۆچۈرۈلۈپ چىقىلىدۇ. خەلىپە ئوسماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەزكۇر قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرى مەككە، مىسىر، شام، بەھرەين، يەمەن قاتارلىق ئىسلام مەملىكەتلىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ ۋە بىر نۇسخىسى مەدىنىدە قالدۇرۇلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇنداق ئۆز پېتى ساقلىنىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق ئامىل نېمە؟

ئاللاھ تائالا ساماۋىي كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان قۇرئان كەرىمنى، ئۆزى ھىمايە قىلىشقا ۋەدە قىلغاندىن سىرت، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن پېتى ساقلاشنىڭ پۈتۈن شەرت-شارائىتلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆنى چۈشكەن پېتى ساقلاپ، ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارغا سالامەت يەتكۈزگەن. شۇڭا قۇرئان كەرىم ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە بورمىلاشلاردىن پۈتۈنلەي خالى، بىزلەرگىچە ئۆز پېتى بىلەن يېتىپ كەلگەن يېگانە كىتاب.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى چۈشكەن پېتى ساقلاش ئىشىدىكى ھوشيارلىقى ۋە چېكىگە يەتكەن ئېھتىياتچانلىقى، دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەھۋال. بۇنىڭغا مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، بەلكى غەيرى دىندىكى بىلىم ئەھلىلىرىمۇ گۇۋاھ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلگەنلىكىدىكى سىر:

قۇرئان كەرىم يادقا ئېلىش ۋە يېزىپ قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدىن چۈشۈپ تۇرغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ساھابىلارغا يادقا ئالدۇرۇش ۋە

تېرىلەرگە، خورما يوپۇرماقلىرىغا يازدۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتلەرنى چۈشۈۋاتقان پەيتىدە يادقا ئېلىۋېلىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بېرەتتى، ھەتتا جىبرىل ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئايەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ شۇ لەھزىنىڭ ئۆزىدە يادلىۋېلىشقا ئالدىراپ تىلىنى مىدىرلىتاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭغا تولۇق ئۆگىتىپ توپلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى مۇنۇ ئايەت بىلەن خاتىرجەم قىلغان: ﴿لَا تُحَرِّكْ بِهِ لِسَانَكَ لِتَعْجَلَ بِهِ ، إِنَّ عَلَيْنَا جَمْعَهُ وَقُرْآنَهُ ، فَإِذَا قَرَأْنَاهُ فَاتَّبِعْ قُرْآنَهُ﴾ تەرجىمىسى: «ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئەگەشكىن».[11]

مۇندىن باشقا جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمدىن نازىل بولغان پۈتۈن ئايەتلەر ۋە سۈرىلەرنى ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر قېتىم باشتىن ئوقۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشى ئالدىدىكى رامىزاندا جىبرىل قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭغا باشتىن ئاخىر ئىككى قېتىم ئوقۇپ بېرىپ، يەنە تىڭشىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئەقلىنى ۋە ۋاقتىنىڭ كۆپرەكىنى قۇرئان كەرىمنى تەكرارلاشقا ۋە ئۇنى پىششىق يادلىۋېلىپ، ئۆز پېتى ساقلاش ئىشىغا ئاتىغان ئىدى. شۇڭا بەش ۋاخ نامازلىرى، كېچىلەردىكى تەھەججۇدلىرىدا، سەپەرلىرىدە، ھەتتا ئۇرۇش ئەسناسىدا ئاغزىدىن قۇرئان كەرىم چۈشمەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن چۈشكەنلىرىنى ئۆز ۋاقتىدىلا ساھابىلارغا يادقا ئالدۇراتتى، ئۇلارغا قۇرئان كەرىمدىن ساۋاق بېرەتتى ۋە قانداق يادلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتەتتى، ساھابىلارمۇ قۇرئان كەرىمنى يادلاش ئىشىغا پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ھەممىشە پەيغەمبەر

---

(11) قىيامەت سۈرىسى16-19- ئايەتلەر.

ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئاز-ئازدىن چۈشۈپ تۇرغان ئايەتلەرنى تىزلا يادلىۋالاتتى ۋە يادلىغان ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ۋە ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇلار قۇرئان كەرىمنى يادلاشتا ئۆزئارا بەسلىشەتتى، كېچىلىرى مەسجىدلەرگە كىرىۋېلىپ بەس-بەستە قۇرئان يادلايتتى، يادلاپ بولغانلىرىنى تەكرارلايتتى، ھەتتا كېچىلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى مەسجىدلەردىن قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى يۇكسىلىپ تۇراتتى.

قۇرئان كەرىمدىن باشقا ساماۋىي كىتابلار يادقا ئېلىنمىغان:

ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كۆپلىگەن كىتابلارنى چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ كىشىلەر يادلاپ باققان ئەمەس. ھەتتا ئۆتمۈشلەردە تەۋرات بىلەن ئىنجىللارنى ھەر قانداق بىر ئاۋام ئوقۇيالمايتتى، پەقەت دىن ئادەملىرىلا ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا يادلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالىملاردىن باشقا خەت ئوقۇشنى بىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما قۇرئان كەرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ساھابىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى يادىسىغا بىلەتتى.

دۇنيا تارىخىدا قۇرئان كەرىمدىن باشقا بىرەر كىتابنى بۇنچىلىك زور ئەھمىيەت بېرىپ يادقا ئېلىش ئۆتمۈشلەردە ياكى ھازىردا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. بۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيا گۇۋاھ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تاقىيامەتكىچە ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىپ قوغداشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ قۇرئان كەرىمنى ساقلاشنىڭ سەۋەب ۋە تۈرتكىلىرىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمنى يادلاشنى ئەڭ شەرەپلىك ئىبادەت قاتارىدىن ساناپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىدا ئۇنى يادلاش ئوتىنى ياندۇرغانلىقى ۋە ئۇنى يادلاشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى، ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا يېزىپ ساقلاشنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئىدى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ يَسَّرْنَا الْقُرْآنَ لِلذِّكْرِ فَهَلْ مِن مُّدَّكِرٍ﴾ تەرجىمىسى:

«بىز ھەقىقەتەن قۇرئاننى يادلاش ئۈچۈن ئاسان قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟» [12]

مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمدىن باشقا ھېچقاندا بىر ساماۋىي كىتابنى ياكى ھەدىسنى يادلىغانلىغا ياكى ئوقۇغانلىغا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلغانلىغىلا ساۋاب بېرىش ۋەدە قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا ھازىرغىچە دۇنيادا قارىيلار ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم قۇرئان كەرىمگە بىرەر ھەرپ چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيدۇ. قۇرئان كەرىمنى ھازىر مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرمۇ مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ھەر خىل مەنپەئەتلەر يۈزىسىدىن نەشىر قىلىپ تارقىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپكە چاغلىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىگەن.

ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغان ساھابىلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۇففار ئەرەبلەردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدىن خەت بىلىدىغانلىرىدىن ھەر بىرىنى 10دىن مۇسۇلمان بالىسىغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشى شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىش سىياستىنى قوللىنىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى، خۇسۇسەن شۇ ۋاقىتتىكى ياشلاردىكى ئومۇمى ساۋاتسىزلىقلارنى تۈگەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت نازىل بولغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى ئۆز ۋاقتىدىلا، مەخسۇس ۋەھيى كاتىپلىرىغا بۇيرۇپ يازدۇرۇپ ماڭاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى ساماۋىي كىتابلارنىڭ پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەر خىل ئۆزگەرتىلىش ۋە يەڭگۈشلىنىشلەرگە ئۇچراش نەتىجىسىدە ئۆز ئەسلىنى يوقاتقانلىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، قۇرئان كەرىمنىڭ تا قىيامەتكىچە ئۆز پېتىچە ساقلىنىشى يولىدا، ئاللاھنىڭ ئىلھامى بىلەن بار چارە- تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمنى يادقا ئالدۇرۇپ، شۇ زامانلاردا قەغەزنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان

(12) قەمەر سۈرىسى 22- ئايەت .

نەرسىلەرگە يازدۇرۇپ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلى، قۇرئان كەرىمنىڭ مەڭگۈگە چۈشكەن پېتى ساقلىنىپ قېلىشىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئامىللىرىدىن بىرى بولغان ئىدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ كىتاب شەكلىگە كەلتۈرۈلۈشى:

قۇرئان كەرىم بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىلمۇ توشماستىن، ھىجرىيىنىڭ12-يىلى (631-مىلادى) يەمامە ئۇرۇشىدىن كېيىنلا، رەسمىي كىتاب شەكلىدە توپلانغان. قۇرئان كەرىمنى كىتاب ھالىدا توپلاش پىكرىنى ئوت يۈرەك ساھابە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئاندىن ساھابىلارنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئان كەرىمنى توپلاش پىكرىگە ھەممە بىردەك ئىتتىپاقلا كەلگەن. ئاندىن قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىدە توپلاپ چىقىش ئىشىنى زەيد ئىبنى سابىت باشچىلىقىدىكى «كۈتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئۈستىگە ئالغان.

زەيد ئىبنى سابىت:

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس كاتىپى ۋە «كۈتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ، قارىيلارنىڭ ئەڭ سەرخىلى، پەۋقۇلئاددە زېرەك، ھۇشيار ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئالاھىدە يۇقىرى كىشى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، كېيىن خەلىپىلەر ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس كاتىپ قىلىپ تەيىنلىگەن.

زەيد ئىبنى سابىت، جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باشتىن ئاخىر ئوقۇپ بېرىپ، يەنە ئۇنىڭدىن تىڭشىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان، ئىشەنچلىكلىكى، ئېھتىياتچانلىقى ۋە تەقۋالىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايىل قىلغان ساھابىلارنىڭ بىرى ئىدى.

«كۈتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ قۇرئان كەرىمنى توپلاشتا

قوللانغان ئۇسۇلى:

زەيد ئىبنى سابىت رىئاسەتچىلىكىدىكى«كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتى ئەزالىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى توپلاپ، كىتاب شەكلىگە كىرگۈزۈشتە دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك مېتودنى قوللانغان.

بۇ مۇنداق بولغان: «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تېرىلەرگە، سىلىق تاشلارغا، خورما دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىغا ۋە بەزى يوپۇرماقلىرىغا، شۇنداقلا تۆز سۆڭەكلەرگە يېزىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى شۇ ۋاقىتتىكى قارىيلارنىڭ يادلىغانلىرىغا بىر-بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ، ھەر بىر قارىيدىن تىڭشىغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ توغرىلىقىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە يېزىپ ساقلانغان ئايەتلەردىن ھەر بىر ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا يېزىلغانلىقىغا ئىككى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىشنى شەرت قىلغان. ئۇلار ھەر بىر ئايەت ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا، ئۇنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن يېزىلغانلىقىغا ئەڭ ئاز ئىككى گۇۋاھچىنى قەسەم قىلدۇراتتى، ئاندىن شۇ ئايەتنىڭ ئۆزىنى قارىيلاردىن تىڭشاپ كۆرەتتى، قارىيلارنىڭ ئوقۇغىنى بىلەن يېزىلىپ ساقلانغىنى ئەينەن چىقسا، ئاندىن ئۇنى رەسمى قۇرئان كەرىم قاتارىدىن ساناپ خاتىرىلەپ ماڭاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا رەتلەپ قويغان تەرتىپ بويىچە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىزىپ چىقىپ، قۇرئان كەرىمنى ھازىرقى كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەن.

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن چۈشكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاپشۇرۇپ ئالغان پېتى مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈش

ۋەزىپىسى ھەم شەرەپلىك ھەم خەتەرلىك چوڭ بىر ۋەزىپە ئىدى. قۇرئان كەرىمنى توپلىغان«كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار بۇ ئىشتا قىلچە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان كەچۈرۈلمەس چوڭ خىيانەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ناۋادا قىلچىلىك سەۋەنلىك ئۆتۈلسە، ئۆزلىرىنىڭ خۇددى ئىلگىرىكى يەھۇدىي، خىرىستىيان ئالىملىرىغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ تا قىيامەتكىچە ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا لەنەتكەردى بولۇپ قېلىش خەۋپىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلاتتى ۋە ياخشى بىلەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋەھىيلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا ۋە كېيىنچە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى توپلاشقا بەلگىلەنگەن «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ساھابىلارنىڭ ئەڭ مۇكەممەل قارىيلىرىدىن تاللاپ چىقىرىلغان ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ ئالىم، ئەڭ ھوشيار ۋە چېكىگە يەتكەن ئېھتىياتچان شەخسلەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىنى جەملەپ، ئۇلارنى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش ئىشى ئۈچۈن ساق بىر يىل ۋاقىت كەتكەن.

قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىدە توپلاشقا تۈرتكە بولغان سەۋەب:

ساھابىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى قۇرئان كەرىمنى يادىسىغا بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىدە توپلاپ ئوقۇشقا زور ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئېغىزدىن-ئېغىزغا يۆتكىلىپ يۈرگەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ھەتتا ئۇنى يادقا ئالمىغان ساھابىلار ئۈچۈنمۇ تونۇشلۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش پىلانى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەد (ئىسلامدىن يېنىۋالغان) ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بولغان، تارىختا«يەمامە ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان ئۇرۇشتا ساھابىلاردىن كۆپ كىشىنىڭ شېھىد بولغانلىقى، ھەتتا قارىيلاردىن بۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا 70تىن كۆپرەك كىشىنىڭ شېھىد بولغانلىقى سەۋەبلىك،

مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى يادلىغان قارىيلار تۆگەپ كەتسە، ئۇنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەردىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش خەۋپىنى ھېس قىلغان. شۇنداق قىلىپ ساھابىلار قارىيلارنىڭ تۆگەپ كېتىشى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى رەتلەپ قويغان ئايەت ۋە سۈرىلەرنى شۇ تەرتىپى بويىچە كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈپ توپلاش قارارىغا كەلگەن.

قۇرئان كەرىمنىڭ توپلىنىشىدىكى خۇسۇسىيەتلەر:

قۇرئان كەرىمنىڭ تۇنجى قېتىم قەغەز يۈزىگە توپلىنىپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلىشىدىكى خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكىلەر:

1.قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى بىر تومغا توپلاپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈش پىكرىگە ساھابىلارنىڭ پۈتۈن ئۆلىمالىرى ھەممە بىردەك ئىتتىپاقتا كەلگەن.

2. تىلاۋىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان ئايەتلەرنىلا توپلىغان، تىلاۋىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەتلىگەن تەرتىپتىن ئورۇن ئالمىغانلىرىنى قۇرئان كەرىم توپلىمىغا كىرگۈزمىگەن.

3.قۇرئان كەرىمنى قۇرئان كەرىم چۈشكەن 7 خىل ئەرەب شىۋىسى بىلەن توپلاپ چىققان.

4. ئايەت ۋە سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى بىز ھازىر ئوقۇۋاتقان تەرتىپ بويىچە تىزىلغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ نۇسخىلارغا كۆپەيتىلىشى:

قۇرئان كەرىم ھىجرىيىنىڭ 25-يىلى (645-مىلادى) ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە، ئۇنىڭ مەخسۇس پەرمانى بىلەن نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىلگەن. قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىش پىكرىنى قارىيلارنىڭ پېشىۋاسى ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ پىكىرنى خەلىپىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلىمالار قوللىغان.

قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولغان سەۋەب:

قۇرئان كەرىمنى ھەر بىر قارىينىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان شىۋىدە ئوقۇشى ۋە ھەر بىرى قارىينىڭ ئۆزى ئوقۇغان شىۋىنى ھەممىدىن ئەۋزەل سانىشى نەتىجىسىدە چىققان ئىختىلاپنى يوق قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى ھەممە بىر خىل قىرائەت ۋە بىر خىل شىۋىدە ئوقۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن قۇرئان كەرىمنى بىرلا قۇرەيش شىۋىسىدە نۇسخىلاندۇرۇپ، ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرىگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتكەن.

قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇش ئىشىنى «كۇتتابۇلۋەھيى» كومىتېتىنىڭ رەئىسى زەيد ئىبنى سابىت، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇراھمان ئىبنى ھارىس قاتارلىق قاربي ساھابىلار ئۈستىگە ئالغان. قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا توپلانغان قۇرئان كەرىم نۇسخىسىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدىن سوراپ ئېلىپ كېلىپ، نۇسخىلارنى قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ نۇسخىلاندۇرغان، ئاندىن ئەسلى نۇسخىنى يەنە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قايتۇرۇپ بېرىپ، يېڭى نۇسخىلاردىن بىرىنى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى ئىسلام ئەللىرىدىن ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن قۇرئان كەرىمنى بىردىن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن ۋە ھەر جايدا قۇرئان كەرىمنىڭ مۇشۇ نۇسخىسىنى ئوقۇش توغرۇلۇق مەخسۇس پەرمان چىقارغان. ئاندىن مۇشۇ قېتىم نۇسخىلاندۇرغاندىن باشقا قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۇرۇپ تاشلىغان.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا نۇسخىلاندۇرغان قۇرئان كەرىم زامانىمىزدا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا

ئوقۇلىۋاتقان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ نۇسخا «مۇسھەف ئوسمانى» (ئوسمانىي قۇرئان) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:

قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاندۇرۇپ كۆپەيتىش ئىشىدىكى خۇسۇسىيەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1.قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەت ۋە سۈرىلىرىنىڭ تەرتىپى ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان تەرتىپنىڭ ئۆزى ئىدى.

2.قۇرئان كەرىم نۇسخىلارغا كۆپەيتىلگەندە ھەرپلەر چېكىت ۋە پەشلەردىن خالى ئىدى.

3.قۇرئان كەرىم 7شىۋىدە ئوقۇغىلى بولىدىغان شەكىلدە پۈتۈلگەن.

4. خەلىپىنىڭ پەرمانى بىلەن ساھابىلار «مۇسھەف ئوسمانىي» نىلا ھېساب قىلىپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا كۆپەيتىلگەن قۇرئان كەرىم نۇسخىلىرى 5 ئىدى، دېگەنلەرمۇ ۋە 6 ئىدى، دېگەنلەرمۇ بار. ئەمما خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسىر، بەھرەيىن، يەمەن، مەككە، بەسرە قاتارلىق شەھەرلەرگە بىردىن قۇرئان كەرىمنى بىردىن قارى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئېنىق.

ھەزرىتى ئوسمان زامانىدىكى قۇرئاننىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى ھازىر نەدە؟.

ھەزرىتى ئوسمان زامانىدا توپلىنىپ ۋە ھەر قايسى ئىسلام شەھەرلىرىگە ئەۋەتىلگەن قۇرئان كەرىمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقاپ كەتكەن. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى قولىيازما نۇسخىلاردىن بىرى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە، يەنە بىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپى سارىيى «مۇقەددەس ئامانەتلەر

مۇزىيى» دا، يەنە بىر نۇسخىسى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى «مۇسۇلمانلار ئىدارىسى»نىڭ كۇتۇبخانىسىدا، تامغا ئورنىتىلغان مەخسۇس ئەينەك جىھازنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى سۆزلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە ئوقۇش قائىدىلىرى ۋە بەلگىلىرىنىڭ قويۇلىشى

ئىلگىرى ئەرەب ھەرپلىرى چېكىتسىز يېزىلاتتى. مەسىلەن: (ب،ت،ث،ي،ن)، (ج،ح،خ)، (د،ذ)، (ر،ز)، (س، ش)، (ص، ض)،(ع،غ)، (ط، ظ)، (ف،ق) قاتارلىق ھەرپلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېكىتلەر يوق ئىدى. لېكىن ئەرەبلەر ئادىتى بويىچە بۇ چېكىتسىز ھەرپلەرنىڭ قايسىسى (ب)، قايسىسى (ت) ۋە قايسىسى(ث) ئىكەنلىكىنى سۆزنىڭ باش-ئاخىرىغا قاراپلا، ھېچبىر قىيىنچىلىق ھېس قىلماستىن بىلىۋالاتتى ۋە توغرا ئوقۇيتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇش بەلگىلىرىنى بېكىتىشكە ھاجەت يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتۈپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، ئىسلام دىنى ئەرەب ئەمەس قەۋملەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشقا بولغان زور ئېھتىياجى ئەرەب ئەمەس قەۋملەرنىڭ ئەرەب تىلىنى توغرا ئوقۇشى ئۈچۈن، مەخسۇس قائىدە بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئۆز تىلىدا چۈشكەن بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەرپلىرىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، توغرا ئوقۇپ كېتەلىگەن بىلەن، ئەرەب ئەمەس مىللەتلەر ئۇنى ئەرەپلەردەك ئوقۇيالمايتتى.

ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكا قائىدىسىنى ۋە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ ئوقۇلۇش بەلگىلىرىنى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان ئادەم تابىئىن (ساھابىلارنى كۆرگەن ئىككىنچى ئەۋلاد) ئۆلىمالىرىدىن ئەبۇلئەسۋەد دۇئىلى (606-688م) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ تۆتىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب (601-

660م)نىڭ ئەمرى بىلەن بۇ ئىشنى باشلاپ، ھەرپلەرنىڭ فەتھە (ـَ)، كەسرە (ـِ)، داممە (ـُ) قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى بېكىتىپ چىققان. فەتھە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئۈستىگە بىر چېكىت قويۇش بىلەن، كەسرە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئاستىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، داممە ئالامىتىنى ھەرپنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چېكىت قويۇش بىلەن، سۇكۇن ئالامىتىنى ئىككى چېكىت بىلەن ئايرىۋالغىلى بولىدىغان قائىدىنى تۈزۈپ چىققان.

كېيىن خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەلفەراھىيدىي كېلىپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا ھازىرقى زىر(ـَ)، زىۋەر (ـِ)، ۋە پېش (ـُ) بەلگىلىرىنى قويۇپ تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ پۇختا ئۇسۇلنى ئىجاد قىلغان.

ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ چېكىتلىرى ۋە بەلگىلىرىنى تۈنجى بولۇپ ئىجاد قىلغان ئالىم خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەل فەراھىدى (718ـ790م) دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ يەنە ھەمزە، شەددە ۋە باشقا بەلگىلەرنى تۈزۈپ چىققان. كېيىنچە ئەرەب تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسىنى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب تىلىنىڭ ئوقۇش قائىدىلىرى، ھەرپلەرنىڭ بەلگىلىرى، ھەرىكەتلىرى مۇقىملىشىپ، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ خەت ئۇسلۇبى كۈندىن-كۈنگە كۆركەم ۋە چىرايلىق ھالغا كېلىپ، تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكەن. قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىر بىز ئوقۇۋاتقان شەكلى ھىجرىيە 3ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدىن بېرى قۇرئان كەرىمنىڭ شەكلى بىر خىل بولۇپ كەلمەكتە.

دېمەك؛ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، كائىناتنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى، ئىنساپ ئىگىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرى، قورقۇنچاق ھەسەتخورلارنىڭ دەرد-پەرياتلىرى، تۆھمەتخورلارنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرى بىزنى شەكسىزكى، «كىلىچەكنىڭ ئىسلامغا مەنسۇپ» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىرلا نەتىجىگە باشلايدۇ. جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەھمىتىگە مۇيەسسەر قىلسۇن.

وصلى الله على سيدنا محمد وعلى آله وصحبه أجمعين.